# ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە

ئەنۋەر سەمەد قورغان

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔家谱论：维吾尔文 / 安尼瓦尔·赛买提著．--
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.6
ISBN 978-7-228-13414-4

Ⅰ．①维… Ⅱ．①安… Ⅲ．①维吾尔族-家谱-研究-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ．①K820.9

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 097182 号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 阿合买提·买明·塔里米 |
| **责任校对** | 阿依古丽·沙比提，热娜古丽·阿布里米提 |
| **封面设计** | 艾来提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 昌吉州升华印刷有限责任公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米 1/32 |
| **印　　张** | 8.25 |
| **版　　次** | 2010 年 6 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2010 年 6 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1 — 3000 |
| **定　　价** | 20.00 元 |

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى بۆلۈم: نەسەبشۇناسلىق ھەققىدە** ........................................................ 5

1. نەسەبشۇناسلىق، ئائىلە ۋە جەمەت ........................................................ 5

2. نەسەبشۇناسلىقنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى ........................................................ 23

3. نەسەبشۇناسلىقتىكى تەتقىقات مەزمۇنلىرى ........................................................ 34

4. نەسەبشۇناسلىق ۋە يىلتىز ئىزدەش ........................................................ 38

**ئىككىنچى بۆلۈم: ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە** ........................................................ 46

1. ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەبنامىچىلىك ئەنئەنىسى ........................................................ 46

2. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ........................................................ 56

**ئۈچىنچى بۆلۈم: نەسەبنامە ھەققىدە** ........................................................ 60

1. نەسەبنامىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەر نەسەبنامىلىرىدىن ئۆچۈرلار ........................................................ 60

2. نەسەبنامىلەرنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ........................................................ 73

3. نەسەبنامىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەھمىيىتى ........................................................ 76

4. ئىلگىرىكى نەسەبنامىلەرنىڭ چەكلىملىكى ........................................................ 82

5. نەسەبنامە، نەسلشۇناسلىق ۋە ئىرسىيەتشۇناسلىق ........................................................ 85

**تۆتىنچى بۆلۈم: نەسەبنامىنى تۈزۈشنىڭ يوللىرى** ........................................................ 95

1. نەسەبنامىنىڭ تۈرلىرى ........................................................ 95

2. نەسەبنامە تۈزۈشتە دائىم كۆرۈلىدىغان ئون خىل خاتالىق ........................................................ 99

3. نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنلىرى ........................................................ 104

4. نەسەبنامىدە تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەش سىستېمىسى ........................................................ 115

5. ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى ........ 124

6. جەمەت نىشانلىرى ........ 132

7. نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى ........ 148

8. نەسەبنامىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش، ساقلاش ۋە پايدىلىنىش ........ 219

**بەشىنچى بۆلۈم: ئائىلە - جەمەت شەجەرىسى** ........ 226

1. شەجەرە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 226

2. شەجەرە سىخېمىسىدىن ئۆرنەكلەر ........ 240

**پايدىلانغان ماتېرىياللار** ........ 252

**خاتىمە** ........ 254

# بىرىنچى بۆلۈم: نەسەبشۇناسلىق ھەققىدە

## 1. نەسەبشۇناسلىق، ئائىلە ۋە جەمەت

نەسەبشۇناسلىق ئائىلە ـ جەمەت زەنجىرىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەشغۇلات ياكى ئىلىمنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ مەلۇم ئائىلىنىڭ ئەجدادلىرىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئالاقىدار تارىخىي ئۇچۇرلار ياردىمىدە ئېنىقلاش ئارقىلىق، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان مەلۇم كىشىلەر توپىنىڭ بىئولوگىيىلىك، ئىرسىي ۋە ئائىلىۋىي مۇناسىۋەت خەرىتىسى ياكى سخېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىر مەشغۇلاتتۇر.

ياۋروپا تىللىرىدا «نەسەبشۇناسلىق» مەنىسىنى بېرىدىغان سۆز «گېنېئالوگىيە» (Genealogy) دۇر. بۇ سۆز "gen" ۋە "logy" دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدا "gen" دېگىنى يىلتىز، مەنبە دېگەنلىكتۇر؛ "logy" بولسا "تەلىمات، ئىلىم" دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىككى سۆز قوشۇلۇپ Genealogy بولغاندا، ئۇ بىرەر ئىش ياكى نەرسىنىڭ مەنبە ـ يىلتىزىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئىلىم دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ ئىلمىي ئىبارىنى ئۇيغۇر تىلى بويىچە "مەنبەشۇناسلىق" ياكى "يىلتىزشۇناسلىق" دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. دەرۋەقە، «گېنېئالوگىيە» ئىبارىسى كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، مۇناسىپ ھالدا ئۇ كەڭ مەنىدە ھەر قانداق بىر شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە ئىزدەشتەك ئىلمىي پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتا بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى چەتئەل مەنبەلىك تەركىبلەر (جۈملىدىن باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدىن كىرگەن ئوبرازلار، ھېكايە ۋەقەلىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ژانىر ـ تۈرلەر، ...) نىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش تەتقىقاتى گېنېئالوگىيىلىك ياكى مەنبەشۇناسلىق بويىچە تەتقىقات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىبارە تار مەنىدە قوللىنىلغاندا ئۇ يەنە ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىرى، بىر جەمەت (ياكى ئائىلە) نىڭ كېلىپ چىقىشىنى شۇ جەمەتتىن چىققان شەخسلەرنىڭ ھەم باشقا ئەجدادلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ تۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ياكى ھەر بىر شەخس ۋە ئۇنىڭ

ئائىلىسى ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن قانداق داۋام قىلىپ كەلگەن دېگەننى تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ يىلتىز ـ ئەجدادلىرىنى قانداشلىق زەنجىرى يۆنىلىشى بويىچە ئىزدەش، شەخس ياكى جەمەتنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئېنىقلاشتەك كونكرېت پائالىيەت. چەتئەل ئىلىم ساھەسىدە Genealogy ئىبارىسى بەزىدە مەنبەشۇناسلىق مەنىسىدە قوللىنىلسا، يەنە بەزىدە كونكرېت نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئەھۋالمۇ باردۇر. مەيلى نېمىلا بولسۇن، "گېنېئالوگىيە" سۆزىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق مەنىسى ئۇنى ئائىلە تارىخى ئۇستىدىكى تەتقىقات ياكى ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدىشى دەپ ئىزاھلاشتۇر.

نەسەبشۇناسلىق ئىبارىسى مەنا ئېتىبارى بىلەن ئەجدادتىن ئەۋلادقا قەدەر قانداشلىق زەنجىرىنى ئىزدېمەك دېگەنلىك، ياكى نەسەب زەنجىرى ھەم ئائىلە شەجەرىسىنى تەتقىق قىلماق دېگەن ئىككى خىل مەنىدە كېلىدۇ. كەڭرەك مەنىدە ئۇنىڭدىكى نۇقتىلىق ئىش بىر جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ ئەجدادلىق لېنىيىسىنى ئىمكانقەدەر يىراق تارىخ ئىچىدىن ئىزدەشتىن ئىبارەت. بۇنداق تەتقىقات كۆپىنچە جەمەت ياكى ئائىلە تارىخىنى ھەم جەمەت ئەنئەنىسىنى بىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، نەسەبشۇناسلىقتا تەتقىق قىلىنىدىغان تۈپ مەسىلە ــــ نەسەب مەسىلىسىدۇر. ئۇنداقتا نەسەب دېگەن نېمە؟ «نەسەب» ( النسب ) ئىبارىسى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسىم شەكلى مەنا جەھەتتىن "ئۇرۇق ـ تۇغقان"، "نىكاھ مۇناسىۋىتى" ۋە "قانداشلىق مۇناسىۋەت" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسە، پېئىل بولۇپ كەلگەندە "بىرەر كىشىنىڭ ئەجداد يىلتىزىنى سۈرۈشتە قىلماق" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز يەنە "نىسبەت بەرمەك"، "تەۋە دەپ بىلمەك" دېگەن مەنىلەردە تۈرلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەندە «كېلىپ چىقىش»، «ئۇرۇغ»، «جەمەت» ۋە «ئەجداد» دېگەن مەنىلەر بويىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ ئىبارە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا يەنە ئۇيغۇر تىلىدا «نەسەبچىلىك» (نەسەب سۈرۈشتۈرۈش)، «نەسەبسىز» (نەسەبى تونۇلمىغان)، «نەسەبلىك» (نەسەبى ئابرويلۇق، ئەجدادلىرى مەشھۇر) قاتارلىق سۆزلەر تۈرلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، نەسەبشۇناسلىقتا تەتقىق قىلىنىدىغان ئاساسلىق مەسىلە ــــ ئۇرۇق ـ

تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان، بىر ئائىلە ياكى جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ چىقىشتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، بىر ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئارقىلىق يېزىلىدىغان ئائىلە ـ جەمەت تارىخى —— نەسەبنامىدۇر. مۇناسىپ ھالدا، ياۋروپا تىللىرىدا Genealogy ئىبارىسى يەنە «نەسەبنامە» دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. نەسەبنامە ئوخشىمىغان مىللەرلەردە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. ھەتتا بىر مىللەت تىلىدا نەسەبنامىنىڭ ئوخشىمىغان سۆزلەردە ئاتىلىش شەكىللىرىمۇ بار. مەسىلەن، خەنزۇلاردا نەسەبنامە 宗谱، 世谱، 族谱، 家谱، 家乘، 会通谱، 支谱، 房谱 قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالسا، ئىنگلىز تىللىق مىللەتلەردە نەسەبنامە Genealogy ياكى Family Tree (ئائىلە ياكى جەمەت دەرىخى مەنىسىدە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن "تۆز بىتىك" دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇمدۇر. بۇ يەردە "تۆز" ئىبارىسى "ئائىلە" ياكى "جەمەت" دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، "بىتىك" ئىبارىسى ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك "پۈتۈك"، "كىتاب" يازما مەنىلىرىدە كېلىدىغان بىر سۆزدۇر. ئۇنىڭدىن سىرت نەسەبنامە مەنىسىنى بېرىدىغان يەنە بىر سۆز "جۇرۇڭقاي" ھازىر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە. "جۇرۇڭقاي" ئىبارىسىنىڭ قەدىمكى ئالتاي تىللىرىغا ئورتاق بىر سۆز ئىكەنلىكى مەلۇم. چۈنكى موڭغۇل تىلىدا "جورۇخەي" دېگەن بىر سۆز بار بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ مەنىسى "كالېندار"، "يىل ھېسابى" دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمال شەكلىدىن بىز "بىر جەمەتنىڭ تارىخىنىڭ يىل ھېسابى" دېگەن مەنىنى چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇنداقتا قەدىمدە ئۇيغۇرلادىمۇ نەسەبنامىلەرنىڭ "جۇرۇڭقاي" دەپ ئاتالغانلىقىغا جەزم قىلالايمىز.

نەسەبشۇناسلىق ئىلمىدە تەتقىق قىلىنىدىغان تۈپ مەسىلە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئائىلىۋىي مۇناسىۋىتى، يەنى ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، نەسەبنامىدە ئائىلە ياكى جەمەتتىن ھالقىغان كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى مۇلاھىزە قىلىنمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئائىلە ياكى جەمەت نەسەبشۇناسلىق ئىلمىدە ئالدى بىلەن چۈشىنىشكە تېگىشلىك بىر ئۇقۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئەڭ قەدىمىي شۇنداقلا ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك مۇناسىۋەت دەل ئائىلىۋىي مۇناسىۋەتتۇر. ئائىلە نىكاھ مۇناسىۋىتى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەت ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر خىل تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، ئۇ مەنا ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا ئورتاق تۇرالغۇ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە ئەۋلاد تۇغۇشنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلغان بىر خىل ئىجتىمائىي گۇرۇھتۇر. ئوخشىمىغان جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتتە ئوخشىمىغان ئائىلە ئەندىزىسى شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئوخشىمىغان ئائىلە ئۆرپ ـ ئادىتى، ئائىلە ئەنئەنىسى ۋە ئائىلە مەدەنىيىتى كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسان تارىخىدىكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر بىرى بىلەن قانداشلىق ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىچىك ئائىلىلەر مەلۇم بىر جۇغراپىيىلىك رايوندا ئولتۇراقلىشىپ مەھەللىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. يەنە بىر خىل ئەھۋالدا، كېيىنكىرەك دەۋرلەردە بەزى ئائىلىدىكى ئەزالار ئۆز مەھەللىلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆزلىرى بىلەن قانداشلىق ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندا، بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ جەمەت ھەققىدىكى قاراشلىرى سىرتقىي تەسىرگە مۇقەررەر ئۇچراپ تۇرغان ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانچە سۇسلىشىپ كەتكەن. بۇنداق يۈزلىنىش ھازىرقى زاماندىكى چوڭ شەھەرلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا.

نەسەبشۇناسلار بىر جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋەتلىرىگە دىققەت قىلغان ۋاقىتتا، ئائىلىسىنى بىئولوگىيىلىك مۇناسىۋەت ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن تۈزۈلگەن بىر تور سۈپىتىدە تونۇيدۇ. دەرۋەقە، ھەربىر نەسەبشۇناس ئائىلە (جەمەت) نىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئۇلارغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنداقتا، ئائىلە ياكى جەمەتنى قانداق نۇقتىلاردىن چۈشىنىش مۇمكىن؟

1. ئائىلە ــ يەككە شەخسلەردىن بىرلەشكەن گەۋدە.

ئائىلە ــــ تارىخنىڭ ئەڭ ئاددىي شەكلى، شۇنداقلا ھەر بىر يەككە شەخسنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى روي بېرىدىغان سورۇندۇر. ئەمما بۇنداق سەرگۈزەشتلەر شۇ شەخسكە ئائىت

پاكىتلارلا بولۇپ بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى شۇ شەخسنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى يۈز بېرىدىغان جايدۇر. بىر ئائىلىدە ھەرخىل مۇناسىۋەتتىكى بىرقانچە كىشى بىللە ياشايدۇ، ئۇلار بىر-بىرىگە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۇلار يەككە ئادەمدۇر. بۇ يەككە ئادەملەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى بار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تارىخى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ تارىخىنى تەشكىل قىلىدىغان تەركىب بولالايدۇكى، ئەمما ئائىلىسىنىڭ تارىخى ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا، جەمەتتىكى ھەربىر كىشىنى يەككە گەۋدە دەپ تونۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتىلىرىنى يورۇتۇش — نەسەبشۇناسلىقتا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. ئائىلە — تۇرالغۇنى مەركەز قىلغان تۇرمۇش ئەندىزىسى.

بىر ئائىلىگە مەنسۇپ كىشىلەر مۇئەييەن بىر تۇرالغۇ دائىرىسىدە بىر-بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ. ئائىلىمۇ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش بىر ھاياتىي جەريانغا ئىگە بولىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كۆلىمى كېڭىيىدۇ ياكى تارىيىدۇ، شۇنداقلا قۇرۇلمىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە ئائىلىلەردە بىرقانچە بوغۇن[①] كىشى، ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە بىر تۈركۈم ئادەم بىللە ياشايتتى. يېقىنقى دەۋرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئائىلىلەرنىڭ ئەندىزىسى ئاساسەن ئاتا-ئانا، پەرزەنت ۋە بوۋا-موملاردىن ئىبارەت ئۈچ بوغۇن بىللە ياشاشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. ئەمما ھازىرقى دەۋرلەردە مۇتلەق كۆپ ئائىلىلەر كىچىك ئائىلە ئەندىزىسىگە قاراپ يۈزلەنمەكتە.

3. ئائىلە — بىر خىل مەنىۋى، ئىجتىمائىي سىستېما.

ئائىلە شۇ مۇناسىۋەتكە ئىگە كىشىلەر ياشايدىغان تۇرالغۇ بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى ئۇ شۇ كىشىلەرنى ھېسسىي جەھەتتە بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان، بىر-بىرىگە قارىتا تۈرلۈك مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەپ تۇرىدىغان سىستېمىدۇر. پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى ساھەسىدە

---

① بوغۇن ئىبارىسى بۇ كىتابتا كىشىلەر ئادەتلەنگەن «ئەۋلاد» ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، «ئەۋلاد» ئىبارىسى ئەرەبچىدە «پەرزەنتلەر» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ مەنا جەھەتتىن ئاتا ۋە ئانىنى بىر قاتلام (ياكى بوغۇن)، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىككىنچى قاتلام (ياكى بوغۇن)، نەۋرىلەرنى ئۈچىنچى قاتلام (ياكى بوغۇن) ، ..... دەپ بۆلگەندە تىلغا ئېلىنىدىغان قاتلام ياكى بوغۇننى كۆرسەتمەستىن، مەلۇم بىر شەخسنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بوغۇن بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنىنى بىلدۈرىدۇ،ھەم بۇ كىتابتا شۇ بويىچە ئىشلىتىلىدۇ— ئاپتوردىن.

يېقىنقى مەزگىللەردە ئىشلەنگەن تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئائىلىنىڭ ئىچىدە مەۋجۇد بولغان ھەرىكەت ـ قىلىق ئەندىزىلىرى ۋە ھېسسىي تۇيغۇلار ئۇزاق داۋاملاشقاندىن سىرت، كېيىنكى ئەۋلادلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋوجۇدىدىمۇ تەكرار زاھىر بولىدۇ. ھەر بىر ئائىلە شۇنداق بىر سەينادۇركى، ئۇلاردا شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ۋە باشقىلار ھەققىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە پىشۇرىدۇ. بۇنداق ھېس ـ تۇيغۇلار ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كىشلەرنىڭ جەمئىيەتتە قانداق بىر رولنى ئوينايدىغانلىقىنى، قانداق سالاھىيەتنى تاللايدىغانلىقىنى، ھاياتىدىكى ئىشلارنى بېجىرىشتە قانداق مۇددىئا ـ مەقسەدلەرنى بېكىتىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ئائىلە ـ جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھۆججەيرىسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە مەنىۋى ھۆججەيرىسىدۇر.

ئائىلىنى مەنىۋى سىستېما دەپ قارىغاندا، مۇنداق تەرەپلەرنى ئويلىشىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ:

ئائىلىدىكى قارار چىقىرىش جەريانلىرى؛

ئائىلە جەمئىيەتكە قىلىپ بەرگەن خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ۋە ئەمەلىي ياردەملەر؛

ئائىلىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ تۈرى ۋە خاراكتېرى؛

ئائىلە دائىرىسىدە مەلۇم ھەرىكەت ـ قىلىق ئەندىزىلىرىنىڭ بىرقانچە بوغۇن كىشلەر ۋوجۇدىدا زاھىر بولۇشى؛

ئائىلىنىڭ شۆھرىتى ۋە شان ـ شەرىپىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قارىلىدىغان نەرسە؛

ئائىلە ئەنئەنىسى، ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئائىلە پەرھىزلىرى؛

ئائىلىدىكى ئەر ۋە ئاياللار ھەم ئوخشىمىغان ياش ـ قورامدىكى كىشلەرنىڭ روللىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى؛

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە نەسەبشۇناسلىقتا تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئائىلە ئەينى بىر تۇرالغۇدا بىللە ياشايدىغان، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە كىشلەرنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى مۇھىمى ئايرىم ـ ئايرىم تۇرالغۇلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، بىر جەمەتكە تەۋە بولغان بارلىق تارماق ئائىلىلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

4. ئائىلە ــ ئىقتىسادىي بىرلىكتۇر.

ئائىلىلەر يەنە جەمئىيەتتىكى تاۋارلارنىڭ ۋە مۇلازىمەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ھەم ئىستېمال قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىقتىسادىي بىرلىكتۇر. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن ئائىلىلەردە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بىر قىسىم تاۋار (سودا-سېتىقماللىرى) مۇ ئائىلىلەر دائىرىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئۆتكەن دەۋرلەردىكى قولسانائەتمۇ ئاساسەن ئائىلىلەرگە مەركەزلەشكەن. ھەتتاكى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە نۇرغۇن ئائىلىلەر ئۆز-ئۆزىنى قامدايدىغان ئىقتىسادىي بىرلىكلەر ئىدى. سانائەت دەۋرى ۋە ھازىرقىدەك ئۇچۇر-تېخنىكا دەۋرىدىمۇ ئائىلىلەر ھېلىھەم مۇھىم ئىقتىسادىي ئورگان بولۇپ تۇرماقتا.

ئائىلىدە چىقىرىلغان تۈرلۈك قارارلار ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى شۇغۇللانغان كەسىپلەر يەنە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭمۇ شۇ كەسىپلەر بىلەن شوغۇللىنىشى نەتىجىسىدە ئىزچىللىققا ئىگە بولىدۇ. ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىلىشىدە ئائىلە ھەل قىلغۇچ ئامىل سۈپىتىدە رول ئوينىغاندىن باشقا، ئائىلە قۇرۇلمىسىدىمۇ موشۇنىڭغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئۆزگىرىدۇ.

5. ئائىلە ــ مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكىدۇر.

ئائىلە ــ كىشلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى، پوزىتسىيە ۋە مەۋقەلىرى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى پەيدا بولۇپ يېتىلىدىغان ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىلىدىغان بىر جايدۇر. ئائىلىدە كىشلەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ يېتىلىشى خېلى ئۇزاق بىر جەريان بولۇپ، ئائىلە بۇ جەھەتتە مەكتەپ، ئىش ئورنى ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىنمۇ چوڭراق رول ئوينايدۇ. ئائىلىلەر مەدەنىيەتنىڭ داۋاملىششىدا زۆرۈر بولغان نېگىزلىك قاراشلارنى ئۆزىدىكى كىشلەرگە سىڭدۈرگەندىن سىرت، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قانداق قارىشىنىڭ يوللىرىنىمۇ ئۆگىتىدۇ. نەسەبشۇناسلىقتا ئائىلىۋى مەدەنىيەت ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىغا ۋە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىنىدۇ.

نەسەبشۇناسلار (جەمەت تارىخچىلىرى) ئۆز تەتقىقاتلىرىنى ئائىلىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بەش خىل تەرىپىدىن خالىغان بىر تەرەپكە مەركەزلەشتۈرۈشى مۇمكىن.

ئائىلىنى ئۇنىڭدا ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان قانچە بوغۇن كىشىلەرنىڭ ئورتاق ياشايدىغانلىقى نۇقتىسىدىن مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرى، يادرو ئائىلە: بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىنلا تەشكىل تاپىدىغان ئائىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى يەنە مىكرو ئائىلە دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى بىرى، كېڭەيگەن ئائىلە: بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ توي قىلغان پەرزەنتلىرى (جۈملىدىن پەرزەنتلىرى ۋە ئىككىنچى، ئۈچىنچى، ... ئەۋلادلىرى) دىن تەشكىللەنگەن ئائىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئائىلە ئەندىزىسىدە بىر قانچە يادرو ئائىلىلەر قانداشلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن بىر ئۆمۈر بىرگە ياشايدۇ. ئەگەر تارماق يادرو ئائىلىلەر كېڭەيگەن ئائىلىدىن بىر مەزگىلدىن كېيىن ئايرىلىپ كەتسە، ئۇنداقتا بۇ ئوخشاشلا كېڭەيگەن ئائىلە بولماي قالىدۇ. مۇشۇنداق كېڭەيگەن ئائىلىلەرنى كىچىك كۆلەملىك جەمەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

"جەمەت" ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، مەنىسى "توپ"، "بىر يەرگە توپلانغان كىشىلەر" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. جەمەت تار مەنىدە قانداشلىق ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن بارلىققا كەلگەن بىر توپنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلىدا "جەمەت" ئىبارىسى بىلەن تەڭداش ئاتالغۇ "باغ" ۋە "ئوغۇش" لار بار بولۇپ، بۇ ئىبارىلەر ئۇيۇق ـ تارلاق مەڭگۈ تېشى ۋە باشقا مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرايدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ سۆزلەر ئورنىغا "جەمەت" سۆزى ئالمىشىپ كەڭ ئىشلىتىشكە سازاۋەر بولۇپ كەتكەن.

ئائىلە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۇغۇلۇشى ۋە چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئائىلىنىڭ قۇرۇلمىسىدا كېڭىيىش ۋە چوڭىيىش يۈزلىنىشى بارلىققا كېلىدۇ. ئادەتتە، نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ قانداشلىق ۋە نىكاھداشلىق مۇناسىۋىتىدىن تەشكىل تاپىدىغان تېخىمۇ چوڭ كۆلەمدىكى ئىجتىمائىي توپنى جەمەت دەپ ئاتايمىز. جەمەت ئەنئەنىۋىي جەمئىيەتتە ئاساسەن ئاتا تەرەپ قان سىستېمىسىغا تەۋە ئائىلىلەردىن تەشكىللەنگەن ئائىلىلەر توپىنى كۆرسەتكەن. ھازىر ئانا تەرەپ قان سىستېمىسىغا تەۋە ئائىلىلەرنىمۇ جەمەت دائىرىسىدە ھېسابلايدىغان يۈزلىنىش بارلىققا كەلمەكتە. جەمەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بىر قانچە ئامىل زۆرۈر بولىدۇ. ئۇلار: بىرى، قانداشلىق ئامىلى. يەنى، جەمەتكە تەۋە

ھەر بىر تارماق ئائىلىلەردىكى ئەر جىنسلىق كىشىلەر ئورتاق ئەجدادقا ئىگە بولۇش؛ ئىككىنچى بىرى، يەر ئاملىي. يەنى، قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئائىلىلەر بىر يەر (يەنى بىر مەھەللە) دە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇش؛ ئۈچىنچى بىرى، ئورتاق بىر رەھبەر، مۇناسىپ تەشكىلىي ئاپپارات، ئورتاق پائالىيەت سورۇنى، ئورتاق مال ـ مۈلۈك، قائىدە ـ تۈزۈم ئاملىنى ھازىرلىغان بولۇش. مانا مۇشۇنداق ئامىللار ھازىرلانغاندىلا ئاندىن جەمەتتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي گەۋدە نورمال مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ. جەمەتنىڭمۇ ئوخشىمىغان ئەندىزىسى بار بولىدۇ. جەمەت ئىچىدىكى تارماق ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسى ئارقىلىق جەمەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادىتى، جەمەت ئەنئەنىسى ۋە جەمەت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جەمەت ئىچىدە قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ بىر بىرىنى ئاتاشتا قوللىنىدىغان مۇرەككەپ ئاتاق سۆزلىرى سىستېمىسى بار بولىدۇ.

ئائىلە بىلەن جەمەت زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. جەمەت بىلەن ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئائىلە بولسا كونكرېت ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ، ئۇ يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردە جەمەتنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن جايلار ۋە مىللەتلەردە جەمەت ئانچە روشەن دەرىجىدە مەۋجۇد ئەمەس بولۇپ، جەمەتنىڭ قۇرۇلما شەكلى خىلىلا سۇسلىشىپ كەتكەن، پائالىيەتتىن خېلى بۇرۇنلا توختىغان. ۋەھالەنكى ئائىلە بولسا ھېلىھەم ناھايىتى ئېنىق ۋە كونكرېت دەرىجىدە مەۋجۇدتۇر. بۇنىڭدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئائىلە بولسا جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى ۋە تەشكىلىي قىسمى، جەمەت بولسا پەقەت بىر خىل مۇھىم ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. نەسەبشۇناسلىقتا ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بىر قانچە بوغۇن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇلاھىزە قىلىنغاندا، ئەشۇ كىشەرنىڭ ئائىلىۋىي مۇناسىۋىتىدە جەمەتنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدىلىكلىرى بار ياكى يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان ئائىلىلەرنىڭ توپى جەمەت سۈپىتىدە قارىلىدۇ. قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان تارماق ئائىلىلەر جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە بىر جايدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشمىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكىدەك ئورتاق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، ئۇلار يەنە ئوخشاشلا بىر جەمەت

سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نەسەبشۇناسلىقتا بىر جەمەتنىڭ تارىخىدىكى كونكرېت تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرە، جەمەتنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە ئورۇندا قانداق ئۆزگەرگەنلىكىگە كۆپرەك دىققەت قىلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر يادرو ئائىلە (nuclear family) ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ بارلىق جەمئىيەتلەردىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يادرو ئائىلە ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان مۇناسىۋەتتىن شەكىللىنىدۇ. يەنى ئاتا-ئانا بولغۇچى ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى ۋە ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت. نىكاھ مۇناسىۋىتى نىكاھ (توي) ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان قانۇنىي مۇناسىۋەت بولۇپ، نىكاھ ئارقىلىق بىر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئەمما ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىئولوگىيىلىك قانداشلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بۇزۇۋېتەلى بولىدىغان مۇناسىۋەت ئەمەستۇر. ئەلۋەتتە، قانداشلىق مۇناسىۋىتى مەلۇم دەرىجىدە نىكاھتىن ئىبارەت قانۇنىي مۇناسىۋەتكە ئاساسلىنىدىغان بولغاچقا، ئۆز-ئارا نىكاھلانغان ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورناتمىغان ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەردىن سالاھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

نۇرغۇن جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنىدىغان ئائىلە دائىرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈچىنچى شەكلى — يالغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى (pseudo kinship) بولۇپ، بۇ كىشىلەر بىلەن ئۇلار بېقىۋالغان پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى، تۇتۇق ئاتا-تۇتۇق ئانىلار بىلەن تۇتۇق پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى، قول بېرىشىپ ياكى قەسەمياد قىلىشىپ شەكىللەندۈرگەن قېرىنداشلىق ياكى ھەمشىرىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ — ئائىلىلەرنىڭ كۆلىمى، قۇرۇلمىسى ۋە ئائىلە ئۆرپ - ئادىتى ھەم ئائىلە مەدەنىيىتىنى بىلىشتۇر. تارىختىن بۇيان ئىنسان جەمئىيىتىدە ئائىلىلەر چوڭ

كۆلەملىك ئۇرۇق بويىچە توپلىشىپ ياشايدىغان ھالەتتىن، جەمەت بويىچە بىر چوڭ ئائىلىدە ياشايدىغان ھالەتكە، ئاندىن بوۋا-موما، ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنتلەر بىللە ياشايدىغان ئائىلە ئەندىزىسىدىن ھازىر تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىۋاتقان ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنتلەردىنلا تەشكىل تاپىدىغان كىچىك ئائىلە بىرلىكى بويىچە ياشايدىغان ئەندىزىگە ئۆزگىرىپ كەلدى ھەم ئۆزگەرمەكتە. يۇقىرىدىكى ھەربىر ئائىلە ئەندىزىسىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى ھەمكارلىق، ئىقتىسادنى باشقۇرۇش ۋە ۋارىسلىق، نىكاھلىنىش ۋە نىكاھلانغاندىن كېيىنكى تۇرالغۇ، ... قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلمىسى بىر-بىرىدىن مەلۇم جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ. ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئائىلە كۆلىمىنىڭ كىچىكلىشى ۋە ئائىلىدە ياشاۋاتقان ئەۋلاد سانىنىڭ ئازلىشى، ... 

كۆنسايىن تارىيىشى، جەمەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئازىيىپ بېرىشى، نىكاھلانغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇشى، ... ھازىرقى دەۋردىكى كۆرۈنەرلىك بىر يۈزلىنىش بولسا كېرەك.

دېمەك، نەسەبشۇناسلىقتا ئېنىقلىنىدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى جەمەتتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئەينى بىر ئائىلىدە قانچىلىك (نەچچە بوغۇن) كىشىنىڭ بىللە ياشىغانلىقى مەسىلىسىدۇر. تۆۋەندىكى تىزىملىكتە بىر ئائىلىدە بىللە ياشاش مۇمكىنچىلىكى بولغان كىشىلەر كۆرسىتىلگەن.

1. ئاتا
2. ئانا
3. ئوغۇل
4. قىز
5. بوۋا
6. موما
7. تاغا
8. ھاما
9. دوست
10. ئۆيدىكى مۇلازىملار
11. ئىجارە ئېلىپ تۇرغۇچىلار
12. تۇغقان بولمىغان باشقا كىشىلەر

بىر ئائىلىنىڭ كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىش شۇ ئائىلىدىكى كىشىلەر يولۇققان ئەھۋاللارنى ھەمدە شۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسىنى بىلىشنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، بىر ئائىلىدە مۇلازىمنىڭ بار-يوقلۇقىدىن شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ھەققىدە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. پەرزەنتلەرنىڭ سانى ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش تەرتىپى، ئائىلىدىكى ئۆي (خانە) لەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ... قاتارلىقلارنىڭ ئائىلە ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ زور بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، پسىخولوگلار چوڭ

ئائىلىلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن باللار بىلەن كىچىك ئائىلىلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن باللارنىڭ خاراكتېر-مىجەزلىرىدە بەلگىلىك پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. شۇنداقلا يەنە، پەرزەنتلەر ئۆي ئايرىغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىلىرى بىلەن خوشنا بولۇپ تۇرۇشى، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە يېقىن ياكى يىراق بولۇشىنىڭمۇ ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئەندىزىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى چوڭ بولىدۇ. دېمەك، نەسەبشۇناس ئائىلە قۇرۇلمىسى ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇش ئەندىزىسى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىشى زۆرۈر.

ئائىلە ياكى جەمەت ئۈستىدە ئىزدەنگەندە ئائىلە ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئائىلە مەدەنىيىتىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم تېمىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ئائىلىنى ياكى جەمەتنى ئىجكىي تەشكىلىي شەكلى، دۇنيا قارىشى ۋە ئائىلىۋىي مەدەنىيىتى بار بولغان تىپىك بىر كىچىك جەمئىيەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ نېگىزلىك تەرەپلىرى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئېرسىيىتىگە ياكى ياشاش مۇھىتىغا لايىق رەۋىشتە شەكىللەندۈرگەن ئەقىدىسى، ھەرىكەت ـ قىلىقى، ئادەتلىرى، ياشاش تەرزى (تۇرمۇش ئۇسۇلى) دىن ئىبارەت. ھەر بىر ئائىلىنىڭ مەدەنىيىتى نوقۇل ماددىي تەرەپلەردە گەۋدىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەنىۋىي ۋە ئېرسىي تەرەپلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ھەر بىر ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ ئۆزىگە لايىق ئۆرپ ـ ئادىتى بولىدۇ. ئادەتتە قىلىپ ئېيتقاندا، ئائىلە (جەمەت) نىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ھەر بىر ئائىلە (جەمەت) قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەر بىر ئائىلىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەپسىلىيرەك قىلىپ ئېيتساق، ئائىلە (جەمەت) نىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى نەسەبنامىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە (جەمەت) ئۆرپ ـ ئادىتى كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. ئومۇمەن، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ خاس ھېكايىلىرى ۋە ھۆنەرۋەنچىلىكتىكى مەلىكىلىك ئىش ـ ئىزلىرى، موملارنىڭ ئائىلىۋىي رېتسېپلىرى ۋە ئۆلارنىڭ بىزەك بۇيۇملىرى، بۇرۇنقى ئەجدادلاردىن قالغان سۈرەت ئالبۇملىرى، ... دېگەندەك.

ھەر بىر ئائىلە (جەمەت) نىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىلىرى بار بولىدۇ. بىر مىللەت ياكى رايوننىڭ ئەنئەنىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئائىلە ئەنئەنىسى ئاددىي، ئەمما كونكرېت بولىدۇ. ئەنئەنە بەرپا قىلىنغان

ئادەت ۋە پائالىيەتلەر بولۇپ، بەزى پائالىيەتلەرنى بەلگىلىك چاغلاردا تەكرار قىلىش ئەنئەنە بولۇپ مۇقىملىشىدۇ. ئۇ ئائىلىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدىن، ئارىلىشىدىغان كىشىلەر ۋە خوشنىلاردىن، بوۋا ۋە مومىلاردىن ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرىدىن كېلىدۇ، ياكى شۇلارنىڭ تەسىرىدە يېتىلىدۇ. ئائىلە ئەنئەنىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ساقلاشقا ئادەتتە ئاتا ـ ئانىلار، بالىلار، بوۋا ـ مومىلار ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرى، باشقىچە ئېيتقاندا ھەر بىر يەككە ئائىلە ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپىدىغان توپ مەسئۇل بولىدۇ. يۇقىرىدىكى كىشىلەر ئائىلە ئەنئەنىسىنى ياراتقۇچى، ساقلىغۇچى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شۇ ئەنئەنىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار بولۇپ سانىلىدۇ. ئائىلە ئەنئەنىسى بىر ئائىلىدىكى ئاتا ۋە ئانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئائىلە ئەزالىرى ئۆز جەمئىيىتىدىكى ۋە ئۆز مىللىتىگە خاس بولغان ئەنئەنىلەرنى ساقلىغاندا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نىسبىي مۇقىم شەكىلدە مەلۇم خىلدىكى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرسىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئائىلە ئەنئەنىسى ئائىلىۋىي بىرلىكنى قوغدىشىنىڭ ئاساسىي بولىدۇ، شۇنداقلا ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئائىلە ئەنئەنىسىنى جارىي قىلىشقا كۆپ ۋاقىت ۋە خىراجەت كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇ سەۋەبلىك ئائىلىۋىي ھايات مەنىلىك بىلىنىدۇ. ئائىلە ئەنئەنىسىگە تەئەللۇق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغاندا، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىشىش قويۇقلىشىدۇ، ھېسسىيات كۈچىيىدۇ، ئورتاق ئەسلىمىلەر كۆپىيىدۇ، ... مۇشۇنداق شەكىلدە ئائىلە ئەنئەنىسى مەۋجۇد بولىدۇ ھەم ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز بىر مەسىلىنى، يەنى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بار بولىدۇ، دېگەننى بىلىپ ئالىمىز. ئۇنداقتا «ئائىلە مەدەنىيىتى» دېگەن نېمە؟ ئائىلە مەدەنىيىتى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئائىلىلەرنىڭ قائىدە، نىزام، ئادەت، پائالىيەت، ئەقىدە ـ ئىشەنچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەر نۇقتىسىدىن ئۆز ـ ئۆزىنى تەشكىل قىلىشتىكى ئۆزگىچە شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئېتنىك مەدەنىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئۆزىدە مەۋجۇد بولغان ئائىلىلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەدەنىيىتى بار بولىدۇ. مەدەنىيەتتە ھامان ھەر خىل پەرقلەر ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئائىلىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە پەرقلىق بولۇشى بىلەن بىر

بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىزمۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقلىرىدىن زوقلانغىنىمىزغا ئوخشاش، ئائىلىلەرنىڭمۇ مەدەنىيەتلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن زوقلىنىمىز.

ئۇنداقتا، ئائىلە مەدەنىيىتى دېگىنىمىزدە بىز قانداق ساھەلەرنى كۆرستىمىز؟ ئەگەر بىزدە ئائىلە مەدەنىيىتىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بار بولسا، ئۇنداقتا بىز تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق بولىدۇ:

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ قايسى تەرىپىنى كۆپرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى؛

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن تىكلىگەن نىشانى، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى قانداق ياشىغاندا ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرى؛

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھاياتىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ زور ئىشى ھەققىدىكى قاراشلىرى؛

ئاتا ـ ئانىلار ياخشى كۆرىدىغان ئۆز ئائىلىسى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر؛

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆلچەملىك ئاتا ـ ئانا ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە ئەمەلىيەتلىرى؛

ئائىلىدىكى ئۆزگىچە قائىدە ـ تۈزۈملەر؛

بىر ئائىلىدىكى ئەزالارنىڭ دوستلىرى ۋە دوست تۇتۇشتىكى ئۆلچەملىرى؛

ھەر بىر ئائىلىنىڭ قىزىقچىلىقلىرى ھەم ئۆزگىچە ھەۋەس ـ ئىشتىياقلىرى؛

ھەر بىر ئائىلىدىكى كىشىلەر ياقتۇرۇپ قاتنىشىدىغان مەدەنىي پائالىيەتلەر؛

ھەر بىر ئائىلىدىكى ئەزالار ئۆز ئەجدادلىرىدىن ئالغان قىممەت قاراشلىرى ۋە ئىشەنچ ـ ئەقىدىلەر؛

ئائىلىلەردە شەخسلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛

ئائىلىلەردە شەخسلەر مەشغۇل بولغان ئاساسلىق پائالىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ پۇرسەتلىرى؛

ئائىلىدە ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى؛

ئائىلىدىكى ئىش تەقسىماتى؛

پەرزەنتلەرگە ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلىرىدە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنىڭ ئەھۋالى؛

ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىكار ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى؛

ئائىلىدىكى ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ئورنى ۋە ئاساسلىق پائالىيەتلىرى؛

ئائىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، سانائەت، ھۈنەر ـ كەسىپلەر؛

ئائىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ تىزگىنلىنىشى؛

ئائىلە كىرىمى (يەنى ئىقتىسادى) نىڭ باشقۇرۇلىشى؛

ئائىلىدىكى ئەزالارنىڭ نىكاھلىنىش ئۇسلۇبى؛

ئائىلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان دائىملىق مۇراسىملار (توي مۇراسىمى، ماتەم ۋە نەزىرە ـ چىراغ مۇراسىمى، باشقا كىچىك مۇراسىملار)؛

نىكاھتىن ئاجراشقان ياكى تۇل قالغان كىشىلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى؛

ئائىلىدىكى چوڭ پىلانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى؛

ئائىلىدىكى مىراسخورلۇق تۈزۈمى ۋە ۋارىسلارنىڭ ئەھۋالى؛

ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىر سۈپىتىدە ساقلىنىش مەسىلىسى؛

ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛

ئائىلە قۇرۇلمىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش (يەنى چوڭ جەمەت بويىچە ياشاشتىن يەككە، تارقاق ئائىلىلەرگە بۆلۈنۈش، ياكى تارقاق ئائىلىلەردىن جەمەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى)؛


يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ھەر بىر ئائىلە ياكى جەمەت مەلۇم ئەھمىيەتلىك كۈنلەرنى ياكى ئىشلارنى ئۆزىگە لايىق شەكىللەر بىلەن تەبرىكلەيدۇ؛ ھەر بىرىنىڭ باللارغا ئىسىم قويۇشتىكى خاس مەۋقەسى بار بولىدۇ؛ بەزى ئائىلە ياكى جەمەتلەرنىڭ خۇسۇسىي قەبرىستانلىقى بار بولىدۇ؛ ئائىلىۋىي غىزالار ۋە ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى، ئائىلىۋىي ئويۇن تاماشىلار، ئائىلىۋىي سەيلە ـ ساياھەتلەر، ئائىلىدە گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈش، بوۋا ۋە مومىلارغا ئائىت ھېكايەتلەر، ... قاتارلىقلارمۇ ئائىلە مەدەنىيىتى دائىرىسىدىكى ئىشلاردۇر. دېمەك، يۇقىرىدىكى نۇقتىلار ئائىلە ئۈستىدىكى نەسەبشۇناسلىق بويىچە ئىزدىنىشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان نۇقتىلاردۇر.

ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى شەكىل (يەنى دىئاگرام، سخېما) ئارقىلىق تەسۋىرلەش ئۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگەنگە قارىغاندا تولىمۇ قۇلايلىق ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كىشىلەر ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئەجداد ـ ئەۋلادلىق پەرقى ۋە تەرتىپى، قانداشلىق ياكى نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى نۇقتىسىدىن بىر كۆرۈپلا چۈشىنەلەيدۇ. مەسىلەن، تۈپ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى (primary kin types) دائىرىسىدىكى «ئاتا»، «ئانا»، «ئەر»، «خوتۇن»، «قېرىنداش» (ئاكا ـ ئۇكا)، «ھەمشىرە» (ئاچا ـ سىڭىل)، «ئوغۇل»، «قىز» قاتارلىق ئاتالغۇلارنى ۋە شۇ ناملار بىلەن ئاتالغان شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ۋە توغرا ئاتىغىلى ھەم چۈشەنگىلى بولغىنى بىلەن، مۇرەككەپ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئالاقىدار ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئاتىلىدىغان ناملىرىنى دەل ۋە ئېنىق ئاتاش ھەم چۈشىنىش قىيىن بولىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەشكە ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىدە بىر قاتار سىمۋوللۇق بەلگىلەر، شەكىللەر ۋە قىسقارتىلغان ئىبارىلەر قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلگەن.

ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدە ئوخشىمىغان تەركىبلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاش كېرەك. بۇنىڭدا جىنس پەرقى بىر نۇقتا بولسا، بوغۇن (ئەۋلاد) يەنە بىر مۇھىم نۇقتىدۇر. يەنە قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىمۇ ھەم پەرقلەندۈرۈلىشى زۆرۈر. بىئولوگىيە ئىلمىدە ئەر جىنسلىقلار ئۈچۈن مىررىخ يەنى مارس يۇلتۇزى (Mars) نىڭ بەلگىسى ♂، ئايال جىنسلىقلار ئۈچۈن زۆھرە يەنى ۋېنېرا يۇلتۇزى (Venus) نىڭ بەلگىسى ♀ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇلار ئىشلىتىشكە قۇلايسىزراق بولغاچقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدە ئۇلارنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ قولايلىق بەلگىلەر ئىشلىتىلىدۇ.

ئائىلە مۇناسىۋىتى (ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى) دائىرىسىدىكى كىشىلەر مەلۇم شەخس (يەنى ئەر ياكى ئايال جىنسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان «مەن») نۇقتىسىدىن، سخېمىدا ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچبۇلۇڭ شەكلى قارا (سايىلىك) ھالەتتە سىزىلىدۇ. چۈنكى، «ئاتا» دەپ ئاتالغان بىر كىشى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە باشقىلارغا نىسبەتەن بىر «ئوغۇل پەرزەنت»، «قېرىنداش» (ئاكا ياكى ئۇكا) ھەم «تاغا» بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ «ئاتا» دەپ ئاتىلىۋاتقان كىشىنىڭ مەلۇم سخېمىدا شۇنداق ئاتىلىشى

ئۇنىڭ «مەن» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا «مەن» نىڭ ئائىلىدىكى باشقا ئەزالار بىلەن بولغان قانداشلىق، قېرىنداشلىق ھەم ھەمشىرىلىك مۇناسىۋىتىنى مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:




يۇقىرىقى سخېمىدىن بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن ئۈچ پەرزەنتنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى، «مەن» نىڭ پەرزەنتلەر ئىچىدىكى ئىككىنچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر ئاچىسى ۋە بىر ئىنىسىنىڭ بارلىقىنى ئوڭايلا بىلگىلى بولىدۇ.

خەلقئارا نەسەبشۇناسلىق ئىلمىدە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان سخېمىنىڭ كىچىك، ئىخچام بولۇشىدەك زۆرۈرىيەت كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇ ساھەدە بارلىق ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا قىسقارتىلغان شەكىللەر مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇ خىل قىسقارتىشنىڭ غەربتە ئېنگلىز تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلگەن ئىككى خىل ئەندىزىسى بار:

بىرى، ئېنگلىز تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىككى ھەرپىنى ئىشلىتىش. خۇددى بۇنىڭدەك:

| | |
|---|---|
| ئەر: Hu = Husband | ئاتا: Fa = Father |
| خوتۇن: Wi = Wife | ئانا: Mo = Mother |
| قېرىنداش: Br = Brother | ئوغۇل (ى): So = Son |
| ھەمشىرە: Si = Sister | قىز (ى): Da = Daughter |

يەنە بىرى، قىسقارتىلغان سۆزلۈكلەرنىڭ ئەڭ ئىخچام بولۇشىدەك زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن، ئېنگلىز تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ دەسلەپكى بىر ھەرپىنى ئىشلىتىش. خۇددى

تۆۋەندىكىدەك:

H = Husband :ئەر

F = Father :ئاتا

W = Wife :خوتۇن

M = Mother :ئانا

B = Brother :قېرىنداش

S = Son :(ى) ئوغۇل

S = Sister :ھەمشىرە

D = Daughter :(ى) قىز

خۇددى، كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، يۇقىرىقى قىسقارتىش شەكلىدە ئوغۇل (Son) بىلەن ھەمشىرە (Sister) لار بىرلا «S» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان بولغاچقا، ھەمشىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «S» ھەرپى ئورنىغا «Z» ھەرپى ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما بەزىلەر ئەجداد-ئەۋلادلىق پەرقىنىڭ قىسقارتىلغان شەكىللىرىدە ئەكىس ئېتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەمشىرە ئۈچۈن «S» نى، «ئوغۇل» ئۈچۈن «s» نى، قىز پەرزەنت ئۈچۈن «d» نى ئىشلىتىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئەلۋەتتە يادرو ئائىلە دائىرىسىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر. چوڭ ئائىلە ياكى جەمەت (Extended Family) دائىرىسىدىكى بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ناملىرىنىڭ ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدا قانداق ئاتىلىشى (خۇددى، «تاغا»، «ھاما»، «بوۋا»، «يەڭگە»، «نەۋرە»، «جىيەن» ...دەك) دىن قەتئىينەزەر، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان شەكىل (سخېما) دە مەزكۇر ناملار ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ كونكرېت مۇناسىۋىتىنى ئېنىق بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «تاغا» سۆزى ۋە ئۇنىڭ قىسقارغان شەكلى (مەسىلەن، uncle ـ u) ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى «دادىنىڭ ئىنىسى» ياكى «دادىنىڭ ئاكىسى»، ۋە ياكى «ئانىنىڭ ئاكىسى» ياكى «ئانىنىڭ ئىنىسى» دېگەن ئىبارىلەر ۋە ئۇلاردىكى ناملارنىڭ قىسقارتىلغان شەكىللەرنىڭ بىرىكمىسى ئىشلىتىلىدۇ. خۇددى FB ( يەنى Father's Brother ــ دادىنىڭ قېرىندىشى)، DS (يەنى Daughter's Son ــ قىزىنىڭ ئوغلى)، FFB (يەنى، Father's Father's Brother ــــ ئاتىسىنىڭ ئاتىسىنىڭ قېرىندىشى)، WZD (يەنى، Wife's Sister's Daughter ــــ خوتۇنىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ قىزى )...دەك.

يۇقىرىقى ئېنگلىزچە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرىنىڭ ئېنگلىزچە قىسقارغان شەكىللىرىنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالمىلارنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ياكى لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە قىسقارتىلغان شەكىللىرىنى ئىشلىتىشكە تامامەن بولىدۇ. خۇددى «ئاتا» سۆزى ئۈچۈن «ئا» ياكى «A» نى، «ئانا» ئۈچۈن «ئان» ياكى «An» نى، «ئوغۇل» ئۈچۈن «ئو» ياكى «O» نى، «قىز« ئۈچۈن «ق» ياكى «Q» نى، «ھەمشىرە» ئۈچۈن «ھ» ياكى «H» نى، «قېرىنداش» ئۈچۈن «قې» ياكى «Qe» نى، «ئاتىنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزى» ئۈچۈن «ئا.ئى.ق» ياكى «AIQ» نى، ... ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ھەربىر جايدا بالىلار ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ھەم مۇشۇنداق ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرىنى تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئۆگىنىدىغان سۆزلەر كۆپىنچە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بولىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى بالىلارنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقىغا نىسبەتەن مۇھىم يېتەكچى ئامىلغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مەلۇم مۇناسىۋەتلەر تورى دائىرىسىگە قويۇپ ئۆز سالاھىيىتىنى تونۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## 2. نەسەبشۇناسلىقنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى

نەسەبشۇناسلىق ئىلمى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقدار ئىزدىنىشلەر تولىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ھەتتا ئۇنىڭ تارىخى تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تارىخىدىنمۇ ئۇزۇندۇر. ھەقىقەتەن، ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى ئۇلارنى ئەسلەش يۈزىسىدىن ھەم ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرۇپ ساقلىغان. مۇشۇنداق ئەجداد يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈش قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ۋە مەدەنىيەتسىز جەمئىيەتلەردە بىردەك مەۋجۇد بولغان شۇنداقلا ھازىرقى زاماندىمۇ يەنىلا داۋام قىلماقتا.

قەدىمدىن تارتىپلا ئىنسان بالىلىرى ئۆزلىرى ھەققىدە ھەر تۈرلۈك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشنى ئويلىغان.

فرانسيەدىكى ئىبتىدائىي تام رەسىملىرى، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەبرە تاشلىرى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭمۇ كېيىنكى ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئەسلىنىپ تۇرۇش ئىشنى ئويلاشقانلىقىنى دەلىللەيدىغان پاكىتلاردۇر. قەدىمكى زاماندىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاللىقانداق ئىلاھلارغا باغلىغان بولسا، مىللەت ياكى ئۇرۇق كاتېگورىيىسىدە كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىز هازىر «توتېم» دەپ چۈشىنىۋاتقان مەلۇم خىلدىكى هايۋانلارغا باغلىغان.

نەسەبشۇناسلىقنىڭ تارىخىنى قانچە ئۇزاقتىن سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن؟ ئېنىقكى، «زەبۇر» دىكى مەزمۇنلار ئىچىدىن مۇشۇنىڭغا ئائىت بەزى ئۇچۇرلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئىسرائىللار (يەهۇدىيلەر) ئۈچۈن جەمەت زەنجىرىنى بىلىش مۇهىم ئىش ئىدى. چۈنكى يەهۇدىي ئەرلىرى راهىب بولۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ قېرىندىشى هارۇن پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا مۇهتاج ئىدى. مۇناسىپ هالدا «زەبۇر» نىڭ «ئەۋۋەلقى تارىخ كىتابى» (**Chronicles I**) نىڭ ئالدىنقى سەككىز بابىدا ئادەم ئەلەيهىسسالامدىن تارتىپ ئىبراهىم پەيغەمبەرگىچە بولغان كىشلەرنىڭ نەسەب خاتىرىسى يېزىلغان. شۇڭا «زەبۇر» نىڭ «ئەۋۋەلقى تارىخ كىتابى» نىڭ 9 ـ باب 1 ـ بۆلۈكىدە شۇنداق ئېيتىلىدۇ: «ئىسرائىلنىڭ هەممىسى نەسەبنامىدە يېزىلىپ، ئىسرائىل پادىشاهلىرىنىڭ كىتابىدا پۈتۈلدىلەر.»[1] خىرىستوس ئەيسانىڭ نەسەب خاتىرىسى «ئىنجىل» دە ئىككى قېتىم بېرىلگەن. «ئىنجىل مەتتا» نىڭ بىرىنچى بابىنىڭ 1 ~ 17 ـ بۆلىكىدە ئەيسا پەيەمبەرنىڭ ئىبراهىم پەيغەمبەردىن تارتىپ تاكى يۈسۈپ ۋە مەريەمگىچە بولغان نەسەب خاتىرىسى بېرىلگەن.

قەدىمكى رىملىقلار ئاقسۆڭەك جەمەتتىن بولغان كىشلەرنى ئاددىي پۇقرالاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەر جىنسلىق ئەۋلادلارغا شەخس ئىسمى، فامىلە ۋە ئۇرۇق نامىدىن ئىبارەت ئىككى ياكى ئۈچ ئىسىم قويغان تۇنجى خەلقتۇر.

قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىمۇ ئۇزاق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇنان دىنىدىكى ئىلاھلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق يۇقىرى ئىجتمائىي

---

[1] «زەبۇر»، مىسىر، قاهىرە باسمىسى، 1950 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئورۇننى قولغان كەلتۈرۈش ئۈچۈن نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. قەدىمكى يۇناندا نەسەبشۇناسلىق مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن باشلاپلا خېلى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان نەسەبشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا قانچىلىك ئىلمىي بولمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللار قەدىمكى يۇناننىڭ ئېپىك شېئىرىيەت نەمۇنىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

قەدىمكى ئاسسۇرىيەلىكلەرمۇ مىخ يېزىقتىن پايدىلىنىپ لاي تاختىلار ئۈستىگە نەسەب خاتىرىلىرىنى پۈتۈپ قالدۇرغان. قەدىمكى مىسىرلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پىرئەۋنلىرى ۋە سۇلالىلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. «سۇلالە» **(Dynasty)** ئىبارىسىمۇ ئەرەبچە «زەنجىر» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ «سۇلالە» نىڭ ئەينى بىر جەمەتكە تەۋە كىشىلەر ياكى ھاكىملار قۇرغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ زەنجىرى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىنكا ئىندىئانلىرى ئۆزلىرىدە يېزىقنىڭ بولمىغىنىغا قارىماي نەسەب خاتىرىسى ساقلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تېنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدا مىلادىي 5 ـ ئەسىردە ياشىغان توققۇز مىليون ئىنكا ئىندىئانلىرى ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ قوياشنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. شۇڭا، پادىشاھلار مۈلكىي ئەمەلدارلارنى ئوغۇللىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدىن تاللاپ بېكىتكەن. پەقەت ساپ نەسىللىك (يەنى شاھلارنىڭ بىۋاستە ھەم گۇمانسىز پەرزەنتلىرى) ئىنكالارلا مۇھىم سىياسىي، دىنىي ۋە ھەربىي خىزمەتلەرگە قويۇلغان. ھازىر شىمالىي ئامېرىكىدا ياشايدىغان ئىندىئانلارنىڭ توتېم تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئۈستىگە بەزىدە نەسەب خاتىرىلىرى ئويۇلىدۇ. بۇ تۈۋرۈكلەر ئىندىئانلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنى ئېنىقلاش ئىشلىرىدا خۇددىي ياۋروپالىقلارنىڭ نىشانلىرىغا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. توتېم تۈۋرۈكلىرىگە نەسەب خاتىرىلىرىنىڭ ئويۇلىشى ئەلبەتتە توتېمنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندىلا مەلۇم جەمەتنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى نەسەبشۇناسلىقتا شۇنداق بىر نۇقسان ساقلانغان: ئۇ بولسىمۇ، نەسەب خاتىرىلىرىدە قويۇق ئەفسانىۋى تۈس بار بولغان، ھەتتا رېئال تارىخ ئەفسانىۋى تەركىبلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن يىراق قەدىمكى زاماندىكى نەسەب خاتىرىلىرى زىددىيەتلىك ۋە

ئىشەنچسىزدۇر.

ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت سىياسىي جەھەتتە بارغانسېرى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىغان. بۇنداق ئەھۋال ياۋروپادا يەرلەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ئەجدادىدىن ئەۋلادقا قالسا بولىدىغانلىقىدەك قانۇن ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سالاھىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئالغان تەلىم ـ تەربىيىسى ۋە جۇغلىغان مال ـ مۈلكىگە باغلىق بولماستىن، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر دەرىجىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە رىتسارلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىنلا ئاقسۆڭەك ۋە ئېسىل نەسەبلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ۋە قوغداش ئۈچۈن نەسەب خاتىرىلىرىگە ئېھتىياجى چۈشتى.

ياۋروپادا تۇنجى قېتىم ئەنگىلىيەدە پادىشاھ ھېنرى VIII ھەر بىر ئادەمنىڭ خرىستىيانلاشتۇرۇلغان ھەم يۇيۇندۇرۇلغان ۋاقتى، توي قىلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتىنى تىزىملاپ ساقلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن تارتىپ، ئەنگىلىيەدە شۇ خىلدىكى خىزمەتلەر دېگۈدەك تولۇق ئىشلەنگەن. نەتىجىدە ھازىرقى ئېنگلىزلارنىڭ 1500 ـ يىللاردىن تارتىپ 1837 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان ئەجدادلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشى تولۇق ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە بولغان. شۇ دەۋرلەردە يەنە گېرمانىيەدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش پۇقرالارنىڭ ھايات خاتىرىسىنى خاتىرىلەپ قالدۇرىدىغان ئەنئەنە بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ تەسىرىدە سكاندىناۋىيە ئاراللىرىدىكى دۆلەتلەردىمۇ شۇ خىل ئەنئەنە بارلىققا كەلگەن. ياۋروپادا خېلى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن تارتىپلا، مەلۇم دىني رايون (يەنى مەلۇم بىر رايوندىكى چىركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر توپاشقان رايون) بىرلىكى بويىچە، شۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى (تۇغۇلۇش، يۇيۇندۇرۇش ۋە ۋاپاتىغا ئائىت خاتىرىلەر) نى چىركاۋ پوپلىرى يېزىپ ئارخىپلاشتۇرىدىغان ئەھۋال داۋاملاشقان. بۇ غەربلىكلەرنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغان.

ئامېرىكا قىتئەسىنى ياۋروپالىقلار ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، غەرب مۇستەملىكىچىلىرى ئامېرىكىدا ئەجدادلىرىنىڭ ئەشۇ خىل ئەنئەنىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر

ئوخشاشلا چېركاۋلار تەرىپىدىن يېزىلىپ ساقلانغان. ھەتتا ئامېرىكىدا 1632 ـ يىلىلا شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەرنى يېزىپ ساقلاشقا ئائىت قانۇن ماقۇللانغان. ياۋروپادا قولىيازما ۋە باسما نەسەبنامە ۋە نەسەب خاتىرلىرىنى توپلاش 16 ـ ئەسىردىلا باشلانغان، مەسىلەن , شۇ دەۋردە دۇگدالى ( Dugdale) ئىسىملىك بىر كىشى ئەنگلىيەدە ئۆتۈۋان دەرىجە نامىغا ئىگە بارلىق ئائىلە جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىلىرىنى توپلاپ نەشر قىلغان، شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە شۇ خىلدىكى خىزمەتلەر كۆپ ئىشلەنگەن.

دۇنيادا تۇنجى قېتىمقى نەسەبشۇناسلىق جەمئىيىتى 1843 ـ يىلى ئەنگلىيەدە قۇرۇلغان، ئارقىدىنلا 1854 ـ يىلى ئامېرىكىدا يېڭى ئېنگلاند نەسەبشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغان. شۇندىن ئېتىبارەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەممە دۆلەتتە دېگۈدەك نەسەبشۇناسلىق جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ،تەشكىللىك ئەجداد ئىزدەش ۋە نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئەنئەنە شەكىللەندى.

1970 ـ يىللاردىكى غەربتە كەڭ تارقالغان قىزىقىشلارنىڭ بىرى شەكسىزكى نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى ئارقىلىق ``يىلتىز`` ئىزدەشتۇر. ئالېكس خالېي (Alex Haley) 1976 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «يىلتىز» ناملىق روماندا ئىپادىلەنگەن ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ غەربىي ئافرىقىدىن قۇل قىلىنىپ ئامېرىكا قىتئەسىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى، بىرقانچە بوغۇن ئەجدادلىرىنىڭ ھۆرلۈكتىن قۇللۇققا چۈشۈش، قۇللۇقتىن يەنە ھۆرلۈككە چىقىش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى، ھەمدە شۇلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئامېرىكىدا ئاۋۇپ كۆپەيگەن ئەۋلادلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە موشۇ ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان ئاپتورنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتنى قېزىش ۋە ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا كەلگۈسىگە يۈزلىنىش روھى دۇنيادا زور تەسىر قوزغاپ، غەربتە يىلتىز ئىزدەشنىڭ بىرخىل ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتكە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. نەسەبشۇناسلىق جەمئىيەتلىرى، نەسەب تەتقىقاتى مەركەزلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. جەمەت (ئائىلە) تارىخى دەرسلىك سۈپىتىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تارىخ فاكۇلتېتلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن تەسىس قىلىندى. 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا نەسەبشۇناسلىق ئىلمى ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى دەرسلىك سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ، 1980 ـ يىلغىچە 400 ئالىي مەكتەپتە بۇ

دەرسلىك ئۆتۈلدى. 1976 ـ يىلى ئامېرىكىدا «جەمەت تارىخى ژورنىلى» (Jornal of Family History) نىڭ نەشر قىلىنىشى نەسەبشۇناسلىقنىڭ مۇستەقىل ئىلىم بولۇپ شەكىللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

19 ـ ئەسىردە ياۋروپالىقلارنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامرىكا قىتئەلىرى ۋە ئاۋستىرالىيىنى ئىستىلا قىلىپ ئولتۇراقلىششىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، نەسەبشۇناسلىق يەنىمۇ بىر پەللە يۇكسىلىپ ئەۋج ئالغان. ئەمما 20 ـ ئەسىر ھەققىي مەنىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ نەسەب خاتىرلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇدىغان، ئەجدادلىرىنى ئىزدەيدىغان بىر دەۋر بولدى. 1911 ـ يىلى ئەنگلىيىدە تۇنجى بولۇپ نەسەبشۇناسلار جەمئىيتى (Societe geneologists) قۇرۇلدى. 1968 ـ يىلى نەسەبشۇناسلىق پىرىنسىپلىرى ۋە مەشغۇلات ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە كىشىلەرنى شۇ بويىچە تەربىيلەش مەقسەت قىلىنغان نەسەبشۇناسلار ۋە نەسەب خاتىرىسىنى ۋاكالىتەن يېزىپ خاتىرلىگۈچىلەر جەمئىيىتى ( Association of Geneologists and Record Agents) قۇرۇلدى. 1970 ـ يىلدىن كېيىن ئەنگلىيىدە نەسەبنامە جەمئىيەتلىرى ياكى ئائىلە تارىخى ئەنجۇمەنلىرى ( ئويۇشمىلىرى ) نامىدىكى نۇرغۇن ئورگانلار ئاقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. ھەمدە تېزلا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشكۈچى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىغا ئومۇملاشتى.

غەرپتە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈزلىگەن نەسەب خاتىرىلىرى ۋە نەسەبشۇناسلىققا بېغىشلانغان خاس ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. ئامېرىكىدا نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى مۇھىم ئەسەر — ئامېرىكا نەسەبشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بەرپاچىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان دونالد لىنېس جاكوبۇسىنىڭ «ئىختىيارىي ۋە كەسپىي نەسەبشۇناسلىق» (*Genealogy as Pastime and Profession*)ناملىق كىتابى 1930 ـ يىلى نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە نەسەبشۇناسلىق ئىلمىنىڭ نەزەرىيىسى، تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى شەرھلەيدىغان نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى.

20 ـ ئەسىردە دۇنيادا نۇرغۇنلىغان نەسەبشۇناسلىق جەمئىيەتلىرى، ئويۇشمىلىرى ۋە ئەنجۇمەنلىرى كۆپلەپ قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى تۈپكى مۇددىئا ـ كىشىلەرنى جەمەت تارىخى ئۈستىدە

ئىزدىنىش ۋە نەسەبنامە يېزىش بويىچە ئۆچۈر، مېتود ۋە باشقا ياردەملەر بىلەن تەمىنلەش ئىدى. ھەرقايسى نەسەبشۇناسلىق جەمئىيەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەرەللىك ژورناللىرىنى نەشر قىلىپ تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرى تۈرۈشلۈق جايلاردىكى كىشىلەرگە ئائىت نەسەب ماتېرىياللىرىنى توپلىدى. نەسەبشۇناسلىق يىغىنلىرى، سالونلار ۋە تەربىيەلەش كۇرسلىرى كۆپلەپ ئېچىلىپ، تەشكىللىنىپ تۇردى. ئامېرىكا ۋە كانادادا خېلى ئىلگىرىلا ھەربىر شتات ۋە ئۆلكىلەردە نەسەبشۇناسلىق جەمئىيەتلىرى قۇرۇلغان ۋە ھەربىر شەھەر ياكى رايوندا شۆئبە جەمئىيەتلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا نەشر ئەپكارلىرى ۋە تور بېكەتلىرى بار.

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 2005-يىلغىچە دۇنيادا قۇرۇلغان نەسەبشۇناسلىققا ئائىت تور بېكەتلىرى ئىككى مىليونغا يەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىسى نەسەبشۇناسلىق جەمئىيەتلىرىنىڭ تور بېكەتلىرى بولسا، يەنە بەزىلىرى شەخسلەرنىڭ ئۆز جەمەتى ھەققىدىكى نەسەب خاتىرىسى تەمىنلەنگەن تور بېكەتلىرىدۇر. يەنە نۇرغۇنلىرى بولسا نەسەبشۇناسلىق شىركەتلىرىنىڭ سودا خاراكتېرىدىكى تور بىكەتلىرى بولسا، يەنە بەزىلىرى نەسەبنامە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنى لايىھىلەيدىغان ۋە ساتىدىغان شىركەتلەرنىڭ تور بېكەتلىرىدۇر.

غەرب نەسەبشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئىش ـــ نەسەبشۇناسلىقنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە تەسىس قىلىنىشىدۇر. ئامېرىكىدا نەسەبشۇناسلىق دەرسى 1912-يىلى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۆتۈلۈشكە باشلىغان. يەنى بىرىگھام ياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتى ۋە مائارىپ فاكۇلتېتلىرىدا 1912-يىلدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە نەسەبشۇناسلىق دەرسى ئىزچىل ئۆتۈلۈپ كەلمەكتە. شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا نەسەبشۇناسلىق دەسلەپتە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر دەرس قىلىپ بېكىتىلگەن. 1970-يىللاردىن كېيىن بۇ كەسىپ بويىچە نۇرغۇن ماگىستىر ئاسپىرانتلار ۋە بىر قىسىم دوكتۇر ئاسپىرانتلار تەربىيىلىنىپ چىققان. نەسەبشۇناسلىق رەسمىي كەسىپ سۈپىتىدە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ كەسىپ قارىمىقىدا مۇنداق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان: (1) نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن ئاساس (Basic Genealogical Resrarch)؛ (2) نەسەبشۇناسلىق ئىلمىگە قا

كىرىش (Introduction to Genealogy) ؛ (3) ۋەسىقەشۇناسلىق (Paleography) ؛ (4) ئارخىپشۇناسلار ۋە نەسەبشۇناسلار ئۈچۈن لاتىن تىلى (Latin for Archivists and Genealogists) ؛ (5) جەمەت تارىخى تەتقىقاتى ۋە يېزىقچىلىقى (Research and Writing Family History) ؛ (6) ئائىلە تارىخى جەمئىيەتشۇناسلىقى (Historical Sociology of the Family) ؛ (7) نەسەبشۇناسلىق ۋە ئائىلە (جەمەت) (Genealogy and the Family) .

20 ـ ئەسىر مابەينىدە دۇنيادىكى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەردە نەسەبشۇناسلار ئىلمىي جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن غەربتىكى ھەممە دۆلەتلەردە دېگۈدەك دۆلەتلىك نەسەبشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بار، شۇنداقلا ھەر قايسى ئۆلكە ۋە رايونلاردا تارماق نەسەبشۇناسلىق جەمئىيەتلىرى قۇرۇلغان. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن جەمئىيەتلەر بار بولۇپ، ئۇلار مەلۇم يەر ياكى دۆلەتلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا بىر گەۋدە ئىچىگە ئۇيۇشقان. ئاز ساندىكى كەسپىي نەسەبشۇناسلارنىڭ نەسەبشۇناسلىق ئۈستىدىكى خاس ئىزدىنىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نەسەبشۇناسلىق ھازىرقى دەۋردە دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى پائالىيىتىگە ئايلانغان.

نۆۋەتتە خەلقئارا نەسەبشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان تەتقىقاتلارنىڭ بىرى ئىرسىي نەسەبشۇناسلىق (Genetic genealogy) تۈر. ئىرسىي نەسەبشۇناسلىق ئەنئەنىۋى نەسەبشۇناسلىق بىلەن ئىرسىيەت ئىلمىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ھاسىل بولغان يېڭىچە بىر ئىلىم تارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا نەسەبشۇناسلىق بويىچە DNA سىنىقى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسىي تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسى بېكىتىلىپ چىقىلىدۇ. ھەر بىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى DNA تەكىبىدە ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن ئۆزگەرمەي يېتىپ كەلگەن نۇرغۇن ئۇچۇرلار بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، DNA ئۈستىدىكى ئانالىزلار نەسەب تەتقىقاتىدا ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. نەسەبشۇناسلار DNA ئانالىزى ئارقىلىق ئىككى شەخسنىڭ مەلۇم ساندىكى بوغۇن (ئەۋلاد) ئىچىدە ئۆز ئارا ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار ياكى يوقلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. ھازىر غەربتە كىشىلەرنىڭ مەزكۇر تېخنىكا ئارقىلىق ئۆز ئەجدادلىرىنى ھەم ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى ئىزدەش يۈزلىنىشى بارغانسېرى كۆپ بارلىققا كەلمەكتە.

جۇڭگودا قەدىمدىن تارتىپلا بىر قاتار سۇلالىلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇ سۇلالىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ نامى قۇرغۇچى شاھلارنىڭ فامىلىسى بىلەن ئاتالغان. خەنزۇلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىدە ئەجدادلارغا تېۋىنىش مۇھىم ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىشى ئۆز نۆۋىتىدە دىنىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان ئىشقا ئايلانغان. كوڭزى تەلىماتلىرىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. نەتىجىدە خەنزۇلاردا نەسەب ئېڭى كۈچىيىپ، نەسەب خاتىرىسى قالدۇرۇدىغان ئەنئەنە ناھايىتى ئىلگىرىلا شەكىللىنىپ بولغان. دۇنيادا بىر قەدەر بۇرۇن نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن مىللەت خەنزۇلاردا نەسەبنامىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش دەۋرىنى ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ. خەنزۇلاردا جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈمەتنىڭ نەسەبنامە تۈزۈش تۈزۈمىگە ئايلاندۇرۇلغان ھەم بىر قىسىم نەسەبنامىلەر بارلىققا كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى ۋە مىڭ، چىڭ سۇلالىرى دەۋرىدە خەنزۇلارنىڭ نەسەبنامىچىلىكى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، مەخسۇس نەسەب تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. ھازىرغىچە خەنزۇلادا مەلۇم بولغان ئەڭ بۇرۇنقى نەسەب خاتىرىسى ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «نەسەب مەنبەسى» (《世本》) ناملىق نەسەبنامە بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگودىكى خۇاڭدىدىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەڭرىقۇتلار، بەگلەر ۋە ئەمىر ـ ئەكابىرلارنىڭ نەسەب زەنجىرى توپلانغان. ئۇ خەنزۇ نەسەبنامە تەرەققىياتىنىڭ باشلانمىسى دەپ قارالماقتا.

جۇڭگودا نەسەبنامەچىلىكنىڭ تارىخى بەك ئۇزاق ئىش بولۇپ، ھازىر مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان نەسەبنامىلەر ئاساسلىقى مىڭ. چىڭ سۇلالىرى دەۋرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان نەسەبنامىلەردۇر. ئەلۋەتتە، قۇڭگودا يۈتۈپ كەتكەن ھەم كۆيدۈرۈۋېتىلگەن نەسەبنامىلەرنىڭ سانىمۇ نۇرغۇندۇر. 1984 ـ يىلى جۇڭگو دۆلەتلىك ئارخىپ ئىدارىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار كۆپ قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئارخىپخانىلار، مۇزېيلار، مەدەنىيەت يۇرتلىرى، كۇتۇپخانىلار ۋە ئالىي مەكتەپلەر ھەم تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدىن ئۆزلىرىدە ساقلىنىپ تۇرغان نەسەبنامە ۋە نەسەب

خاتىرىلىرىنىڭ تىزىملىكىنى يوللاشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن يوللانغان نەسەبنامە تىزىملىكلىرى ئاساسىدا «جۇڭگو نەسەبنامىلىرى ئومۇمىي مۇندەرىجىسى» تۈزۈلدى. مەزكۇر مۇندەرىجىگە كىرگۈزۈلگەن نەسەبنامە تىزىملىكلىرىگە قارىغاندا، جۇڭگودا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئورگەنلاردا جەمئىي 18224 پارچە نەسەبنامە ۋە نەسەب خاتىرىلىرى ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىقى تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالغان نەسەبنامىلەر ۋە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرغان نەسەبنامىلەرنى قوشقاندا، جۇڭگۇدا ھازىر جەمئىي 38000 پارچىدىن ئارتۇق نەسەبنامە ۋە نەسەب خاتىرىسى بار. بۇ نەسەبنامىلەر جەمئىي 251 فامىلىلىك جەمەتنىڭ تارىخىغا تۈتىشىدىغان بولۇپ، جەمئىي 2565 بۆلۈم، 24562 جىلد كېلىدۇ.

جۇڭگودا 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئىجتىمائىي پەنلەردە يېڭى ساھەلەرنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىم ساھىبلىرى نوپۇسشۇناسلىق، تۇغۇت ئىلمى، ئىرسىيەتشۇناسلىق قاتارلىق يېڭى پەنلەر نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، نەسەبنامىلەرنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە نەسەب ماتېرىياللارىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. نەسەبنامە تەتقىقاتى تارىخشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن قىزغىنلىق سەۋەبىدىن يۈكسىلىشكە سازاۋەر بولدى. يېقىنقى زامان تارىخچىلىرىنىڭ سىياسىنى مەركەز قىلىدىغان تارىخ تەتقىقاتى ئەنئەنىسى تەدرىجىي پاچاقلىنىپ، تارىخ تەتقىقاتىدا ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشتەك يېڭى ئەھۋال شەكىللەندى. تارىخشۇناسلار ھۆكۈمەت تارىخنامىلىرى ئىچىدىن تارىخىي پاكىتلارنى ئىزدەشكە ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۇڭا، يېڭى دەۋردىكى تارىخشۇناسلار يەردىن قېزىۋېلىنغان ئارخىئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە باشقا جايلاردىن بايقالغان تارىخىي مەلۇماتلارنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان بولدى. جۈملىدىن، نەسەبنامىلەر جەمەتلەرنىڭ ئىچكىي قىسمىدا يېزىلغان، ئاشكارە ئېلان قىلىنمىغان تارىخىي خاتىرە بولۇش سۈپىتىدە، ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ دىققىتىنى بەك جەلىپ قىلدى. شۇڭا، ئېيتىشقا بولىدۇكى، تارىخشۇناسلىق ئىلمى قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى نەسەبنامەلەرنى تەتقىق قىلىش ئىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن جۇڭگودىكى نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى تېخىمۇ گۈللەندى. جۇڭگو نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى شۇلاركى، جۇڭگودا «جۇڭگو نەسەبشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى» 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا رەسمىي قۇرۇلۇپ، هازىرغىچە كۆپ قېتىم ئىلمىي يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇردى، هەمدە 1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى» ناملىك ئىلمىي مەجمۇئەنى چىقىرىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ جەمئىيەت ۋە باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا قارىتىلغان كۆپ قېتىملىق ئىلمىي يىغىنلارنى هەم ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. جۇڭگودىكى نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرىدىن يەنە  بىرى شۇكى، يېقىنقى يىللا مابەينىدە جۇڭگودا نەسەبشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى تونۇشتۇرۇشقا بېغىشلانغان ياكى مەخسۇس مەلۇم فامىلىلىك جەمەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرىسىنى سىرتقا ئاشكارىلاپ، ئوخشاش فامىلىلىك كىشىلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېچىۋېتىلگەن تور بېكەتلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلمەكتە.

نەسەبنامىلەر ئىنسان تارىخىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلغانلىقىنىڭ تارىخىي سىمۋولى بولۇش بىلەن، ئۇ هەقتىكى ئىزدىنىش ئىنسانلارنىڭ ئەجداد ـ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىش مەقسىدىنى مەنبە قىلغاندىن سىرت، يەنە كىشىلەرنىڭ نەسەبنامىلەرنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىشىنىمۇ مۇهىم سەۋەب قىلىدۇ. قەدىمكى نەسەبنامە تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن نەسەبنامە ئۈستىدە چەكلەنگەن، جۈملىدىن نەسەبنامىلەرنىڭ يېزىلىشى هەم نەسەبنامىلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى قاتارلىق ساهەلەرنى يورۇتۇش بىلەن چەكلەنگەن.

دۇنيادىكى قىسمەن ئەل ۋە خەلقلەردە، نەسەبنامە تەتقىقاتىنى ساهەسىدىكى نەتىجىلەرنى مۇنداق ئۈچ تەرەپتىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، بىر قىسىم ئەل ۋە خەلقلەردە قەدىمدىن قېلىپ قالغان نەسەب ماتېرىياللارى كۆپلەپ توپلاندى ۋە رەتلەندى؛

ئىككىنچى، نەسەبنامە ئۈستىدىكى خاس تەتقىقاتلار قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر قاتار نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى؛

ئۇچىنچى، نەسەبنامىلەرنى ھەر قايسى ساھەلەردە قوللىنىش ۋە تەدبىق قىلىش ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلدى. نوپۇس ستاتېستىكىسى، مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىساد تارىخى، قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى، ... قاتارلىق پەنلەر ساھەسىدە نەسەب ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش دىققەتكە سازاۋەر ئىشقا ئايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە نەسەب ماتېرىياللىرىدىن ئەڭ كۆپ پايدىلىنىلغان ۋە نەتىجىلەرمۇ كۆپ بولغان ساھە جەمئىيەت تارىخى تەتقىقاتى بولدى. نەسەبنامە تەتقىقاتى قانات يايغان مىللەتلەردە مىللەتنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئائىلە، ئۇرۇق، فامىلە، قەدىمكى قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەم ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت قاتارلىقلار ئۇستىدىكى تەتقىقاتلاردا نەسەب خاتىرىلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دۆلىتىمىزدە يەنە ئەل ئارىسىدىكى نەسەب خاتىرىلىرىنى تىزىملاپ مۇندەرىجە تۈرغۈزۈش خىزمىتى تەتقىقات ئورگانلىرى تەرىپىدىن سىستېمىلىق ئىشلىنىشكە باشلىغاندىن باشقا، ئىنتېرنېت تورىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، تور ئارقىلىق نەسەبشۇناسلىق بىلىملىرىنى تارقىتىش ھەم ئايرىم جەمەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرىسىنى توردا جامائەتكە ئاشكارە قىلىش، ... قا ئوخشاش خىزمەتلەرمۇ كۈنسېرى كۆپلەپ ئىشلەنمەكتە.

## 3. نەسەبشۇناسلىقتىكى تەتقىقات مەزمۇنلىرى

خەلقئارا نەسەبشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە نەسەبشۇناسلارنىڭ نەسەب تەتقىقاتى بىلەن ئوخشىمىغان مەقسەدتە شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. بەزى كىشىلەر نوقۇل قىزىقىش نۇقتىسىدىن ئۆز ئائىلىسىنىڭ (ياكى جەمەتىنىڭ) نەسەبى ئۇستىدە ئىزدىنىدۇ. بەزىلەر مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ئۇچۇن قانۇنىي ئاساس تېپىش مەقسىدىدە ئائىلە كېلىپ چىقىشى ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلەر بۇ ئارقىلىق قانداش جەمەت ئىچىدىكى ئورنىنى بىلىشنى ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى كىشىلەر ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىشى ياكى بېقىۋېلىش سەۋەبىدىن تەۋەلىكى نامەلۇم بولغان ئاتا ـ بوۋىلىرى ياكى ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەب تەۋەلىكىنى بىلىش ئۇچۇن نەسەب تەتقىقاتى بىلەن

شۇغۇللىنىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان نەسەبنامەشۇناسلىق بويىچە تەتقىقاتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى جەھەتتىن ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرى، نەسەبشۇناسلىقنى بىر ئىلىم سۈپىتىدە تونۇپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇل خاراكتېرلىك تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر. بۇ ھەقتە ھازىرغىچە دۇنيا مىقياسىدا خېلى كۆپ نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن ۋە كەلمەكتە. ئەمما ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسى ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئوخشاش ئەمەس. ئىككىنچى، نەسەبنامە ياكى جەمەتنىڭ يازما تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات. بۇ نەسەبنامە ياكى جەمەتەتنىڭ يازما تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر نەسەبشۇناسلىق بويىچە نەزەرىيىۋى تەتقىقات ساھەسىدىكىدىنمۇ كۆپتۇر. يۇقىرىقى ئىككى تەرەپتىكى تەتقىقات تېمىلىرىنى كونكرېت تىزىپ كۆرسەتسەك:

▲ نەسەبشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى

▲ نەسەبشۇناسلىقنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

▲ نەسەبنامە ۋە ئىرسىيەتشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى

▲ نەسەبشۇناسلىق بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى

▲ نەسەبشۇناسلىق بىلەن تەزكىرەشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى

▲ نەسەبنامەشۇناسلىق بىلەن نوپۇسشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى

▲ نەسەبشۇناسلىق بىلەن فامىلەشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى

▲ نەسەبشۇناسلىق بىلەن باشقا ئىلىملەرنىڭ مۇناسىۋىتى

▲ ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەردىكى نەسەبشۇناسلىق بويىچە تەتقىقاتلارنىڭ ئەھۋالى

▲ نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ساقلانغان مەسىلىلەر

▲ نەسەبنامىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى

▲ نەسەبنامىنىڭ قىممىتى

▲ نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنلىرى،

▲ نەسەبنامىدە ئەجدادلارغا نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسى

▲ ئائىلە ئۇچۇر جەدۋىلى

▲ جەمەت نىشانلىرى

▲ نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى

▲ نەسەبنامىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش

▲ شەجەرە تۈزۈشنىڭ يوللىرى

▲ نەسەبنامىلەر بىلەن مىللەت تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

▲ نەسەبنامىلەردە ئىپادىلەنگەن مىللەتنىڭ قەدىمكى ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيىتى؛

▲ نەسەبنامىلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك بولغان مۇناسىۋىتى؛

▲ نەسەبنامىلەر ۋە مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

▲ نەسەبنامەشۇناسلىق بىلەن مىللىي مائارىپ تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى

▲ نەسەبنامە بىلەن دىنىي ئېتىقاد تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى

▲ نەسەبنامىلەردىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش - ئولتۇراقلىشىش تارىخىغا ئائىت بايانلارنىڭ مىللەت تارىخىدىكى رولى

▲ بىر مىللەت تەۋەسىدىكى بارلىق نەسەب خاتىرىلىرىنى يىغىپ توپلاش ۋە ئارخىپلاشتۇرۇش

▲ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما

▲ ئايرىم بىر جەمەت نەسەبنامىسى ئۈستىدىكى كونكرېت مۇلاھىزە

▲ ئائىلە ياكى جەمەت ئارخىپىنى تۈزۈش ۋە ساقلاش

▲ نوپۇس ھۆججەتلىرىنى ئېنىقلاش ۋە تەتقىق قىلىش

▲ سوتقا ئالاقىدار قانۇنىي ھۆججەتلەر تەتقىقاتى

▲ كۆچمەنلەر تەتقىقاتى

▲ خىزمەت ۋە ياللىنىشقا ئائىت ھججەتلەر تەتقىقاتى

▲ ئائىلە ياكى شەخسلەرنىڭ كىرىمگە ئائىت ھۆججەتلەر تەتقىقاتى

▲ شەخسلەر ياكى جەمەتلەر ئىلكىدىكى يەر - زېمىنگە ئائىت ھۆججەتلەر تەتقىقاتى

▲ نىكاھ ۋە تويغا ئائىت تەتقىقات

▲ ھەربىيگە قاتنىششقا ئائىت ھۆججەتلەر تەتقىقاتى

▲ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھۆججەتلىرى

▲ ئىنتېرنېت نەسەبچىلىكى

▲ جەمەت تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرى؛

▲ فامىلە تەتقىقاتى

▲ جەمەت نىشانلىرى تەتقىقاتى

▲ بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنىڭ ئەسلى نەسەبى ۋە كېيىنكى ئائىلە مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات

... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى ھەر قايسى مەزمۇنلار ئىچىدە يەنە ئىنچىكە تارماقلارمۇ بار بولۇپ، بۇ نەسەبشۇناسلىق ئىلمىنىڭ چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ كۈنسايىن كۆپىيىدۇ ۋە ئىنچىكىلىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، **DNA** تېخنىكىسىنى قوللىنىپ مەلۇم شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئېنىقلاش، ئىنتېرنېت تورىدا نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارمۇ نۆۋەتتىكى نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئوتتۇرىغا چىققان قىزىق نۇقتىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ساھەلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەبنامەشۇناسلىق تەتقىقاتىغا تەدبىقلىغاندا ئەلۋەتتە زور ئۆلۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر نەسەبنامەشۇناسلىقىدا مۇناسىپ رەۋىشتە ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر، تارىخلار، تەزكىرىلەر ئىچىدىن جەمەت نەسەبنەمىلىرىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى قېزىپ چىقىپ تەتقىق قىلىشقا، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان نەسەپ خاتىرىلىرىنى

يىغىپ ـ توپلاش ۋە ئارخىپلاشتۇرۇشقا، نەسەبنامىلەردە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى ئەھۋالى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، كۆپيىشى تارىخى، ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، جەمەتلەردىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر، جەمەت ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، جەمەتلەرنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقان ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرى... نى تەتقىق قىلىشقا، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەزكىرىلىرى ۋە نەسەبنامىلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر نەسەبنامىلىرى بىلەن باشقا نەسەبنامىلىرى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما ۋە ئۇنىڭدىن بىلىنىدىغان ئوخشاشلىق، پەرق ھەم قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەر... نى نۇقتىلىق تۈتۈپ مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ. ئېنىقكى بۇ ئىلىم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تارىخى ئۇزاق، ئەمما ئۆزى يېڭى ئىلىم بولۇش سۈپىتىدە، نۇرغۇن ئىلىم ساھىبلىرىنى جەلب قىلىدىغان، تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئىشتىراك قىلىشى زۆرۈر بولغان مەنپەئەتلىك خىزمەت بولۇپ قالىدۇ.

## 4. نەسەبشۇناسلىق ۋە يىلتىز ئىزدەش

ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىتىدۇر.

« (مەن كىم» ، «مەن قەيەردىن كەلگەن» ، قەيەرگە كېتىمەن» ، ... مۇشۇنداق سوئاللار تارىخ مابەينىدە سانسىز پەيلاسوپ، ھەكىملەرنى باش قېتىنچىلىقىغا سالغان، ھەمدە سانسىز ئاۋامنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى.

مەشھۇر ئىلىم ساھىبى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسورى تاڭ يىجې شۇنداق قارايدۇكى، بۈگۈنكى دەۋر دۇنياسىدا ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى بار : بىرى، «يەر شارى ئېڭى» ، يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالاقىسى قاتناش ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ، ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق مەسىلىلەرنىڭ ( مەسىلەن، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيە، دۇنياۋى سودا... ) كۆلنىسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر دۆلەت تەرەققىياتنى كۆزلەشتە دۇنيانىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ئېقىمىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. يەنە بىر پىكىر ئېقىمى بولسا «يىلتىز ئىزدەش ئېڭى» بولۇپ، ئۇ ـ ھەر بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە

مەسىلىلىرى مەۋجۇد دېگەن ئاساستا، ھەر بىر مىللەت ۋە دۆلەت ئۆز مىللىتى ۋە دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتى ئىچىدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىدىغان، تەرەققىياتىغا تۇرتكە بولىدىغان رېتسىپ ۋە مەدەنىيەت يىلتىزىنى ئىزدەش قىزغىنلىقى ۋە ئېڭىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى خىل ئاڭ دەل مەدەنىيەتنىڭ دەۋرىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىيلىك مەسىلىسىدۇر.[①]

1976 ـ يىلى ئامېرىكىلىق نېگىر يازغۇچى ئالېكس. خاررىينىڭ كاتتا رومانى «يىلتىز» مەيدانغا كېلىپ، پۈتۈن دۇنيادا زور غۇلغۇلا قوزغىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا پەيدا بولغىنى يەر شارى يۈزىدە كۆتۈرۈلگەن بىر قېتىملىق «يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى» بولدى. ئەسىر ئاخىرىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇنداق قىزغىنلىق بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. ياۋروپادىن ئاسىياغىچە، نېگىرلار ئافرىقىسىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگىچە، ئامېرىكىدىكى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان «تاڭلىقلار كوچىسى» دىن تارتىپ ئىندىئانلارنىڭ يەرلىك قەبىلىلىرىگىچە ... ئىنسانلار ھەممىلا جايدا يىلتىز ئىزدىمەكتە.

ئامېرىكىدا يىلتىز ئىزدەش ماركا توپلاش ۋە كونا پۇل ـ تەڭگىلەرنى يىغىشتىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مودا پائالىيەتكە ئايلانغان. 1988 ـ يىلى ئامېرىكا پوچتا ئىشلىرى باشقۇرۇش ئىدارىسى «بىر تۈپ ئائىلە شەجەرىسى (دەرىخى) تىكەيلى» دېگەن تېمىدا بىر تۈرلۈك كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ياشلارنىڭ خەت ئالاقە قىلىش يولى بىلەن ئائىلە تارىخىنى چۈشىنىشكە ، ئەجدادلىرىنىڭ يوقاپ كېتاي دەپ قالغان ئىزلىرىنى ئىزدەشكە، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ـ ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە رىغبەت ۋە ئىلھام بەردى. بۇ پائالىيەت نەتىجىسىدە پوچتا يوللانمىلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېز كۆپىيىپ، پوچتا ئىدارىلىرى بۇنىڭدىن نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشتى. 1992 ـ يىلى نيويوركتا ئۇيۇشتۇرۇلغان «ئائىلە تارىخى يەرمەنكىسى» تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يەھۇدىي، ئېرلاند، ۋېلىس قان سىستېمىسىغا تەۋە زاتلارنى جەلب قىلدى. بۇ يەرمەنكىگە نۇرغۇن ئادەم قاتنىشىپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالەت شەكىللەندى. تەدرىجىي كۈچىيىپ بارغان مۇنداق يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى نەسەبنامەشۇناسلىققا ئىخلاس قىلىدىغان بىر تۈركۈم زاتلارنى

[①] «شىنجاڭ تەرمىلىرى» نىڭ 1994 ـ يىلى 8 ـ سانىدىن ئېلىندى، تاڭ يىخېنىڭ ماقالىسى.

نەسەبنامىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ھەتتا نەسىبنامىلەرنى دوكتورلۇق ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسى شەكلىدە تەتقىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەنئۈلار ھەر قايسى كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىزدەشتى، شۇنداقلا ئىزى ئۆچەي دەپ قالغان كونا قەبرىستانلارغا بېرىپ ئەجدادلىرىغا ئالاقىدار ئىنچىكە پاكىتلارنى توپلاشتى. باشقىلارغا ۋاكالىتەن ئۈلارنىڭ ئەجدادلىرىنى ئىزدىشىپ بېرىدىغان كەسپىي شىركەتلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى ئەتراپلىق كومپيۇتېر تور پونكىتلىرى ۋۇجۇدقا چىقتى، ھەممە شۇ يوللار ئارقىلىق خېرىدارلارنى كۈچلۈك جەلب قىلدى.

ئاۋستىرالىيىدىمۇ ئامېرىكىدىكى يىلتىز ئىزلەش قىزغىنلىقىغا ئەگىشىپ، نەسەب سۈرۈشتۈرۈش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. نەسەب سۈرۈشتۈرۈش ۋە نەسەبنامىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش كىشلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان ھەۋەسكە ئايلاندى. نەسەبنامە ئارقىلىق يىلتىزىنى ئىزدەشنىڭ نەتىجىسى گەرچە ھازىرقى زاماندىكى ئاۋستىرالىيىلىكلەر بىلەن ئەنگىلىيە خان جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى، ياكى 1788 ـ يىلى ئۈلارنىڭ زور كېمىلەر بىلەن ئوكيانىيە قىتئەسىگە كېلىپ، شۇ يەرلىك خەلقلەرنى بېسىش بەدىلىگە زېمىنغا جىنايى قىلمىشلىرىنى باغلاشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى ئاۋستىرالىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىككى خىل تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش كىشلەرگە ھامان شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئاۋستىرالىيەدىكى نەسەبنامە ئىلمىي جەمئىيىتى دۇنيادىكى ئوخشاش خىلدىكى تەشكىلاتلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ جەمئىيەت بولۇپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى نىك ۋانگېرنىڭ ئېيتىشىچە، كىشلەرنىڭ نەسەبنامىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىپ ساقلىشى شۇ سەۋەبتىنكى، چۈنكى ئۆزگىرىۋاتقان، پارچىلىنىۋاتقان ۋە يېمىرىلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، نەسەبنامە ئادەمگە كۈچلۈك تەۋەلىك تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدۇ.

يىلتىز ئىزدەش ـ مۈشكۈل بىر ئىش بولۇپ، ئۇ بىلىم، ئەقىدە، تەۋرەنمەس ئىرادە تەلەپ قىلىدۇ. ئويلاپ باقايلى، نوپۇس ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتكەن، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلارغا تولۇپ كەتكەن تارىخ ئېقىنى ئىچىدىن مەلۇم جەمەتنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق، قان ـ قېرىنداشلىق زەنجىرىنى ئايرىپ رەتلەپ چىقىش ـ مۈشكۈلاتنىڭ مۈشكۈلاتىدۇر. ئەگەر ئەجدادتىن ئەۋلادقا تەرتىپلىك، مۇكەممەل ۋە ئېنىق خاتىرىلەنگەن جەمەت نەسەبنامىسى بار بولغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئانچە تەس ئىش بولماسلىقى مۇمكىن.

بىراق ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، كۆپ قىسىم مىللەتلەردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئائىلىلەردە ئەجدادلىرىدىن قېلىپ قالغان مۇكەممەل نەسەبنامە يوق دېيەرلىكتۇر. نەسەبنامە بولسا يىلتىز ئىزدەشنىڭ ئەڭ قولاي، بىۋاستە يولى، شۇنداقلا يىلتىز ئىزدەشتە پايدىلىنىش قىممىتى ھەممىدىن ئۈستۈن قامۇس بولسىمۇ، ئەمما ھەر خىل بالايى ئاپەتلەر ۋە جەمەتلەر، ئائىلىلەرنىڭ خاراب بولۇشى سەۋەبىدىن، نۇرغۇن نەسەبنامىلەر ئىز دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېلىمىزدە خەنزۇ خەلقى تارىخ مابەينىدە داۋام قىلىپ ساقلاپ كەلگەن نۇرغۇن نەسەبنامىلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ كەلگەن بىر قىسىم نەسەبنامىلەرمۇ ھەم بۇ سوغۇق قولنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالىي بولالمىغانىدى. روشەنكى، بىر ئائىلە ياكى بىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ مەلۇم جەمەتنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەش ھەم جاپالىق ھەم ئۈنۈمسىز ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى جايلاردىكى يىلتىز ئىزدىگۈچى پىداكارلارنىڭ كېلىشىش ئاساسىدا فامىلە (ئەجداد جەمەتنىڭ نامى) نى لىنىيە قىلىپ بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش يولىغا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ يىرتىدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا ئايرىلىپ كەتكەن، ئەمما ئۆز يۇرتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، جەمەتداشلىرى بىلەن جەم بولۇش ئارزۇسىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ئۇسۇل خەنزۇلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە تەشكىل قىلغان يىلتىز، ئەجداد مەدەنىيىتىنى ئىزدەشنى تۈپ مەقسەت قىلغان خىلق تەشكىلاتلىرى - جەمەتداشلار ئۇيۇشمىسى ياكى فامىلىداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىدىكى ئاساسىي يولدۇر. يىلتىز ئىزدەش پۈتۈنلەي تولۇق ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت پائالىيىتى ياكى مەدەنىيەتنى ئېتراپ قىلىش - قىلدۇرۇش پائالىيىتىدۇر. «ھەر دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، سۇ ئېقىنىنىڭمۇ مەنبەسى بولىدۇ». ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا يىلتىزنى ئىزدەش، ئەجدادلىرىنى تېپىۋېلىش نۆۋەتتە مىللەت دائىرىسىدە ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىغا، ئەمەلىي ھەرىكەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ، ئۇ ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ زور ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش، زورايتىش، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى مەنىۋى قۇۋۋىتىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر. بۇ جەھەتتە خەنزۇ خەلقىنىڭ يىلتىز ئىزدەش پائالىيەتلىرىدىن تولۇق ئۆرنەك ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. نۆۋەتتە خەنزۇلار

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قۇرغان مەشھۇر فامىلىداشلار ئۇيۇشمىلىرى ئىككى خىل شەكىلدە مەۋجۇد بولماقتا. بىرى، ئەسلىدە يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بىر نەچچە فامىلىلىكلەر بىرلىشىپ قۇرغان نەسلداش تۇغقانلار ئۇيۇشمىلىرى؛ يەنە بىرى بولسا يەككە فامىلىگە مەنسۇپ بارچە كىشلەرنىڭ ئۆزلىرى تەشكىل قىلغان فامىلىداشلار ـ جەمەتداشلار ئۇيۇشمىلىرىدۇر.

دۇنيادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ يىلتىز ئىزدەش، ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىش پائالىيەتلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە شەكلى بار.

بىرىنچى، فامىلىداشلار ۋە نەسەبداشلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇش: يەنى ئوخشاش فامىلىلىك كىشلەر ئۆز ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۇلارنى خاتىرلەش، ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىقنى ئاشۇرۇش ۋە بىللە تەرەققىي قىلىشنى كۆزلەپ قۇرغان ئۇيۇشمىلار؛

ئىككىنچى، كۆپ فامىلىلىكلەرنىڭ ئورتاق ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇش: بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشتىكى مەقسەت بولسا، بەزى بىر نەچچە ھەتتا ئون نەچچە فامىلىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زاماندىكى مەلۇم بىر فامىلىدىن شاخلىنىپ چىققانلىقىغا دائىر تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يىلتىزىنى تېخمۇ يىراق ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ئورتاق فامىلىدىن ئىزدەش، ئۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا فامىلىلەر ئارا ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشۇشچانلىقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت؛

ئۈچىنچى، ئوخشاش فامىلىلىكلەر ئارا زىيارەت: ئوخشاش فامىلىلىكلەر ئۇيۇشمىلىرى ئارا زىيارەتتە بولۇشتىكى مەقسەد، يىلتىز ـ ئەجدادىنى ئىزدەش ئارقىلىق، ئورتاق فامىلە ياكى جەمەتىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى كۈچەيتىش، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق تەرەققىياتىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت.

ئەينى بىر فامىلىگە مەنسۇپ كىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندىكى كىشلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەينى بىر تۇنجى ئەجدادتىن چىققانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى پادىشاھ ـ خاقانلار، بەگلەر ۋە باشقا خىلدىكى مەشھۇر شەخسلەر ئىشلەتكەن فامىلە ياكى فامىلىگە يېقىن نام ـ بەلگىلەرنى ئىشلەتكەن ھازىرقى زامان كىشلىرى بىلەن ئاشۇ خاقان، بەگ ۋە مەشھۇر

شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا چوقۇملا باغلىنىش بار دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بىراق كىشلەر ئۆز فامىلىرىنى ئۆتكەن دەۋرلەردىكى يۇقىرىقىدەك مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نام ـ بەلگىلىرى بىلەن ئاتاش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى تارىختىكى تەسىرگە ئىگە مەشھۇر زاتلار بىلەن باغلاشنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەھۋالى زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ فرېئوۋدنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ ھەر بىر ئىشنى قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئىككى نەرسىدىن مۇستەسنا ئەمەس: يەنى، بىرى جىنسىي قوزغىلىش ( جىنسىي ئىستەك )، يەنە بىرى بولسا ئۇلۇغلۇققا ئىنتىلىش. بىزچە ئىنسان ماھىيىتىدىكى ئەڭ تەخىرسىز تەلەپ بولسا ئېتىراپ قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىش، يەنى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى كىشلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىشنى، كىشلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش ۋە ماختىلىشنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت. كىشلەر دائىم ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئادەتتىكىچە بولمىغان بىر يىلتىزغا باغلاشنى ياقتۇرىدۇ. ناۋادا ئۆزلىرى بىلەن تارىختىكى مەلۇم مەشھۇر شەخس ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقاپ قالسا، ھامان بۇنى ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ ھەم بۇنىڭدىن پەخىر ھېس قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بىز ھامان ئۆز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ كىشلەردىن بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇلارنىڭ لەقەم، تەخەللۇس ھەتتا فامىلىسىنى ئۆزىمىزگە فامىلە قىلىپ قوللىنىمىز. گەرچە بۇنداق ئارزۇ كۆپىنچە ئويلىمىغان يەردىن نەتىجە بەرمىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدا ئەكس ئېتىدىغىنى بولسا كۈچلۈك مەدەنىي ئۈيۈشچانلىق تۇيغۇسى ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ھەر قانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. مەدەنىيەت جىم ھالەتتىكى نەرسە، ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئۇ تىرىك، ھەرىكەتچان ئېقىم، شۇنداقلا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، ئۆتكەن دەۋرلەر بىلەن كەلگۈسى دەۋرلەرنىڭ، قەۋملەر بىلەن قەۋملەرنىڭ، جامائەت بىلەن جامائەتنىڭ ئورتاق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىگە سىڭىپ، ئۆتۈشۈپ كەتكەن بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىدۇر. ھەر بىر ئادەم ئۆتكەنكى ئەجدادلاردىن قالغان تارىخىي مىراسلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، شۇنداقلا ھەم ئۇنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇش ئارقىلىق، مەدەنىيەتنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىشقىمۇ موھتاج بولىدۇ. ھەر بىر جەمئىيەت، مىللەت ۋە قەۋم مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە توختاۋسىز

ۋارىسلىق قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا يېڭى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە شەكلى سۈپىتىدە مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن ئائىلە ـ جەمەت مەدەنىيىتى ئىلگىرىكى ئۇزاق يىللار ـ ئەسىرلەر مابەينىدە ھەر بىر ئۇيغۇرغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئائىلە ـ جەمەت مەدەنىيىتىگە جەمەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش، ياشاش، گۈللىنىش، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش، ئۆرلەش ۋە پەسىيىش ... تەك تارىخىي قىسمەتلىرى پۈتۈلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەر قايسى جەمەت، تەبىقە گۇرۇھلارنىڭ ، ھەتتا ئائىلىلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ چۆكمىسىگە ھەمدە ھەرىكەت مىزانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئوخشىمىغان ناملارنى بەلگە قىلغان جەمەتلەرنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىرى ئوخشىمىغاچقا، ئۇ جەمەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ مۇناسىپ رەۋىشتە پەرقلەرگە ئىگە بولىدى. ئەمما، تۈرلۈك تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت مەدەنىيىتى ھەر خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدە تەدرىجىي سۇسلىشىپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى جەمەتچىلىك ئېڭى مۇناسىپ دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى. نەتىجىدە زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەزمۇنى كۆپىيىشكە تېگىشلىك بولغان مۇكەممەل جەمەت نەسەبنامىسى، جەمەت فامىلە ـ بەلگىلىرى، جەمەت شەجەرىسى، جەمەت قەبرىستانلىقى، جەمەت قانۇنى، جەمەت تۆرۈلىرى، جەمەت يوسۇنلىرى، جەمەت ( ئاغزاكىي) ئەدەبىياتى ... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمەت مەدەنىيىتى ئەكسىچە يېمىرىلىپ، ئاددىي ۋە كىچىك كۆلەمدىكى ئائىلىلەرگە چېچىلىپ كەتتى. جەمەت مەدەنىيىتى ئىزنالىرى ئاندا ـ ساندا ساقلىنىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن خەلقنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتى تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ كەلدى.

قائىدە بويىچە مۇلاھىزە قىلغاندا، جەمەت مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە تەكشۈرۈشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا جىددىي تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەزمۇن ئىدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، چۈنكى جەمەت مەدەنىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد بولغان مەدەنىيەت ھادىسە سۈپىتىدە سانسىز ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەم ئەنئەنىۋى ئادىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى جەمەت مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەنمۇ ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي

قىسمى بولۇپ سانىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خېلى كۆپ كىشلەر ئېڭىدا ساقلىنىپ قالغان، يەنە تېخىمۇ كۆپ كىشلەر ئېڭىدا ئويغىنىۋاتقان جەمەت مەدەنىيىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە چوڭقۇر يەسىر كۆرسىتىپ، بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزغا مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق ھېلىھەم ئىشتىراك قىلماقتا.

# ئىككىنچى بۆلۈم: ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەبنامىچىلىك ئەنئەنىسى

ئۇيغۇرلار تارىخ تۇيغۇسى كەم مىللەت ئەمەس، شۇنداقلا ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ئېتىبارسىز قارىغان مىللەت تېخىمۇ ئەمەس. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا ئۆز تارىخىنى (مىللەت تارىخىنى) تۈرلۈك شەكىللەردە خاتىرىلەپ قالدۇردى. يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان قىيا تاش رەسىملىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ رەسىم - بەلگىلەر سۈپىتىدىكى تارىخى بولغان بولسا، كېيىنكى دەۋردىكى مىڭ ئۆيلەردىكى رەسىم ۋە يېزىقلار ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەينەن تەسۋىرلىرىدۇر. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن تەزكىرە، شەجەرە، تارىخ ۋە مۇشۇنداق ناملار بىلەن ئاتالمىغان تۈرلۈك قوليازما ۋەسىقىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىنى خاتىرىلەشنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما يۇقىرىقىلار مىللەت ياكى يۇرت تارىخى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇب تارىخي ئىزدىنىشلەر بولۇپ، ئۇ بىز بۇ يەردە مۇلاھىزەقىلىۋاتقان ئائىلە - جەمەتنىڭ تارىخى ياكى ئائىلە ۋە جەمەتتىكى ھەر بىر يەككە شەخسنىڭ خۇسۇسىي تارىخى (تەرجىمەھالى) ئەمەس. جەمەت تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇقچىلىق ۋە قەبىلىچىلىك دەۋرلىرىدە ھەر بىر جەمەت (يەنى ئۇرۇق) نىڭ تارىخىنى مەلۇم شەكىللەر بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرغان. بىز يېزىق ئىشلىتىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا ھەر بىر ئۇرۇق (ياكى جەمەت) نىڭ ئۆز تارىخىنى  قانداق شەكىللەر ئارقىلىق قالدۇرغانلىقىغا ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىساقمۇ، ئەمما يېزىق قوللانغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ئالامەتلەردىن بىز بۇنداق ئەنئەنىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەىكەنلىكىنى بىلىپ ئالالايمىز. بىز تەسەۋۋۇرىمىزغا ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئىبتىدائىي دەۋرلەردىكى ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىدە ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قاتار ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇنداق ئەنئەنىلەرنى ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆزىگە خاس توتېمىنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۇرۇقنىڭ شۇ توتېم قىلىنغان ھايۋان ياكى نەرسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگە، تامغا ۋە نىشانلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىدەك

ئەھۋاللاردىن كۆرەلەيمىز. دەرۋەقە، قەدىمكى ئۇرۇقچىلىق دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭمۇ ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمگە خاس بولغان بىر قاتار ئەنئەنىلىرى بار بولغان. بۇنداق ئەنئەنىلەر ھەققىدە تۈركولوگلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئىلىم ساھىبلىرى كۆپ خىل قىياس ۋە پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن سىرت، قەدىمكى ۋەسىقىلىرىمىزدىن بەزىلىرىدە بۇنداق ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئادەتلىرىگە ئائىت خاتىرىلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قەدىمدە ئۇيغۇرلاردا ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بار بولاتتى، مەلۇم تېرىتورىيىسى بار بولاتتى، ئۇلار مەلۇم ھايۋان، جۈملىدىن قۇشلارنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق نىشانى قىلاتتى، شۇ ھايۋانلارنىڭ نامى بەزىدە شۇ ئۇرۇقلارنىڭ نامى بولار ئىدى، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئىلكىدىكى چارۋا ۋە ماللارغا باسىدىغان ئۆزىگە خاس تامغىلىرى بولاتتى، ھەر بىر ئۇرۇق ئۆزىنى باشقا ئۇرۇقتىن پەرقلەندۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان نىشان ـ بەلگىلىرى بار بولاتتى، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ باشقا ئۇرۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە رىئايە قىلىدىغان نىزاملىرى، ئىچكي جەھەتتە ئۇرۇق ئەزالىرى بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بولغان قائىدىلەر ھەم كۈندىلىك تۇرمۇشتا شەكىللەندۈرگەن بىر قاتار ئادەت ـ ئەنئەنىلەر بار بولاتتى. قەدىمكى ۋەسىقىلەردىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى مەلۇماتلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ئەسەردە قەدىمكى ئوغۇز ئۇرۇقلىرىدىن 22 ئۇرۇقنىڭ ئۆزىگە خاس نامى، ئۇلارنىڭ تامغا بەلگىلىرى خاتىرىلەنگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بەزى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىمۇ مەلۇم ئۇرۇقلارغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ بەزى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تۈرك دەۋرلىرىدە ئۇيغۇرلاردا «ئائىلە» ئۇقۇمى «ئارقاغۇن» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنەتتى. بۇ بەزىدە بىر ئاتا ياكى بىر ئۇرۇقنىڭ بېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بارلىق كىشىلەر توپىنى كۆرسىتەتتى. ئرقاغۇن دائىرىسىدىكى مۇرەككەپ ئائىلىۋىي مۇناسىۋەتلەردە ھەر بىر كىشىنىڭ جەمەت ئىچىدىكى باشقا كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئاساسلانغان ئاتاش سۆزلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، «ئوغۇل»، «قىز»، «ئىنى»، «ئاچى» (قېرىنداش ياكى تاغا مەنىسىدە)، «ئاكا»، «ئاپا» (ئاچا مەنىسىدە)، «سىنىل» (سىڭىل مەنىسىدە)، «ئاتى» (جىيەن ئوغۇللار مەنىسىدە)، «كالىن» (كېلىن مەنىسىدە)، «ئۆگ» (ئۈگەي ئانا مەنىسىدە)، «قونجۇي»

(قىز ئەۋلادلار)، ... دېگەندەك.

مۇناسىپ ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار (ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەۋملەر) دە جەمەتنىڭ قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنۇقتىسىدىن يەنە بىر قانچە خىل ئاتىلىشى بار بولۇپ، ئۇلار «ئىنىيۈگۈن»، «ئوغۇش»، «باغ»، «ئۇرۇغ ئوق»، «تەگ» لاردۇر. بۇلار ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى ئۇرۇق ياكى جەمەتلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ بىرلىكلەر دائىرىسىدە كۈچلۈك جەمەتچىلىك ئېڭىغە تايانغان بىر قاتار ئورتاق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇلار دائىرىسىدە مۇئەييەن «تۆرۈ» (قانۇن - تۈزۈم) لەر بار بولاتتى. بۇ تۆرۈلەر جەمەت ياكى ئۇرۇغ دائىرىسىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ، شۇنداقلا نىكاھ مۇناسىۋىتى، مال - مۈلۈك تەقسىماتى، ... قاتارلىق ئىشلارنىڭ نورمال يۈرۈشىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى. شۇ دەۋرلەردە يەنە ھەر بىر ئۇرۇغ ياكى جەمەتنىڭ ئۆزىگە تاۋا مۇقىم يايلىقى، تۇرالغۇلىرى، ئۇرۇغ ئىچىدىكى ئورتاق مال - مۈلۈك، نىسبىي مۇقىم نام (گوياكى فامىلە تۈسىدىكىناملار) ۋە تۇغ - نىشانلار بار بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىمۇ خېلىدىي باشقا ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىدىكى مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش كۈچلۈك جەمەتچىلىك ئېڭى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئامىللاردۇر.

ئىسلام دىنى قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىچىلىك ھايات ئەندىزىسىدىن قۇتۇلۇشىغا، بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسى بولۇپ شەكىللىنىشىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسىنىڭ زورىيىشىغا، مۇقىم دېھقانچىلىق ۋە شەھەر تۇرمۇشى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. يەنە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلاردا قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپلا قەدىمكى دەۋردىكى قەبىلە ۋە ئۇرۇق بويىچە ياشاش ئەندىزىسى زور دەرىجىدە سۇسلاشتى. بۇنىڭ ئورنىنى بولسا يەككە ئائىلىلەر ۋە مەھەللىلەر بويىچە ياشايدىغان دېھقانچىلىق ئېگىلىكىگە خاس ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ئالدى. ئەمما مەھەللە ۋە يۇرتلارنىڭ شەكىللىنىشى ھامان بىر ئۇرۇق ياكى بىر جەمەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشى ھەم ئاۋۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، يۇرت بىرلىكلىرى ۋە مەھەللە بىرلىكلىرى بويىچە ياشاش ئەندىزىسى ئىلگىرىكى جەمەتچىلىك ئېڭىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى - يۇ، لېكىن

يوووقتالمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق جەمەتچىلىك ئېڭىنى يوقتىش ياكى ئۆنمگىدىن ۋاز كېچىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىسلام دىنىمۇ «مۇسۇلمانلار بىر بىرگە قېرىندىش» دېگەن ئىسدىيىنى تولۇق ئالغا سۈرگەچكە، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار نەزىرىدە جەمەتچىلىك ئېڭى مەھەللە ۋە يۇرت چۈشەنچلىرى بىلەن قوشۇلۇپ مەۋجۇد بولدى. دەرۋەقە، ئىسلام دىنىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا ئىزدىشىش، ياخشىلىقنى ئالدى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن داۋاملىشىپ كەلگەن جەمەتچىلىك ئەنئەنىسگە ماس كەلدى. مەسىلەن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: «تۇغقاندارچىلىقىڭلارنى بىلگۈدەك دەرىجىدە نەسەبلىرىڭلارنى بىلىۋېلىڭلار. چۈنكى سىيلە ـ رەھىم (تۇغقاندارچىلىقنى ئۇلاش) تۇغقانلارنىڭ مۇھەببىتىنى پەيدا قىلىدۇ، مالنى كۆپەيتىدۇ، ئۆمۈرنىڭ ئۇزىرىشىغا سەۋەب بولىدۇ.» (تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ھەدىس) [1] نەتىجىدە، ئۇيغۇرلاردا يازما نەسەب خاتىرىسى قالدۇرۇش ئىشىنىڭ كەڭ ئومۇملىشالماسلىقىغا تولۇقلىما سۈپىتىدە، ئاغزاكىي شەكىللەردە نەسەب خاتىرىسىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ۋە ئومۇملاشتۇرىدىغان ئەنئەنە ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرۇش ئەنئەنىسىنى دېگەندەك كەڭ كۆلەمدە شەكىللەندۈرۈپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى نەسەب خاتىرىسىنى ساقلاش ۋە داۋام قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇللىرىمۇ بولغان. ئۇيغۇرلاردا ھەر بىر ئائىلىدە چوڭلار بالىلىرىغا ئەجدادلىرىنىڭ قىسمەتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ؛ پەرزەنتلەر ۋۇجۇدىدا زاھىر بولغان ئالاھىدە جىسمانىي بەلگىلەرنىڭ قايسىدۇر بىر ئەجدادلىرىدىن قالغانلىقى ھەققىدە ئىسپاتلار كەلتۈرۈشىدۇ؛ پەرزەنتلەرگە ئۇلارنىڭ جىنسىي پەرقى بويىچە ئۆز ئەجدادلىرىدىن بەزىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇشىدۇ؛ ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان مەلۇم تەۋەررۇك بويۇملارنى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇپ، بۇنداق تەۋەررۈكلەرنى كەلگۈسىدە داۋاملىق قەدىرلەپ ساقلاشقا دەۋەت قىلىشىدۇ؛ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملىرىدا ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىكى كىشىلەرنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇلارنى تونۇلىك

---

[1] ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇغ تەييارلىغان: «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە 500 جۈملە» (جامىئۇل ھەدىيس)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 296 ـ بەت.

مۇراسىملارغا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق، نەسەبداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆز ـ ئارا ئەسلىشىپ ئۆتىدۇ؛ ھېيت ـ بايرام قاتارلىق ئۇيۇچە پائالىيەتلەردە پەرزەنتلەرنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسىدىدە ئۇلارنى تۇرلۇك پەتىلەرگە باشلاپ بارىدۇ. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەر داۋامىدا ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەر جەمەتچىلىك ئېڭىنى كۈچلىك ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەرياندا گەرچە جەمەتنىڭ يازما تارىخىنى پۈتۈپ قالدۇرۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان خىزمەتلەر كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئىشلەنمىسىمۇ، ئەمما ئاغزاكىي شەكىللەردە ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ھېكايە قىلىش، بالىلارغا ئەجدادلار ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ سانى، ئولتۇراقلاشقان يۇرتلىرى، ھال ـ ئەھۋالى، ... قاتارلىقلاردىن خەۋەردار قىلىش، ... قا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار ھەممە ئائىلىلەردە توختاپ قالمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە قالدۇرۇش ۋە نەسەب سۈرۈشتۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنى باشقا خەلقلەر ئاياللىرىغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر ئۈستۈن بولۇپ كەلگەچكە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلاردا ئاياللار ئانىلار ۋە قىز پەرزەنتلەر ئورنىدا قەدىرلەنگەچكە، ھەر بىر ئائىلىدە نەسەب سۈرۈشتۈرۈشتە ئاتا ۋە ئانا تەرەپنىڭ ئەجدادلىرىنى تەڭ سۈرۈشتۈرىدىغان، نەسەب خاتىرىلىرىنى قالدۇرغاندىمۇ ئانا جەمەتنىڭ نەسەب خاتىرىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنمايدىغان بىر ئەنئەنە مەۋجۇد. بۇنداق ئەنئەنە نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسى بار باشقا مىللەتلەردە كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكنى بۇنىڭدىن كېيىنكى نەسەبنامە يېزىش ئىشلىرىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا، نەسەب خاتىرىسى قالدۇرغاندىمۇ ئانا تەرەپ ئەجدادلارنىمۇ ئوخشاش پوزىتسىيە بىلەن نەسەبنامىلەر ئىچىدە خاتىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بىر جەمەتتىكى كىشىلەر ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى قانداق شەكىللەردە ساقلاپ ۋە خاتىرىلەپ كەلگەن؟ يىلتىز ئېڭىنى قانداق يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن؟ بىزچە بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك شەكىل ۋە يوللار ئۇيغۇرلاردا ئومۇمىيلىققا ئىگە.

(1) ئەجدادلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قويۇش: يەنى بوۋىلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئوغۇل

نەۋرىلەر ياكى ئەۋرىلەرگە، مومىلارنىڭ ئىسمىلىرىنى قىز نەۋرە ۋە ياكى ئەۋرىلەرگە قويۇش. بۇنىڭدا پەرزەنتنىڭ ئاتا تەرەپ ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن ئانا تەرەپ ئەجدادلارنىڭ ئىسمىلىرى ئوخشاشلا ئېتىبارغا ئېلىنغان.

(2) جەمەت قەبرىستانلىرىنى بەرپا قىلىش: ئىلگىرىكى بىر قىسىم جەمەتلەردە كىشىلەر ۋاپات بولغاندا تاللانغان مەلۇم ئورۇنغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭمۇ شۇ قەبرىلەرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىش نەتىجىسىدە، جەمەت قەبرىستانلىرى پەيدا بولغان. ۋەھالەنكى، ئىلگىرىكى قەبرىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىدە يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان بولغاچقا، ئىلگىرىكى جەمەت قەبرىستانلىرىنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن. ئەمما قەدىمكى كۆپىنچە قەبرىستانلارنىڭ جەمەت قەبرىرستانلىرى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. ھازىرقى دەۋردىمۇ ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋاپات بولغاندا، ئۇلار يېقىن (ياكى تۇتاش) قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنىدىغان، ياكى دادىلارنىڭ قەبرىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى، ئانىلارنىڭ قەبرىلىرىگە قىزلىرى دەپنە قىلىنىدىغان، كىشىلەردە ``ئاتا-ئانامنىڭ قەبرىسىدە ياتىمەن`` دىگەن ئارزۇ بولىدىغان ئەھۋال خېلى ئومۇملاشقاندۇر.

(3) ئەجدادلىرىنىڭ ئۆي-ماكانلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىدا بولۇش: ئۇيغۇرلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ئاتا-ئانىسىدىن مىراس قالغان ئۆي-ماكانلارنى قەدىرلەپ، ئۇلارنى تاشلىۋەتمەي گۈللەندۈرۈشكە مايىل كېلىدۇ، ئەجدادلارنىڭ كونا جايلىرىغا پات-پات بېرىپ يوقلاپ تۇرىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ ئۆي-ماكانىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان پەرزەنتلەر (كۆپىنچە كەنجى ئوغۇل) گە مىراس تەقسىماتىدا كەڭچىلىك قىلىش... شەكىللىرىدە ئەجدادلارنى مەنىۋى جەھەتتە ئەسلەيدۇ ۋە ئۇلارغا بولغان نەسەبداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەيدۇ.

(4) ئائىلىدە بولىدىغان ھەرخىل مۇراسىم ۋە چوڭراق پائالىيەتلەر- توي مۇراسىمى ۋە ماتەم مۇراسىملىرىدا جەمەت دائىرىسىدىكى ھەممە ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ئاساس قىلغان دائىرىدە جامائەت ھازىرلاش: ئۇيغۇرلاردا بىرەر ئائىلىدە توي - تۆكۈن ياكى ئۆلۈم - يېتىمگە ئوخشاش ئىشلار يۈز بەرگەندە، كىشىلەر بۇنداق پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان جامائەتنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق

مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان كىشلەردىن تەشكىل قىلىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەزكۇر مۇراسىملار ئەمەلىيەتتە جەمەتچىلىك ئېڭىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىم سورۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

(5) جەمەت ئىچىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىشنى تەشەببۇس قىلىش: ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى تويلىشىش ئادىتىدىكى كۆرۈنەرلىك بىر ئەھۋال ـــ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا تويلىشىشنى تەشەببۇس قىلىشتۇر. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرىنى ئۆيلەش ياكى ياتلىق قىلىشتا، ئائىلە مۈلكىنىڭ چېچىلىپ ياكى بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى، كېيىنكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ چىڭىشى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ باشقا مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، لايىقنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان كىشلەر دائىرىسىدىن تاللاشقا ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدە لايىق تېپىلمىغاندا، ئاندىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولمىغان كىشلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

(6) ئەجدادلارنىڭ مىراس ۋە تەۋەررۈك بويۇملىرىنى قەدىرلەپ ساقلاش ۋە ئىشلىتىش: ئۇيغۇرلاردا پەرزەنتلەر ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ھەر خىل تەۋەررۈك بويۇملار، جۈملىدىن كېيىم - كېچەك، ئاشخانا سايمانلىرى، تۇرمۇش جابدۇقلىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، زىبۇ - زىننەت بويۇملىرى، ... قاتارلىقلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ ياكى ساقلايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى يەنە ئۆز پەرزەنتلىرىگە تەۋاررۈك سۈپىتىدە قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ. بۇنداق ئادەت ئەمەلىيەتتە جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ ئۆزگىچە بىر ئىپادىسى بولۇپ سانىلىدۇ.

(7) ئەجدادلار ھەققىدە پەرزەنتلەرگە ھېكايە سۆزلەش. بايقاش مۇمكىنكى، ئائىلىلەردە ئاتا-ئانىلار ۋە بوۋا-مومىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە سۆزلەپ بېرىدىغان (تەربىيە بېرىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش مەقسىدىدىكى) ھېكايىلىرى كۆپىنچە ئەجدادلار ھەققىدە بولىدۇ. بۇنداق ھېكايىلەر ئەجدادلارنىڭ يۇرتلىرى، ئۇلار بېشىدىن كەچۈرگەن ئالاھىدە ياكى قىزىقارلىق سەرگۈزەشتلەر، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ھەم ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشلەر، ... ھەققىدە بولىدۇ. بۇ ھېكايىلەر ئىچىدىن ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ كىملىكى، ئۇلارنىڭ تارىخى ھەم ئۆزلىرى بىلەن بولغان ئەجداد - ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا پەرزەنتلەرمۇ بۇ ھېكايىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى

سۆزلەش بىلەن ئەۋلادلىرىغا جەمەت تارىخى ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ.

ئائىلە ياكى جەمەت نەسەبنامىسى يېزىپ قالدۇرۇش، دۇنيادىكى ھەممە مەرىپەتلىك مىللەتلەردىكى ئومۇميۈزلۈك ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە تۈزۈش يىراق تارىخقا تۇتىشىدىغان ئەنئەنىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، بىز تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىنى تۈرك قاغانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قىسمەن شاھلىرىنىڭ نەسەب خاتىرىسى دەپ چۈشىنىمىز. بىلگە تونيۇقۇق شەجەرىسىنىڭ بايقىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كورىيەدىن تېپىلغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار مانا شۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە تەزكىرە - تەرجىمەھال يېزىش ئەنئەنىسى باش كۆتۈردى. نۇرغۇن تەزكىرىلەر چوڭ پادىشاھلار، ئۇلۇغ ئالىم - ئۆلىمالار، ئەدىبلەر، تەسەۋۋۇپ پىشۋالىرىنىڭ نەسەبنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان بولسا، «بابۇرنامە»، «تارىخى شەجەرەئي تۈرك»، «تارىخى ھەمىدىي» كەبىي تارىخنامىلەر مەلۇم ئۇلۇغ شاھلارنىڭ نەسەبنى ئادەم پەيغەمبەرگىچە سۈرۈپ تەتقىق قىلىشتەك نەسەبشۇناسلىق مەزمۇنى بىلەن خاراكتېرلەندى. تېخمۇ جانلىق دەلىللەر شۇكى، ھازىر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارىخى 500 يىلغا يېتىدىغان، خاتىرىلەنگەن ئادەم سانى 1000 دىن ئاشىدىغان، شۇنداقلا مۇكەممەل كۆرۈنۈشلۈك سىخېمىسى - ئائىلە شەجەرىسى قوشۇمچە قىلىنغان نەسەبنامە (جورۇڭقاي) لار ساقلانماقتا ۋە داۋام قىلدۇرۇلماقتا. دېمەك، ئۇيغۇرلاردىمۇ، نەسەبنامە يېزىش ۋە ئائىلە شەجەرىسى تۇرغۇزۇش ئەنئەنىسى بولغان. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە يېزىش قەدىمكى دەۋرلەردە خان جەمەتى، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ۋە ئاز ساندىكى قەلەمدارلار ئارىسىدىلا چەكلەنگەن ئەنئەنە بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلۈك تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئائىلە تارىخنى مىللەت تارىخنىڭ بىر تەركىبى ھېسابلايدىغان، نەسەبنامە ئارقىلىق ئۆتمۈشنى كەلگۈسگە ئۇلاشتەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشلەر دائىرىسىدە داۋام قىلدۇرۇلماقتا. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسى تارىخى ئۇزۇن بىر ئىش بولۇپ سانىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇ مىللىتىگە تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن جەمەتلەر خەنزۇ

مىللىتىنىڭ كۈچلۈك جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ ۋە نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئېسىل نەسەبنامىلەرنى يېزىپ قالدۇرغاندى. ھازىر تارىخىي ۋەسىقە سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان ھەتتا داۋام قىلدۇرۇلۇۋاتقان نەسەبنامىلەردىن، يۈەن دەۋرىدە ئوردىدا خىزمەت قىلغان سىلىنگا جەمەتىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى شىيى ۋېنجى شۇ دەۋردىكى خەنزۇ تارىخچىسى ئوۋياڭ شۈەنگە مىلادىيە 1358 ـ يىلى ھاۋالە قىلىپ يازدۇرۇلغان، ھەم شۇ چاغدا «گۈيجەي توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن «قوجۇلۇق شىيى ( سىلىنگا ) جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى» ، «تاڭ نامە» ، «لياۋ تارىخى» ، «يۈەن تارىخى» ۋە تاڭ، لياۋ، يۈەن دەۋرلىرىدە يېزىلغان باشقا تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر شەخسلىرى ۋە جەمەتلىرىنىڭ تەزكىرىسى، مەسىلەن «يۈەن تارىخى · سەييىد شەمسىدىن تەزكىرىسى» ، شەندۇڭدا ساقلىنىۋاتقان «سەي (سەييىد) جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» ، بەزى خەنزۇچە قەبرە تەزكىرىلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر نەسىللىك جەمەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرىلىرى، خۇنەندىكى «جيەن» فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەب تارىخىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇھىم ماتېرىيال ـ «خەلىل باشى سانغۇنىنىڭ قەبرە ئابىدىسى» قاتارلىقلار مەشھۇرراقتۇر. بۇ نەسەبنامىلەر تارىخنىڭ ئۇزۇنلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىش ۋە ئاۋۇش تارىخىدىن مەلۇمات بەرگۈچى بىرىنچى قول ماتېرىياللار بولۇش سۈپىتىدە، ئۇلار ھەم ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسىنىڭ تامامەن بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ نەسەب خاتىرىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن پايدىلىق ئەمگەك ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدىمۇ نەسەبشۇناسلىق بويىچە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇ خىزمەتلەر ئىچىدە جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش، جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىش ۋە فامىلە قوللىنىش ئارقىلىق جەمەتچىلىك تۇيغۇلىرىنى رېئال ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. مەسىلەن، 1996 ـ يىلىدىن ئېتىبارەت، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى «يىلتىزىم» ناملىق سەھىپە ئېچىپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى تارىخىنى بىلىش، ئېنىقلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىنى تۈزۈۋىلىشقا رىغبەت بەردى. نەتىجىدە نۇرغۇن بالىلار ئۆزلىرىنىڭ

ئەجدادلىرىنى ئۆزى بىلەلىگەن دائىرىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ پاكىز ئەمما قىزغىن تارىخ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى. باللارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنى ساناپ چىقىش ئىشىنى تولۇق نەسەبنامە ۋە شەجەرە شەكلىدە سىستېمىلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى شۇ ژورنالنىڭ 1997-يىللىق 12-سانىدا «نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ بىر قانچە سخېمىسى» ناملىق ماقالىنى سەبىيلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىگە سۇنغان ئىدى. قىسقىسى، ئائىلە - جەمەت نەسەبنامە تۈزۈش، شۇ ئارقىلىق ئەجداد - ئەۋلاد زەنجىرىنى ھاسىل قىلىش - نۆۋەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى، تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشى، ئەۋلادلارغا قارىتا ئەۋج ئېلىۋاتقان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ناھايىتى جانلىق بىر تەرىپى ۋە ئىپادىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى بىر قىسىم ياشلار بىلەن بىرلىكتە 2001-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنى «ئۇدۇم نەسەبنامە مۇلازىمەتخانىسى» نى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ زۆرۈر قائىدىلىرى، ئەھمىيىتى، فامىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىلىرىدە بارىسىدا سۆھبەت ۋە تەرغىبات ئېلىپ باردى ۋە بەزى جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىلىرىنى يېزىشىغا كۆرسەتمە بەردى. 2002 - يىلى مۇئەللىپ نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇرلاردا فامىلە» ناملىق كىتابنىڭ «جەمەت (ئائىلە) نەسەبنامىسى» ناملىق بۆلىكىدە نەسەبشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنلىرى، نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ زۆرۈر قائىدىلىرى ۋە شەجەرە سخېمىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. يۇقىرىقىدەك خىزمەتلەر نەسەبشۇناسلىقنىڭ ئۇيغۇرلاردا بىر يەن سۈپىتىدە روياپقا چىقىشقا باشلىغانلىقىنىڭ، نەسەبنامىچىلىكنىڭ ئىلمىي رەۋىشتە تەشكىللىك ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغانلىقىنىڭ نىشانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى مەزگىللەردە ئۇيغۇر نەسەبشۇناسلىق ئىلمى بارىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان يەنە بىر يېڭى يۈزلىنىش ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە نەسەبشۇناسلىق بويىچە مۇلازىمەت قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. 2000 - يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئۇيغۇر ئىنتېرنېت تورچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋەى كەسىلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلاردا تۇنجى نەسەبنامە تورى www.neseb.org ۋە yuksel.blogbus.com قاتارلىق بىر قاتار بلوگلار مەيدانغا كەلدى.

ئىشىنىمىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتېرنېت تورچىلىقىنىڭ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشى ۋە نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ھەم نەسەبنامە يېزىش ئىشىنىڭ كۆنسايىن ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر كومپيۇتېر نەسەبشۇناسلىقىمۇ مۇناسىپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشكۈسى.

## 2. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى

بىر مىللەتنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە ـ قوۋملەردىن تەشكىللىنىپ پەيدا بولۇش، زورىيىش ۋە مۇكەممەل مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش تارىخى بولغىنىدەك، مىللەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئۇيۇشما بىرلىكى بولغان ئائىلىنىڭمۇ بىر جۈپ ئەر ـ ئايالدىن پەيدا بولۇپ، كۆپىيىپ چوڭ جەمەتكە ئايلىنىش تارىخى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر بىر مىللەتنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخى بولغىنىدەك ياكى بولۇشقا تېگىشلىك بولغىنىدەك، بىر ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخى ـ نەسەبنامىسى بولۇشى كېرەك. بۇ ـ مەرىپەتلىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر مەرىپەتلىك كىشىنىڭ ئەقەللىي ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بىرىنچى قول ئىجادىي ماتېرىيالى، ئۆگىنىش قوللانمىسى بولۇپ سانىلىدۇ.

ئائىلە ـ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك، پائالىيەتچان بىرلىكى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئالدىغان كىچىك جەمئىيەتتۇر. ئائىلە نىكاھ ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن شەكىللىنىدىغان، ئۆزلۈكسىز پەيدا بولىدىغان ۋە پارچىلىنىپ، شاخلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مۇئەييەن قانداشلىق ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بارلىق ئائىلە ۋە شۇ ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرى بىر جەمەتنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا ئائىلە تارىخى ئەمەلىيەتتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلىنىدىغان جەمەتنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدۇر.

ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ئۇرۇق ياكى جەمەت مۇناسىۋەتلىرىگە ئېتىبار بېرىشنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئىپادىلىرىدىن بىرى ـ دەل جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى تەرەققىي قىلدۇرۇلىشىدۇر. جەمەت نەسەبنامىسى ئەسلىدە قەدىمكى دەۋرلەردىكى چوڭ ئۇرۇقلار ياكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇرۇقلىرىنىڭ

قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، بۇ ھەممە مىللەتتە دېگۈدەك مەۋجۇد بولغان، ئەمما بىر مىللەتنىڭ ھەممە ئائىلە ۋە جەمەتلىرىدە بىردەك مەۋجۇد بولۇپ بولالمىغان ھادىسىدۇر. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە، مەيلى چوڭ جەمەتلەر بولسۇن ياكى كىچىكرەك ئائىلىلەر بولسۇن، ھەممىسىدە دېگۈدەك نەسەبنامە تۈزۈپ ساقلايدىغان، ھەمدە ئۇنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرىدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال ياۋروپا مىللەتلىرىدە ۋە خەنزۇلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسەبنامە ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدە قانداق ئاتىلىشىدىن قەتئىنەزەر، جەمەت نەسەبنامىسى تۈزۈش، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئائىلىۋى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، مەرىپەتلىك جەمئىيەتتە مەرىپەتلىك مىللەتلەر بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىش، ھەر بىر پائالىيەت ۋە ھەرىكەتتە ئويغارلىقنى ئىپادىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللىي خاسلىقنى يوقۇتۇپ قويماسلىق، ئەۋلادلارغا كۈچلۈك يىلتىز تۇيغۇسىنى ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن، جەمەت نەسەبنامىسى يېزىش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ياخشىراق چارە بولمىسا كېرەك. دېمەك، بۇ نۆۋەتتە بىر زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ھەر بىر ئائىلىسىدە دېگۈدەك شۇ ئائىلە ۋە شۇ ئائىلە تەۋە بولغان جەمەتنىڭ نەسەبنامىسى بار. ئۇ مىللەتلەر نەسەبنامىلىرىنى مىللەت تارىخىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تونۇيدۇ، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە ئېسىل دەرسلىك قىلىدۇ، جەمەتداشلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى، ئۇيۇشقاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشۈرىدىغان ماتېرىيال سۈپىتىدە قەدىرلەپ داۋاملاشتۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، جەمەت نەسەبنامىسى ھامان مەلۇم فامىلە تارىخىدۇر. نەسەبنامە ـ فامىلە ۋە ئۇنى قوللانغۇچى جەمەتداشلارنىڭ تارىخىي ئاساسىدۇر. فامىلە قوللىنىدىغان مىللەتلەردە ھامان شۇ فامىلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تارتىپ شۇ فامىلىلىك جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئاۋۇشۇغىچە بولغان جەريان ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەسەبنامە بولىدۇ. فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەتلەر فامىلە قوللىنىش بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ. فامىلە قوللىنىشتا نەسەبنامىنى يازما ئاساس قىلسا، نەسەبنامە يېزىشتا

فاملىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا فاملە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش بارىسىدا نۇرغۇن ئىلىم ساھىبلىرى ئەھمىيەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشقا، بەزى لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بىر مىللەتتە فاملە ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۈتۈنلەي مۇمكىن، ئەمما فاملە قوللىنىش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، نەسەبنامە مۇھىم يېزىق ئاساسى ۋە پرىنسىپ قىلىنىشى لازىم. چۈنكى، فاملە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باغلانغان بىر پۈتۈن جەمەتنىڭ ئومۇمىي بەلگىسىدۇر. نەسەبنامە بولسا شۇ بەلگىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىشلەتكەن بارلىق كىشلەرنىڭ، قانداشلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ خاتىرىسىدۇر. فاملە قوللىنىشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئائىلە نەسەبنامىسى تۈزۈپ چىقىش بىرىنچى قەدەم قىلىنسا، ئۇنداقتا شۇ نەسەبنامە تەركىبىدە خاتىرىلەنگەن بارلىق كىشلەرنىڭ مەلۇم بىر تاللانغان فاملىنى قوبۇل قىلىشىنى تىزلەتكىلى، ھەمدە فاملە قوللىنىشتا كېلىپ چىقىدىغان خۇسۇسىي ئىختىيارىلىقنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم نەسەبنامە چوقۇم مەلۇم فاملە بىلەن ئاتىلىشى بىلەن زۆرۈر بولىدۇ. مىسال ئالساق، مەلۇم كىشى ئۆزىنىڭ جەمەتىدە مەلۇم بىر ئورتاق نامنىڭ (فاملىنىڭ، لەقەمنىڭ) بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزى مۇۋاپىق دەپ ئويلىغان بىر سۆزنى فاملە قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولغىنىدا، ئۇنىڭ تاللىغان فاملىسىنى باشقا جەمەتداشلارنىڭ قوبۇل قىلىشىدا مەسىلە كۆرۈلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆز ئائىلىسىدىنلا باشلاپ قوللانماقچى بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق فاملىنىڭ ئەجدادلار ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى رولى ئاجىز بولۇشى، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋە فاملە پرىنسىپلىرى بويىچە ئىشلىتىش، داۋاملاشتۇرۇشقا پايدىسى كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، فاملە ئادەتتىكى نام بولماستىن، مۇھىمى قانداشلىق، قېرىنداشلىق، جەمەت، ئائىلە تارىخى قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆزىگە يۈكلىگەن نامدۇر. شۇڭا ئۇنى نۆۋەتتىكى تۇغۇلىدىغان ياكى ھايات ئەۋلادلاردىن باشلىغاندىن كۆرە، نىسبەتەن يىراقتىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىش مۇۋاپىقراق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، نەسەبنامە تۈزۈش يولى بىلەن شۇ نەسەبنامىدە خاتىرىلەنگەن پۈتۈن جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق فاملىسىنى بېكىتىپ چىقىش ـ فاملە قوللىنىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مالىمانلىشىپ كەتمەسلىكنىڭ ئالدىنى شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا فاملە قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى باشلاش بىلەن جەمەت نەسەبنامىسىنى تۈزۈشنى

بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش ـ ئەمەلىي ۋە مەنپەئەتلىك تەدبىردۇر.

# ئۈچىنچى بۆلۈم: نەسەبنامە ھەققىدە

## 1. نەسەبنامىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەر نەسەبنامىلىرىدىن ئۈچۈرلار

نەسەبنامە ئىنسانلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتنى مەركەز قىلغان ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، ناۋادا شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ مۇناسىۋتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتسەك، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنىڭ تولىمۇ ئۇزاقلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىنسانلار مەرىپەت دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنلا، قانداشلىق مۇناسىۋەت ئىنسان گۇرۇھلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ مۇھىم تەشكىللىنىش ئاساسى بولغان. ئىنسانلاردا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن توپلار بولسا "ياۋايىلارچە توپلىشىپ ياشايدىغان" گۇرۇھلاردىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ئىبتىدائىي توپلاردا ئەڭ بۇرۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىلا بىلىپ، ئاتىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. قەدىمكى ئىنسانلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسانلار مەۋجۇد بولغان ئۈچ مىليون يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئىنسانلار تەخمىنەن ئىككى مىليون توققۇز يۈز مىڭ يىلچە ۋاقىتتا ئىبتىدائىي توپ ھالىتىدە ياشاپ كەلگەن. تەخمىنەن بۇنىڭدىن يۈز نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئىنسانلاردا ئىبتىدائىي ئۇرۇق تۈزۈمى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. قەدىمكى ياۋايى ئىنسان توپلىرى بىر قانچە كىچىك گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىشقا باشلىغان، ئۇلار ئايرىلغانسېرى پەرقلىرى شۇنچە ئىنچىكىلىشىپ بارغان. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق پەرقىنى بىلىدىغان ۋە شۇ بويىچە ئۇيۇشقان ئىنسان توپلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن. دەسلەپكى ئىبتىدائىي توپلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىلا بىلىپ، ئاتىلىرىنى بىلمەيدىغان بەدەۋىي ھالەتتىن تەدرىجىي ھالدا ئاتىلىق ۋە ئانىلىق يىلتىزلىرىنى بىلىدىغان ۋە شۇ بويىچە ئۇيۇشىدىغان جەمئىيەت تەشكىلى شەكىللىنىشكە باشلىغان. قانداشلىق ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت كۆنسايىن ئېتىبارغا ئېرىشىدىغان بولغان. چۈنكى بۇنداق قانداشلىق مۇناسىۋەت كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە بەھرىمەن بولىدىغان ئىجتىمائىي ئورنى، مال - مۈلۈك تەقسىماتى، سىياسىي ھوقۇقى ھەم نىكاھ ئىشلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ

قېلىشقا يۈزلەنگەن. قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ مۇنداق ئېتىبارغا ئېرىششى كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان نەسەبنامىلەرنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىنىڭ بىخلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ تەقەززاسى نەسەبنامىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ نېگىزىدۇر. ئەڭ دەسلەپتە ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قەدەر داۋاملاشقان ئەجداد ـ ئەۋلادلىق تەرتىپى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئاغزاكىي شەكىللەردە ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلگەن. دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، يېزىق بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە نەسەب ھەققىدىكى ماتېرىياللار ئېغىز ئارقىلىق ساقلانغان، تارقىتىلغان، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، دەسلەپكى نەسەب خاتىرىلىرى ئاغزاكىي شەكىلدە توپلىنىپ، تۈزۈلۈپ ساقلىنىدىغان ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەنە ئاغزاكىي رەۋىشتە يەتكۈزۈلگەن. بۇنداق ئاغزاكىي نەسەبنامىلەرنىڭ شەكلى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كۆپىنچە ئەفسانە، رىۋايەت، قەھرىمانلىق داستانلىرى ۋە چۆچەك شەكىللىرىدە بولغان. بىز يېزىق ئىشلىتىلمىگەن دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن يۇنان ئەفسانىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئاتلانتىس قۇرۇقلۇقىدىكى ئىمپېرىيە شاھلىرىنىڭ نەسەب خاتىرىلىرى ئىكەنلىكىدەك ئىشنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىگە ئائىت پاكىتلارنى كۆپلەپ بايقىماقتىمىز. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ شۇ مىللەت تارىخىدىن ئۇچۇر بەرگۈچى قەھرىمانلىق داستانلىرىنى شۇ مىللەتنىڭ ئەجدادلىرى ۋە قەھرىمانلىرىنىڭ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى تارىخى ۋە نەسەب خاتىرىسى دەپ چۈشىنىشىمىز ئارتۇقچە ئەمەس. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە» "ئوغۇز" ئاتلىق قايسىدۇر بىر قەدىمىي خاقاننىڭ نەسەبنامىسى ۋە ھايات خاتىرىسى بولۇشى خېلىلا مۇقەررەردۇر. يېزىقنى كېيىنرەك قوللانغان بەزى مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ نەسەبنامىلىك خاراكتېرى تېخىمۇ روشەن. مەسىلەن، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى قەدىمكى قىرغىزلاردىن چىققان ماناس ئاتلىق قەھرىمان ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى يەتتە ئەۋلادىنىڭ تەپسىلىي نەسەب خاتىرىسى بولۇپمۇ سانىلىدۇ. بىز نەسەبنامىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسىنى ئىزدىگەن چېغىمىزدا، دەسلەپكى نەسەبنامىلەر (كەسكىن تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، ئاغزاكىي نەسەب ماتېرىياللىرى) نىڭ پەقەت ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاش، قانداش ئۇرۇق ئەزالىرى (ياكى كېيىنكى

مەنىدىكى جەمەتداشلار) نى ئۇيۇشتۇرۇش، نەسلىنى ياخشىلاشتەك روللىرىنىڭ بولغانلىقىنى بايقايمىز. دېمەك، نەسەبنامە بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ تاكى مۇكەممەللىشىپ بارغان بۈگۈنكى دەۋرلەرگىچە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن كىشىلەرنى "پەرقلەندۈرۈش" ۋە "ئۇيۇشتۇرۇش" تىن ئىبارەت ئىككى تۈپ رولىدىن مۇستەسنا بولمىدى ھەم بولمايدۇ. ئەمما دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىش، ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن نەسەبنامىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئوينىغان روللىرى ئوخشاش بولمىدى. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ۋە كېيىنكى قەبىلىچىلىك تۈزۈمى ھەم مىللەت شەكىللەنگەندىن كېيىنكى دەۋرلەردە، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتكە تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىلىدىغان بولدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، بۇ دەۋرلەردە ئىبتىدائىي جامائە تۈزۈمگە خاس يۈكسەك باراۋەرلىك ۋە دېموكراتىك مۇناسىۋەتلەر يىمىرىلگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئورنى، سىياسىي ھوقۇقى، بايلىقى ۋە باشقا خىلدىكى پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ قايسى جەمەتتىن ياكى ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققانلىقى بىلەن زور دەرىجىدە باغلانغان ئىدى. شۇ بويىچە، ناۋادا بىرەر كىشى جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقىنى تۇتقان جەمەتكە تەۋە بولسا ياكى ئۇ شۇ جەمەت بىلەن بولغان باغلىنىشنى ئىسپاتلىيالىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاددىي كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ تېزگىنىنى ئۆز قوللىرىدا تۇتقان ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان بەرھەق  ھوقۇق ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ۋە ئەشۇ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نەسەب ماتېرىياللىرىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭمۇ نەسەب ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. نەسەبنامىلەرنىڭ ئىمتىيازلىق جەمەتلەردە بۇنداق ئېتىبارغا ئېرىشىشى ئەلۋەتتە يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆز نەسەبلىرىنى ئىمتىيازلىق جەمەتلەر بىلەن باغلاشقا ئۇرۇنىدىغان بىمەنە قىلمىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەممە كىشىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇلۇغ كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىنى، ئۆلىرىنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى كاتتا نەسەبلىك قان بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىستەكلەر بار بولىدۇ.

قسقىسى، نەسەبنامىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلىك جەمئىيىتىدىكى ئۇرۇق، جەمەت ۋە ئائىلە قاتارلىق قانداش گۇرۇھلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ رولمۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى. ئۇلار ئىجتىمائىي ساھەلەردە رول ئويناشتىن سىياسىي ساھەدە رول ئويناشقا، يەنە قايتىپ ئىجتىمائىي ساھەلەردە رول ئويناشقا قاراپ مېڭىشتەك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى ۋە كەچۈرمەكتە. يېزىقلىق نەسەبنامىلەر بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ نەسەبنامىلەرنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىدە ئاقسۆڭەك جەمەتلەردىن تەدرىجىي ئەددىي پۇقرالارنىڭ جەمەتىگە ئومۇملىشىش، ئۇيۇشتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ دائىرىسى بارغانچە كېڭىيىشتەك ئەھۋال بارلىققا كەلدى.

نەسەبنامە — جەمەتنىڭ تارىخى، جەمەت تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئۇ تارىخنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تارىخ ئىلمى كاتېگورىيىسىگە تەۋە. بىراق، ئالاھىدە بىر خىل تارىخ بولغان نەسەبنامە ھەققىي مەنىدىكى تارىخ ۋە تەزكىرىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1. خاتىرىلەش دائىرىسىنىڭ جەمەت بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى: نەسەبنامە جەمەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، كۆچۈشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى خاتىرىدۇر. ئۇلاردا خاتىرىلىنىدىغان ئوبيېكت ۋە دائىرە بەلگىلىك جەمەت بىلەن، بەزىدە ھەتتا مەلۇم جەمەتتىكى بىر تارماق (ئائىلە) بىلەن چەكلىنىدۇ. شۇڭا، خاتىرىلەش دائىرىسىنىڭ جەمەت بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى نەسەبنامىلەرنى باشقا خىلدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكتۇر.

2. خاتىرىلىنىدىغان مەزمۇننىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى: نەسەبنامە جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ تارىخى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەزمۇنى جەمەتلەرنىڭ فامىلىسى (ياكى لەقىمى) نىڭ كېلىپ چىقىشى، كۆچۈش ئەھۋالى ۋە بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ھەر بىر شەخسنىڭ ئەجداد ئەۋلادلىق رەت ـ تەرتىپىنىڭ ئىزاھىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمەتنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر بىر ساھەسىگە بېرىپ چېتىلىپ، جەمەتكە ئالاقىدار بارچە تارىخىي ماتېرىيال ۋە مەلۇماتلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم

قىلىدۇ. بۇ ماتېرىياللار جەمەتنىڭ نوپۇس، نىكاھ، تەلىم ـ تەربىيە، مال ـ مۈلۈك، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەبىيات، دىن، ... قاتارلىق تەرەپلىرىدىكى ھەممىلا نەرسىلەرنى ئۆزىگە يىغقانلىقى بىلەن، ئۇلارنى جەمەتلەرنىڭ "ئىنسىكلوپېدىيىسى" دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

3. خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنىڭ ئىشەنچلىكلىكى: نەسەبنامىلەردە جەمەتتىكى ئادەم ۋە ئىشلار يېزىلىدۇ. ئادەتتە، نەسەبنامىغا كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللار ئەستايىدىلىق بىلەن تاللىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلار چىن ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ.

ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلەر دەۋرىدىن تارتىپلا ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ نەسەب خاتىرىسىنى قالدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئىشلار جۈملىسىدە قارالغان. چەتئەللەردە فامىلە قوللىنىدىغان مىللەتلەر، ياكى فامىلە شەكلىدىكى لەقەم قوللىنىدىغان مىللەتلەردىمۇ نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسى بولغانىدى. نۇرغۇن پەنلەرنىڭ نامىغا ئوخشاش، نەسەبشۇناسلىق ـ Genealogy نىڭ ئىسمىمۇ گرېك تىلىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما نەسەبشۇناسلىق ئىلمى قەدىمكى يۇنانلىقلار زامانىدىنمۇ خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردە مەۋجۇد ئىدى. قەدىمكى مېسوپوتامىيەدىكى سۇمېر ۋە ئاككاد مەدەنىيەتلىرىدە چوڭ توپان بالاسىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پادىشاھلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ تىزىملىكى بايقالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرزەنتى بولمىغان شاھلارنىڭ تەختىگە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بىر كىشىنىڭ ۋارىسلىق قىلغانلىقىدەك تارىخ ئەلۋەتتە ئەڭ ئاددىي بولغان نەسەبنامە خاتىرىسىگە ئاساسلانغان. قەدىمكى مىسىر پىرئەۋنلىرى ئۆزلىرىنى ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلىك دەپ قارىغاچقا، ئۇلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ دائىرىسىدىن سىرتقىي كىشىلەر بىلەن نىكاھلانمىغان. ئەلۋەتتە بۇمۇ پىرئەۋن خان جەمەتلىرىنىڭ نەسەب خاتىرىلىرىنى ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر. دېمەك، پىرئەۋنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلىك ئىكەنلىكىدەك سالاھىيتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغان نەسەب خاتىرىلىرى مىسىر رىم ئېمپېرىيىسىگە قارام بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردىن باشلاپلا ياۋروپادا نەسەب خاتىرىسى قالدۇرۇش ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما يەنە نۇرغۇن مىللەتلەردە نەسەبچىلىك ئەنئەنىسى ئەشۇ مىللەتلەردە قەدىمدە يېزىقنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاغزاكىي يوسۇندا داۋاملاشتۇرۇلۇپ كەلگەن. بەزى قەدىمكى نەسەب

خاتىرىلىرىنىڭ دەۋرلەر مابەينىدە ئاغزاكىي يوسۇندا ساقلىنىپ كېلىشىدە خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلار، مەدداھلار ۋە قىسسەخانلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. ئېغىزىدا ساقلانغان مەلۇم شەخسلەرنىڭ نەسەب خاتىرىلىرى بەزى ئەدەبىي تەركىبلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقىغا، بەدەئىي تۈسكە ئىگە قىلىنغانلىقىغا قارىماي، ئۇلار ئاساسەن ئەسلىي ھالىتى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەرگە ئۇلىشىپ كەلگەن دەپ ئېيتالايمىز. مەسىلەن، نۇرغۇن مىللەتلەردىكى قەھرىمانلىق داستانلىرى ئەنە شۇ ئاغزاكىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ ۋەجىدىندۇر. ئەمما شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئاغزاكىي شەكىلدە تارقىلىپ ۋە ساقلىنىپ كەلگەن نەسەب خاتىرىلىرىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى بەزىدە يازما نەسەب خاتىرىلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. چۈنكى ساۋادلىق كىشىلەر كۆپ جەمئىيەتتە، يازما ھۆججەتلەردە ساقلانغان نەسەب خاتىرىلىرى خاتىرىلىگۈچىلەرنىڭ بەزى تەشەببۇس ۋە قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە زور دەرىجىدە ئۇچرايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەردە ئۆتكەن دەۋرلەردە بالىقا كەلگەن كۆپ نەسەب خاتىرىلىرى ئەنە شۇ خىل ئەھۋالدىن خالى ئەمەس.

دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدىكى خەلقلەر ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدە نەسەب خاتىرىلىرىنى قالدۇرۇشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ياۋروپالىقلاردەك ئىلمى نەسەبشۇناسلىق بويىچە ئىزدىنىشكە كۆپ ئېتىبار بەرمىگەن. غەربتە نەسەب خاتىرىسى يېزىش يۇنان دەۋرىدە باشلانغان، رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن كېيىن، خان جەمەتى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ، شۇنداقلا بىرقىسىم پۇقرالارنىڭمۇ نەسەب خاتىرىسى قالدۇرۇشى كەڭ تارقالغان ئائىلىۋى ئادەتكە ئايلانغاندۇر. بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، غەرب دۆلەتلىرىدە قەدىم دەۋرلەردىن تارتىپلا فامىلە، نەسەبنامە ۋە جەمەت نىشانلىرىغا ئائىت قائىدە-نىزاملار تۈزۈلگەن ھەم شۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلار تەئسىس قىلىنغان. (نوپۇس ئېنىقلاش ئەنگلىيىدە 1801-يىلى، ئامېرىكىدا 1791-يىلى، شوتلاندىيەدە بولسا 1755-يىلى باشلانغان.)

غەرب مەدەنىيىتىدە ئائىلىۋىي مۇناسىۋەت دائىملا دەرەخ شەكلىدە سۈپەتلەنگەندۇر. بۇنىڭدا يىلتىز ۋە شاخلار خۇددىي ھەقىقىي دەرەخنىڭ شاخ ۋە يىلتىزلىرىغا ئوخشاش نەسەب مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان بەلگىلەرگە ئايلىنىپ قالغان. غەربتە نەسەب مۇناسىۋەتلىرىنى دەرەخ شەلىدە مەجازىي

شەكىلدە ئىپادىلەش 12 ـ ئەسىردە ياۋروپادىكى ئاقسۆڭەك جەمەتلەردىن باشلانغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدە ئاقسۆڭەك جەمەتلەردە كۆپ ئىشلىتىلىشكەباشلىغان. ھازىرغا كەلگەندە ئادەتتىكى ئائىلىلەرمۇ شۇن خىل شەكىلنى قوللىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىۋىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بارماقتا.

دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە نەسەبشۇناسلىق بىر قانچە ئەلدە ئوخشىمىغان ھالەتتە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىنگەن. تۆۋەندە شۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن مىسال كەلتۈرىمىز.

**يەھۇدىيلار:** قەدىمكى يەھۇدىيلار خۇددىي ئۆزلىرىنىڭ ئەرەب تۇغقانلىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدىكى نەسەب ماتېرىياللىرىغا پەۋقۇلاددە ئەھمىيەت بېرىشىدۇ. ئۇلار تايىنىدىغان ئاساسىي ۋەسىقە «تەۋرات» ۋە «زەبۇر» دىكى 28 نەسەب خاتىرىسىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا ياشاۋاتقان 14 مىليون يەھۇدىي قەدىمكى رىم دەۋرىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ئېشىپ قالغان يەھۇدىيلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلادلىرىدۇر. تارىخ جەھەتتىن قارىغاندا يەھۇدىيلار قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ۋە ئۆز دەۋرىدە "ئىسرائىل" دەپ لەقەبلەنگەن پەيغەمبەر ياقۇپ ( Jacob ) نىڭ ئون ئىككى ئوغلى ئىچىدىكى يۇدا ( Yudah ) ، بېنجامىن ( Benjamin ) ياكى سىمون ( Simeon ) نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ئىسرائىللارنىڭ قالغان توققۇز قەبىلىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597 ـ يىلدا قەدىمكى بابىلدا يۈز بەرگەن بابىل تۇتقۇنى ۋەقەسىدە يوقىلىپ كەتكەن. نۇرغۇن يەھۇدىيلارنىڭ فامىلىسى يېقىنقى دەۋرلەردە پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇلار ياۋروپالىقلارنىڭ ناملاش ئەنئەنىسىنى قوبۇل قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «تەۋرات» ۋە «زەبۇر» دا خاتىرىلەنگەن ئەجدادلىرىنىڭ نەسەب ماتېرىياللىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە كۆپ ئېتىبار بېرىدۇ.

**ئەرەبلەر:** ئىسلام نەسەبشۇناسلىقى مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن: بىرى، ئاغزاكى ئەنئەنە باسقۇچى؛ ئىككىنچىسى يۇقىرى تەبىقە جەمەت نەسەبنامىلىرىنى يازمىچە خاتىرىلەش باسقۇچى؛ ئۈچىنچىسى، 16 ـ ئەسىرلەر مابەينىدىكى ھەممە جەمەت (يالغۇز ئاقسۆڭەك جەمەتلا ئەمەس) كىشىلەرنى نەسەبنامىدە خاتىرىلەش باسقۇچى. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچ دۇنيادىكى كۆپىنچە مەدەنىيەتلەردە

مەۋجۇد ئەھۋالدۇر. ئەمما ئۇچىنچى باسقۇچتىكى نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسى ئىسلام دۇنياسىدا ئومۇملاشمىغان.

ئەرەبلەردە تۇراقلىق فاملە قوللىنىش ئادىتى بولمىغانلىقى ۋە يازما خاتىرىلەرنىڭ بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ، ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشتە بەلگىلىك قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا، ئەرەبلەر رىۋايەتلىك رەۋىشتە، ئۆز ئەجدادلىرىنى نۇھ ئوغلى سامدىن، يېقىنراقى ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىل پەيغەمبەردىن، تېخىمۇ يېقىنراق دەۋرلەردە بولسا ئېبىر ئوغلى قەھتان ( بۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئەجدادى بولۇپ، مۇناسىپ رەۋىشتە ئۇلار ئۆزلىرىنى «قەھتانىيلەر» دەپ ئاتايدۇ.) ۋە ئىسمائىل پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەدنان (بۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادى بولۇپ، بۇ ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى «ئەدنانىيلەر» دەپ تونۇيدۇ.) لاردىن سۈرۈشتۈرىدۇ. ئەرەبلەردە تارىخى ئۇزاق نەسەبنامە ـ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەب خاتىرىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا نەسەب زەنجىرى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يالغۇز قىزى فاتىمە بىلەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ھەسەن ۋە ھۈسەييىنلەردىن باشلىنىپ، ئاندىن كېيىن يەنە بىرقانچە ئىماملار قوشۇلۇپ، ئاخىرىقى ئۈچى ھازىرقى دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ. ئەرەب دۇنياسىدا نەسەب خاتىرىلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالىي جەمەتلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى، ئەجدادلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە تەۋەلىكىنى نامايىش قىلىشتا ئىشلىتىدىغان مۇھىم نەرسىسگە ئايلانغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىسلام خەلىپىلىرى دەل مۇشۇ قۇرەيش جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن چىققان ئىدى. بۈگۈنكى ئەرەبلەردە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى خۇددىي ئەنگلىيەدىكى خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تاشقىي بەلگىلەرنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى كىيىم جەھەتتە يېشىل ياكى قارا ياغلىق ئارتىش ۋە بەلباغ باغلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى نامايىش قىلىدۇ. شىئە ئەۋلادلىرىمۇ خۇددىي ئايەتۇللاھ ھۇمەيىنىگە ئوخشاش كىيىم جەھەتتە يېشىل رەڭگە قارىغاندا قارا رەڭنى كۆپرەك تاللاپ ئىشلىتىدۇ.

مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىر قانچە پەرزەنتى بار بولغان، ئەمما ئۇلار ئىچىدىكى ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپ ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھەزرىتى فاتىمە نەۋرە ئاكىسى ھەزرىتى ئەلى بىلەن توي قىلىپ، ئىككى پەرزەنتلىك بولغان. ئۇلار ھەسەن ۋە ھۈسەييىنلەردۇر. ھەزرىتى فاتىمەنىڭ قىز تەرەپ ئەۋلادلىرى «شەرىفلەر» دەپ تونۇلغان بولسا، ھۈسەييىن ئارقىلىق داۋاملاشقان ئوغۇل تەرەپ ئەۋلادلىرى «سەييىدلەر» دەپ تونۇلغان. يېقىنقى دەۋردىكى ئىئوردانىيە پادىشاھلىرى شەرىفلەردىندۇر، ماراكەش پادىشاھى ھەسەنمۇ شەرىف جەمەتىدىندۇر، شۇنداقلا ھەر ئىككى جەمەت چوڭ جەمەت ھېسابلىنىدىغان ھاشىمىيە جەمەتىگە تەئەللۇقتۇر. ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچىدە شىئەلەر نەسەب ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە كۆپرەك مايىل كېلىدۇ.

ئەرەب ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى جەريانلىرىدا نەسەب چۈشەنچىسى ۋە نەسەب خاتىرىلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلەرنى كىملەرنىڭ قولىغا ئېلىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بەك چوڭ بولدى. مەسىلەن، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەلىپىلىك ئورنىغا قېينئاتىسى ئەبۇبەكرى، كۈيئوغلى ئوسمان ۋە ئەلىيلەر ۋارىسلىق قىلدى. ئەمما خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر نامزات مۇئاۋىيە (ئەينى چاغدىكى سۈرىيە ۋالىيسى) خەلىپە بولدى ۋە ئۇمەۋىيلەر سۇلتانلىقىنى قۇردى. نەتىجىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرىنى خەلىپىلىك ئورنىغا ئولتۇرۇشقا ھەقلىق دەپ قارايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بۆلۈنۈپ چىقىپ، كېيىنكى «شىئە» ئىسلىملىك مەزھەبنى شەكىللەندۈردى. ئۇمەۋىيلەر سۇلتانلىقى پەيغەمبەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەبباسىيلەرگە يول قويىدى. نەتىجىدە ئەبباسىيلەر خان جەمەتىنىڭ نەسەب خاتىرىسى ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالدى. ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرك سۇلتانلىرى باشقىچە يول تۇتتى. يەنى ئۇلار «بارلىق مۆئمىنلەر قېرىنداشتۇر» دېگەن شۇئار ئاستىدا، ئەرەبلەردە داۋاملىشىپ كەلگەن نەسەب سۈرۈشتۈرۈپ ھاكىمىيەت تۇتۇش ئادىتىگە بەلگىلىك دەرىجىدە خاتىمە بەردى.

بۈيۈك ئىسلام ھاكىمىيىتى ھېسابلانغان ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسىدە شەھەر ۋە يېزىلاردىكى نوپۇسنى ئېنىقلاش ئىشى تۇنجى قېتىم سۇلتان سۇلايمان (1520ـ1566) زامانىدا لۇفتى پاشانىڭ

تەشەببۇسى بىلەن ئىشلەنگەن. ئەمما تۈركلەردە فامىلە قوللىنىش ۋە نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرۇش ئىشى مۇستاپا كامال دەۋرىدىن كېيىنلا روياپقا چىققان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئوسمانىيلار خان جەمەتىنىڭ ۋە بىر قىسىم ئاقسۆڭەك جەمەتلەرنىڭلا نەسەب خاتىرىسى بار بولۇپ، ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدا بۇنداق بىر ئەنئەنە پەقەت ئاغزاكىي شەكىلدىلا مەۋجۇد بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

كۆپلىگەن مۇسۇلمان تارىخچىلىرى ئۆزلىرى يازغان تارىخ كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئۆز مىللىتىنىڭ باشچىلىرىنىڭ نەسەب خاتىرىسىنى ئېنىقلاپ يېزىشنى ئادەت قىلغان. شۇنىڭ جۈملىسىدە، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي ئاپتورلارمۇ تارىخ بايان قىلغاندا، كىتابلىرىنىڭ باش قىسمىغا مەلۇم قەھرىمان ياكى شاھلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام ياكى نوھ ئوغلى يافەسكە تۇتاشقان نەسەب خاتىرىسىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

**جۇڭگو:** گىرىك ۋە رىم مەدەنىيەت دەۋرلىرىدىن ئىلگىرىلا، جۇڭگو مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان. جۇڭگودا كەڭ تارقالغان، ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىشەنچلەردىن بىرى دەل ئەجدادلارغا تېۋىنىش بولۇپ، ئۇ كۆڭزى تەلىماتلىرىدىكى ئەجدادلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتەك كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى بىلەن قوشۇلۇپ، جۇڭگودا نەسەبنامە قالدۇرۇش ئەنئەنىسىنىڭ كەڭ تارقىلىپ، مۇقىم ئەنئەنىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگودا 5000 يىلچە داۋاملاشقان فېئودال سۇلالىلەر تۈزۈمىدە، يېزىقتا خاتىرىلەنگەن نەسەبنامە شاھلارنىڭ سالاھىيىتى ھەم ئۇلارنىڭ ئورنىغا كىملەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلەشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. جۇڭگودا كۆپلىگەن سۇلالىلەرنىڭ شاھلىرىنىڭ جەمەت نەسەبنامىلىرى بار، تارىخنىمۇ ئۇلار قۇرغان سۇلالىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ۋاقتىدىنمۇ ئۇزاق. جۇڭگودا ھازىرغىچە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان نەسەب خاتىرىسى كۆڭزى ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسى بولۇپ، بۇ 2500 يىللىق تارىخ جەريانىدىكى 80 دىن كۆپ بوغۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

جۇڭگودا خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇش جوۋ سۇلالىسى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1122 ـ يىللادىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 256 ـ يىللارغىچە) دەۋرىدە ئاتىلىق ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى ئائىلىق ھۆكۈمرانلىق

تۆرۆمى ئۆستىدىن غالىپ كەلگەن مەزگىللەردە باشلانغاندۇر. شۇ دەۋردىن ئېتىبارەن فېئودال پومېششىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىغا قىلىنغان نەزىر - چىراغ سۆپىتىدە ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تارىخىنى خاتىرىلەيدىغان ھەم ئىسرىقلارنى كۆيدۈرىدىغان بولغان.

خەنزۇلاردا ھەربىر جەمەتتە دېگۈدەك ``جياپۇ`` （家谱） دەپ ئاتىلىدىغان نەسەب خاتىرىسى ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر جەمەتنىڭ دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ سالاھىيىتى، ئۇنىڭ ئوغۇل ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەب زەنجىرى ۋە جەمەتتىكى ئەر جىنسلىق كىشىلەرگە ئائىت بەزى تەپسىلاتلار خاتىرىلەنگەن، ھەممىدە قەرەللىك تولۇقلىنىپ تۇرغان.

ھازىرقى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇ مىللىتىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ تۇرغان (1949 - يىلدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن) نەسەبنامىلىرى جەمئىي 25000 خىل بولۇپ، بۇنىڭ 20000 خىلى چوڭ قۇرۇقلۇقتا ساقلانماقتا. تەيۋەندە 200 دىن كۆپرەكى ساقلانماقتا. ياپونىيەدە بولسا 1491 خىل، ئامېرىكىدا 3109 خىل ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇ نەسەبنامىلەر ھەر قايسى جايلاردىكى كۇتۇپخانىلاردا، پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىدا، مۇزېيلاردا، مەدەنىيەت يۇرتلىرىدا ۋە ئارخىپخانىلاردا ساقلىنىپ تۇرماقتا.

**ھىندىستان:** ھىندىستاندا تارىخى ئۇزاق نەسەب خاتىرىسى قەدىمكى خان جەمەتى - راجپۇت جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى بولۇپ، تارىخى 1000 يىلدىن ئاشىدۇ. ھىندىستاننىڭ 15 - ئەسىر بىلەن 19 - ئەسىرلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن مۇھىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ “بھات” (bhat) ياكى “چامان” (chaman) دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس خادىملىرى بار بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئەشۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ نەسەبنامىسىنى چوڭراق مۇراسىملاردا ناخشا قىلىپ ئېيتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخى ھەققىدە قەسىدە ئوقۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئىلگىرىكى ھىندى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىرلىرىگە سىزىلغان مىنىياتۇرا رەسىملىرىدە ئەشۇ بھاتلارنىڭ بىر قولىدا ھاسا تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ نەسەبنامە ئوقۇۋاتقان ھالەتلىرىنىڭ تەسۋىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزى قەدىمي ھىندى ۋەسىقىلىرى تاۋابچىلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرى خاتىرىلەپ قالدۇرغان نەسەب ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ھىندى دىنى ئىبادەتخانىلىرىدە دەرىجە جەھەتتە براھمانلاردىن

كېيىن تۇرىدىغان "پاندا" (panda) دەپ ئاتىلىدىغان كىشلەر تەرىپىدىن ساقلاپ قويۇلغان. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە ئىككىنچى ئەسىردىن كېيىن ئەشۇ پاندىلارنىڭ بەزىلىرى ئىبادەتخانىلارغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن مەشھۇرراق جەمەتلەرنىڭ نەسەب ماتېرىياللىرىنى ئاغزاكىي يوسۇندا ساقلاپ قويۇشقا باشلىغان. بۇنداق ھەرىكەت باشقا ئىبادەتخانىلارغىمۇ تارقالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تېخىمۇ كۆپ تاۋاپچىلارنىڭ بۇ ئىبادەتخانىلارغا كېلىپ تۇرۇۋشىغا سەۋەب بولغان. مىلادىيە 1000 ـ يىللاردىن كېيىن ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك نەسەب خاتىرىلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، پاندىلار ئۇلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇشقا باشلىغان. بۇنداق خاتىرىلەر "باھىس" (bahis) دەپ ئاتالغان. پاندىلار بىر جەھەتتە ھىندى دىنى موللىلىرى ھېسابلانسا، يەنە بىر جەھەتتە ئۇلار تىجارەتچىلىكمۇ قىلاتتى. نۇرغۇن يىللار جەريانىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خېرىدارلىرىنى يۇرتى ۋە تەبىقە دەرىجىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىۋالغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مۇخلىسلىرىنى پەيدا قىلىشقان. ناۋادا بىرەر تاۋاپچى ئىبادەتخانىغا كېلىپ قالسا، بۇ تاۋاپچى ئالدى بىلەن پاندىدىن ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى ۋە تەبىقىسى ھەققىدە ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندىن كېيىن، پاندىلار تاۋاپچىنىڭ ئاتىسى، بوۋىسى، ... نى تاكى توغرا تاپقىچە سورايتتى. مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق تاۋاپچى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ پانداسىنى تاپقاندىن كېيىن، پاندا بىلەن تاۋاپچى پاندا خاتىرىلەپ قويغان نەسەب ماتېرىيالىغا قارايتتى. ۋەھالەنكى، بۇ نەسەب ماتېرىياللىرىدا دەل شۇ تاۋاپچىلارنىڭ شۇ ئىبادەتخانىلارغا كېلىپ ئىبادەت قىلىپ تۇرغان ئەجدادلىرىنىڭ نامى بار بولاتتى.

**ياپونىيە:** قەدىمدىن تارتىپ ياپونىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قانداشلىق مۇناسىۋەتلەرگە بەكرەك ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ياپونىيەدە خان جەمەتى ( Mikado ) نىڭ نەسەبنامىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بېشى قەدىمكى ئەفسانىۋى ئىلاھ سۇسانو ( Susanoo ) غا تۇتىشىدۇ. ئەمما ھەقىقىي مەنىدىكى خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىلىرى بىرقانچە يۈز يىللىقلا تارىخقا ئىگىدۇر. 4 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياپونىيەدىكى ياماتو (Yamato) جەمەتى ياپونىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، باشقا جەمەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ياماتو جەمەتى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ياكى ئۇلار

بىلەن بولغان قانداشلىق زەنجىرنى تىكلەشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. بۈگۈنكى دەۋردە ياماتو جەمەتى ھېلىھەم ياپونىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ كەلمەكتە. ياپونىيەنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى پادىشاھى ياماتو سۇلالىسىنىڭ 125 - ئەۋلادى بولۇپ، بۇ دۇنيا تارىخىدا جەمئىيەتنىڭ تېزگىنلەش ھوقۇقىنى ئەڭ ئۇزاق تۇتقان جەمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، يۇقىرى تۇغۇت نىسبىتى ھەر بىر جەمەتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدىغان قەدىمكى ياپونىيەدە ياماتو جەمەتىدىن باشقا 1182 جەمەتنىڭمۇ جەمەت نەسەبنامىسى بار بولغان. ياپونىيەدىكى قەدىمكى سامۇرايلار ۋە تەرىقەت دىنى مۇخلىسلىرىنىڭمۇ تەپسىلىي نەسەب خاتىرىسى بولۇشى تەلەب قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلە شەجەرىسىمۇ نەسەبنامە يېزىشنى مەخسۇس كەسىپ قىلغان كىشىلەر تەرىپىدىن تەييارلانغان. ياپونىيەدە يەنە بۇددىست موللىلىرى مىلادىيە 13 - ئەسىردىن كېيىن ئۆز تەۋەلىكىدىكى مۇخلىسلارنىڭ ئۆلگەنلىك ئىسپاتى (kakocho) نى ساقلاپ بېرىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. بۇنداق ئىسپات ماتېرىياللىرىدا كىشىلەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى نامى ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرگۈچى ئاساسلىق شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن بىرلىكتە خاتىرىگە ئېلىنغان تىزىملىكىمۇ بار بولغان.

يۇقىرىقى مىللەتلەردىن سىرت، يەنە باشقا قەۋملەردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە نەسەب خاتىرىسى قالدۇرۇش ئادىتى بار بولغان. ئەمما خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، شۇ قەۋملەردە نەسەب خاتىرىسى قالدۇرۇش كۆپىنچە ئاقسۆڭەك جەمەتلەر ئارىسىدىلا داۋاملاشقان ئەنئەنە بولۇپ قېلىپ، ئاممىۋىيلىشىش دەرىجىسى كەڭ بولمىغان. شۇڭا سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە باشقا خەلقلەرنىڭ نەسەبنامىچىلىك ئەنئەنىسىنى تونۇشتۇرۇشنى قىسقارتىمىز.

## 2. نەسەبنامىلەرنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى

نەسەبنامە - جەمەتلەر تارىخىنىڭ خاتىرىسىدۇر. نەسەبنامىلەر ئارقىلىق بىز ئەينى دەۋردىكى تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، دەۋرنىڭ روھىنى، ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى بىر قەدەر چىن مەنىدە چۈشىنىپ ئالالايمىز، ئەشۇ دەۋر شارائىتىدىكى شەخسلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى

بىلەلەيمىز. نەسەبنامىلەر ھەقىقىي تارىخ ۋە يەرلىك تەزكىرىلەرگە ئوخشاشلا مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولۇپ، ئۇ تارىخشۇناسلىقنىڭ تەركىبىي قىسمىلىرىدىن بىرىدۇر.

نەسەبنامىلەر زور ماتېرىيال خەزىنىسىدۇر. ئۇلاردىن جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئۆرپ ـ ئادەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئەدەبىيات، سىياسىي، دىنشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق ۋە پەلسەپەشۇناسلىققا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ تېپىش، دەلىل ئىسپاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە شۇ ئاساستا يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن.

1. جەمەتچىلىك ئىدىيەلىرىگە ئالاقىدار تەتقىقات ماتېرىياللىرى: نەسەبنامىلەر بىلەن جەمەت ۋە جەمەت قانۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. جەمەت تۈزۈمى فېئودال خان جەمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوغداشتا تايىنىدىغان مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر. ۋەھالەنكى، نەسەبنامىلەر ئىچىدىكى جەمەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى، جەمەتنىڭ ئەھدە ـ پەيمانلىرى جەمەتچىلىك تۈزۈمىنى كۈچەيتىشنىڭ كۈچلۈك قورالى بولۇپ كەلگەن.

2. ئائىلە ئەخلاقىغا ئالاقىدار تەتقىقات ماتېرىياللىرى: نەسەبنامىلەر ئىچىدە خاتىرىلەنگەن جەمەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىچىدە بۈگۈنىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىغا سادىق بولۇش، ئەر ـ خوتۇنلار ئىناق بولۇش، ئىلىمگە بېرىلىش، تېجەشلىك بولۇش، قىماردىن، زىنادىن، ھورۇنلۇقتىن ۋە ھەشەمەتچىلىكتىن ساقلىنىش، ... قا ئوخشاشلار بۈگۈنكى دەۋردە بىزنىڭ يېڭىچە ئائىلە ئەخلاقى بەرپا قىلىشىمىزدا ئەينەكلىك رولىنى جارىي قىلدۇرالايدۇ؛

3. جەمەت تۈزۈلمىسىگە ئالاقىدار تەتقىقات ماتېرىياللىرى: جەمەت تۈزۈلمىسى دېگىنى قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ بەرپا قىلىنغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى نۇرغۇن نەسەبنامىلىرىدە جەمەت تۈزۈلمىسىگە ئالاقىدار تەپسىلىي ماتېرىياللار بار. مەسىلەن: جەمەتلەرنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى، جەمەت مال ـ مۈلۈكىنى باشقۇرۇش، جەمەتلەرنىڭ خەير ـ ساخاۋات ئۇسۇلى، ... . بۇلار بىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى جەمەتلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، رولى، تەشكىللىنىش شەكلى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار تەرەپلىرىنى

بىلىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ؛

4. ئىقتىساد تارىخىغا ئالاقىدار ماتېرىياللار: نەسەبنامىلەردە ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ ئىقتىسادىغا ئالاقىدار نۇرغۇن ماتېرىياللار بار بولغان بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللار جەمەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىش ئۇسۇلى، يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئەھۋالى، قورۇق ۋە ئورمانلىرىغا ئائىت ئەھۋاللار، شۇلارنىڭ سانى، باشقۇرۇلىشى، كىرىم ۋە چىقىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. بەزى نەسەبنامىلەردە يەنە جەمەتتىكى شەخسلەرنىڭ سودا ـ تىجارەت ئەھۋالىمۇ خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكى جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى ناھايىتى ياخشى ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛

5. نوپۇس مەسىلىسىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار: نەسەبنامىلەرنىڭ مەركىزىي بۆلىكى دەل جەمەتتىكى نوپۇسنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق رەت تەرتىپى ھەققىدىكى بايانلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا نەسەبنامىلەردىكى تۈرلۈك شەكىلدىكى شەجەرىلەردە، نەسەبنامىلەرنىڭ مۇقەددىمىسىدىمۇ جەمەتتىكى نوپۇسنىڭ سانى، كۆچۈشى، تارقىلىشى، نىكاھ ئەھۋالى قاتارلىق ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. بۇلارنى ئەلۋەتتە نوپۇسشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛

6. تارىخىي شەخسلەرگە ئالاقىدار خاتىرىلەر: نۇرغۇن نەسەبنامىلەردە ھەر بىر جەمەتتىن يېتىشىپ چىققان تارىخىي شەخسلەر بايان قىلىنغان بولىدۇ. نەسەبنامىلەردە ھەم ئەجداد ـ ئەۋلادلىق رەت تەرتىپى ھەققىدىكى ئاددىي خاتىرە بولىدۇ، شۇنداقلا شەخسلەرنىڭ ناھايىتى تەپسىلىي تەزكىرە ماتېرىيالى، قەبرە تەزكىرىلىرى ۋە يىل تەزكىرىلىرى بولىدۇ. بۇلار تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ؛

7. مىللەتشۇناسلىققا ئالاقىدار ماتېرىياللار: بەزى نەسەبنامىلەردە جەمەت تەۋە بولغان مىللەتكە ئائىت مەسىلىلەر، ھەتتا باشقا مىللەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان بولىدۇ. بەزى نەسەبنامىلەردە مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا چېتىلىدىغان چوڭ مەسىلىلەرمۇ ياتىرىلەنگەن بولىدۇ. بۇنداق ماتېرىياللاردىن مىللەتشۇناسلىق ئىلمىدە پايدىلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ؛

8. يەرلىك تەزكىرىلەرگە ئالاقىدار ماتېرىياللار: نەسەبنامىلەر يەرلىك تەزكىرىلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئادەتتە يەرلىك تەزكىرىلەردىكى مەزمۇنلار، مەسىلەن ئەمەلدار تاللاش ياكى سايلاش، شەخسلەر، نوپۇس ۋە يۇرت، ئىگىلىك يەرلەر، ئابىدىلەر، تەرجىمىھاللار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نەسەبنامىلەر ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار بولۇپ سانىلىدۇ؛

9. مائارىپ تارىخىغا ئالاقىدار ماتېرىياللار: قەدىمكى نەسەبنامىلەر ئىچىدىكى بەزى مۇھىم بۆلەكلەردە مائارىپ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار، مەسىلەن جەمەت قائىدە ـ تۈزۈملىرى، جەمەت يوسۇنلىرى، خاس تەلىم ـ تەربىيە تەزكىرىلىرى، شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى قاتارلىقلاردا جەمەت تەربىيىسى، مەكتەپ ۋە مەدرىسە تەربىيىسى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تەدبىرلىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەتتا ئەۋلادلارغا مائارىپ تەربىيىسىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇشنىڭ قائىدىلىرى قاتارلىقلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار؛

10. ئۆرپ ـ ئادەتشۇناسلىق (فولكلور) قا ئالاقىدار ماتېرىياللار: نەسەبنامىلەرنى ئۆرپ ـ ئادەت ماتېرىياللارى خەزىنىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىر قىسىم نەسەبنامىلەرنىڭ جەمەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى بۆلىكىدە نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەت مەزمۇنلىرى خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. بولۇپمۇ، جەمەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىچىدىكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىرە ـ چىراغ پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەردە مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، كەم دېگەندىمۇ جەمەتلەر ياشىغان جايلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئېتىبارلىق مەسىلە قاتارىدە تىلغا ئېلىنغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار بولغان ماددىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر، مەۋسۇملەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مۇراسىملار، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە مەنىۋىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ ھەر قايسى نەسەبنامىلەردە خاتىرىلەنگەن بولىدۇ؛

11. دىن تارىخىغا ئالاقىدار ماتېرىياللار: خېلى كۆپ نەسەبنامىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى جەمەتلەرنىڭ خاتىرىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، بۇنداق نەسەبنامىلەردە نەسەبنامە تۈزگۈچىلەر ئۆزلىرى ئىشەنگەن دىنلار ھەققىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇچۇر بەرگەن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قارىشى ھەققىدە بايان بەرگەن بولىدۇ. بەزى نەسەبنامىلەر ئىچىدە تېخى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى،

دىنىي يوسۇنلىرى ۋە مۇراسىملىرىمۇ خاتىرىلەنگەندۇر؛

12. مۇھاجىرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار: بەزى نەسەبنامىلەردە جەمەتلەردىن چەتئەللەرگە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن شەخسلەر، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كېتىش سەۋەبلىرى، مۇھاجىر بولۇپ كەتكەن ئادەم سانى، ۋاقتى، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ بارغان مەملىكەت ۋە يۇرتلاردا تارقىلىش ئەھۋالى، شۇغۇللانغان كەسىپلىرى، شۇ جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز جەمەتى ۋە يۇرتىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە باشقا تەرەپلەردىكى باغلىنىشى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. بۇلار بىزنىڭ مۇھاجىرلار تارىخىغا بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى خام ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

13. زور تارىخىي ۋەقەلەرگە ئالاقىدار ماتېرىياللار: ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر ھەر قايسى نەسەبنامىلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە خاتىرىلەنگەن بىلىدۇ. گەرچە بۇ خاتىرىلەر مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئەمما كونكرېت بولۇپ، بۇمۇ ماتېرىيالغا ئېرىشىشتىكى مۇھىم بىر يول بولۇپ سانىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، نەسەبنامىلەر يەنە قەدىمكى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، قەدىمكى ئېتىكا ۋە ئەخلاق، ئېرسىيەتشۇناسلىق قاتارلىق تەرەپلەردىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، نەسەبنامىلەر تارىخ كىتابلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رولى خېلى گەۋدىلىكتۇر.

## 3. نەسەبنامىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەھمىيىتى

نەسەبنامىلەر يەرلىك تەزكىرىلەر ۋە رەسمىي تارىخ بىلەن قوشۇلۇپ، بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ تارىخ ئەنئەنىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، نەسەبنامىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيىتى ئۇلارنىڭ مىللەت ياكى دۆلەت تارىخىنىڭ تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مۇھىم مەنبە بولىدىغانلىقى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تارىخ ھامان يەككە شەخسلەرنىڭ تارىخىدۇر. مىللەت ياكى دۆلەت تارىخى ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن يەككە شەخسلەر تارىخىنىڭ قوشۇلمىسى ياكى ئورگانىك

رەۋىشتە يۇغۇرۇلىشىدىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، مىللەت ياكى دۆلەت تارىخىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش ۋە بىلىشتە نەسەبنامىلەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىق ئىلمىدە نەسەبنامىلەرگە كۆپ ئېتىبار بېرىش يۈزلىنىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى دەل كۆپ تارىخشۇناسلارنىڭ نەسەبنامىلەرنىڭ تارىخىي قىممىتىنى كۆرۈپ يېتەلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا، نەسەبنامىلەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ياكى قىممىتى ئۇلارنىڭ مىللەت ياكى دۆلەت تارىخى ئىچىدە مۇھىم بىر مەنبە سۈپىتىدە تونۇلىدىغانلىقى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ.

دۇنيادىكى ھەر بىر دۆلەتتە ئۇزاققىچە داۋاملاشقان فېئوداللىق جەمئىيەتتە جەمەتلەرنىڭ تارىخىي خاتىرىسى بولغان نەسەبنامىلەر ئۆتكەن دەۋرلەردە فېئودال ئەمەلدارلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، نىكاھ تۈزۈمى قاتارلىق ساھەلەردە مۇھىم روللارنى ئوينىغان. بۇنداق ئەھۋال نەسەبنامىلەرنى ئەسلىدىكى مەنىسىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى تەسىرى چوڭقۇر، ئەھمىيىتى چوڭ سالاھىيەت ئىسپاتنامىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان.

نەسەبنامىلەرنىڭ مەزمۇنىدا ئادەتتە ئالدى بىلەن ئائىلە ياكى جەمەتلەرنىڭ فامىلىسى ياكى ئورتاق جەمەت لەقىمىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، شۇ لەقەم ياكى فامىلىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ كۆپىيىش ۋە تارقىلىش ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن جەمەتنىڭ دەسلەپكى ئەجدادىدىن شاخلىنىپ چىققان ئائىلىلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە كۆچۈشى، باش ـ ئاخىرى سۆزلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا شۇ جەمەتنىڭ شان ـ شەرىپى خاتىرىلىنىدۇ. ئەمما جەمەتلەرنىڭ تۈزۈمى، ئەمەللىرى شۇنداقلا جەمەت ئىچىدىن چىققان شەخسلەر، جۈملىدىن ئەمەلدارلار، ئەلەمدارلار، قەلەمدارلار، موللا ـ زىيالىيلار، ... نىڭ ھەر بىر جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى، جەمەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى، بايرام ـ مۇراسىملىرى، ... مۇ خاتىرىلىنىشتىن چەتتە قالدۇرۇلمايدۇ. مۇشۇنداق تۈزۈلگەن نەسەبنامىلەر جەمەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا جەمەتتىكى شەخسلەرنىڭ كەچمىشلىرى، جەمەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چۈشكۈنلىشىشلىرى، تارقىلىش ۋە كۆچۈشلىرى، ... بىر خاترە ئىچىگە مۇجەسسەم قىلىنىدۇ. بىر جەمەت بەلكىم تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىپ، تارماق ئائىلە ۋە ئىككىلەمچى جەمەتلەر كۆپىيىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، ۋە يەنە ھەر تەرەپلەرگە تارقىلىپ كېتىپ، يۇرت ـ يۇرتلارغا تارىلىپ

كېتىشمۇ مۇمكىن. بىراق ئائىلە ـ جەمەت نەسەبنامىسى بار بولسا، يىلتىزى بىر بولغان ئۇرۇقداش ئائىلىلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ھەر قاچان بىلىپ ئېلىش مۇمكىن. مانا بۇ نەسەبنامىلەرنىڭ ئەڭ تۈپ ئىقتىدارى، يەنى ئۇرۇقداش كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئەمەلىي ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا:

1. نەسەبنامىلەرنىڭ ئىقتىدارى گەرچە ھەر بىر دەۋردە دېگەندەك ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداش كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئەمەلىي ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىقتىدارى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمىدى؛

2. مەلۇم دەۋرلەردە نەسەبنامىلەر فېئودال جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە ئەمەلدار تاللاش ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالمۇ بولۇپ كەلدى؛

3. مەيلى ھۆكۈمەت تەرەپ تۈزگەن نەسەبنامىلەر بولسۇن ياكى شەخسلەر تۈزگەن نەسەبنامىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى فېئودال جەمەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. ھەممىسلا فېئودال ھاكىمىيەت تەرتىپىنى قوغداش، فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش رولىنى ئويناپ كەلدى؛

4. نەسەبنامىلەر كۈچلۈك تەربىيىلەش ئىقتىدارى ۋە قاتتىق تېزگىنلەش، باشقۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە جەمەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ، ھوقۇق تۇتقان جەمەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى كۈچلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىپ كەلدى.

ئەمما بىز ھازىرقى دەۋردە نەسەبنامىلەرنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردە ئوينىغان روللىرىدىن باشقا يەنە بەزى فۇنكسىيەنى ئۆتەيدىغانلىقىنىمۇ تەرجىي تونۇپ يەتمەكتىمىز. جۈملىدىن:

1. نەسەبنامىلەر مىللەتنىڭ تارىخىدا ئۆزىگە خاس مەزمۇنى بىلەن مىللەتنىڭ بىر خىل مەدەنىيىتىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ پىسخىك ساپاسى، قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت ئەندىزىسىگە زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مىللەت مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە بۆلۈنۈپ كەتسۇن ياكى زېمىن يۈزىگە تارىلىپ كەتسۇن، نەسەبنامىلەر سەۋەبىدىن مىللەتنىڭ ئىچكىي ئۇيۇشۇش كۈچى داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرىدۇ، مىللىي ھېسسىياتى ۋە ئېتىراپ تۇيغۇلىرى ئاسانلىقچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. نەسەبنامىلەر ئارقىلىق مىللىي ئۇيۇشۇش

كۆچىنى ساقلاپ قالغىلى ۋە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

2. نەسەبنامىلەر بىزنى ھەر قايسى مىللەت ئەجدادلىرىنىڭ، ھېچبولمىغاندا بەزى جەمەتلەرنىڭ كۆچۈشى ھەققىدە جانلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. زېمىن يۈزىدىكى ئىنسان توپلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر جايدىن باشقا بىر جايغا، بىر ماكاندىن يەنە بىر ماكانغا كۆپ قېتىم كۆچۈپ كەلدى. مىللەت ياكى جەمەتلەرنىڭ بۇنداق كۆچۈش ۋە باشقا زېمىنلاردا ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى تارىخىي پۈتۈكلەردىن كۆرە بەزى جەمەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرىلىرىدە تەپسىلىيرەك يېزىپ قويۇلغان. بۇنداق نەسەب خاتىرىلىرىدە ئەشۇ جەمەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈشى، كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن شۇ يەردە قانداق ماكان تۇتقانلىقى، ھەم قانداق مەدەنىيەت ياراتقانلىقىغا دائىر يازمىلار ئۇچرايدۇ. بۇنداق خاتىرىلەر كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك مىراس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، يومۇلاق زېمىن يۈزىدە ئىنسان توپلىرى ھامان ھاياتلىق، تەرەققىيات ئىزدەپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئەمما كۆچۈشنىڭ دائىرىسى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىنىشى تۇرغان گەپ. مەسىلەن، خەنزۇلار نەچچە يۈز يىل مابەينىدە خۇاڭخې ۋادىسىدىن تاكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغىچە، ھەتتا ئامېرىكا قىتئەسىگىچە كۆچۈپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يېيىلدى. ئىنگلىزلارمۇ بىرىتانىيە دائىرىسىدىن كۆچۈپ، ئامېرىكا قىتئەسى، ئوكيانىيە قىتئەسى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىغىچە يېيىلىپ، شۇ يەرلەردە ئىگىلىك تىكلىدى، دۆلەت قۇردى. باشقا مىللەتلەرمۇ تارىختا كۆپ قېتىم كۆچكەن، ھازىرمۇ ھېلىھەم توختاۋسىز كۆچۈپ تۇرماقتا. بۇنداق كۆچۈشلەر جەريانىدىكى تەپسىلاتلار مىللەت ۋە دۆلەت تارىخنامىلىرىدە بايان قىلىنغاندىن باشقا، مۇھىمى كۆچۈشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەر قايسى جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىلىرىدە تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغاندۇر. بۇ ئەلۋەتتە شۇ جەمەت ياكى مىللەت تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتىدە، جەمەت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك مىراس بولۇپ سانىلىدۇ.

3. نەسەبنامىلەر ئىچىدىن كىشىلەرگە ئانچە تونۇش بولمىغان يەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت ئۇچۇرلار بايقىلىدۇ. نەسەبنامىلەر بىر جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ نوپۇس

ستاتىستىكا خاتىرىسى ئەمەس. ئۇنىڭدا جەمەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئېنىق ۋاقتى بىلەن خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. بۇ خاتىرىلەر ئېنىقكى يەرلىك تەزكىرىلەردىكى كەم جايلارنى تولۇقلىيالايدۇ.

4. نەسەبنامىلەر يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، يۇرتلارنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىپ، هازىرقى خاتىرىلەر ئىچىدىكى نۇقسانلارنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. بەزى يۇرتلارنىڭ ناملىرى شۇ يۇرتلارغا دەسلەپ كۆچۈپ كىرگەن ۋە گۈللەندۈرگەن مەلۇم ئەجدادلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان ئەھۋاللار بار. ناۋادا مۇشۇنداق جەمەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرىسى بار بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق نەسەبنامىلەر ئىچىدە شۇ يۇرتلارنىڭ ناملىرىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر بار بولغان بولىدۇ.

5. نەسەبنامىلەر مەلۇم رايون ياكى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئەھۋالىنى بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ. نەسەبنامىلەر ئىچىدە جەمەتلەرنىڭ تارىخىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلمايدىغان بىرمۇ نەسەبنامە يوق. بۇ هەممە نەسەبنامىلەردە هەر بىر جەمەت ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى يىراققا سۈرۈشكە، ئۆز يۇرتلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى تولۇق بايان قىلىشقا كۆپ ئېتىبار بېرىدۇ دېگەنلىكتۇر. هەر بىر جەمەتتە هەر بىر ئائىلە ياكى جەمەتتىن يېتىشىپ چىققان ئىلىم ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ ئىلمىي تۆهپىلىرى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تولۇق خاتىرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەسەبنامىلەر داۋاملاشتۇرۇلۇپ يېزىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىچىدىكى مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا ئالاقىدار يازمىلار شۇ يۇرت ياكى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى هەم ئۆزگىرىشلىرىنى چۈشىنىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيال بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

6. نەسەبنامىلەر يۇرتلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. هەر بىر نەسەبنامىدە هەر بىر جەمەتتىكى خاس ئۆرپ ـ ئادەتلەر بايان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە شۇ يۇرت ياكى مىللەتتىكى تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەتلەر بايان قىلىنىش مۇمكىن. يېمەك ـ ئىچمەك، يۇرالغۇ، كېيىم ـ كېچەك، مۇراسىم ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدىكى ئادەتلەر بىزنىڭ مەلۇم يۇرت ۋە مىللەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى بىلىشىمىزگە كۆپ ياردەم بېرەلەيدۇ.

نەسەبنامىلەر جەمەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدۇر. بىر جەمەتنىڭ شاخلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى ئۈچۈن، پۇختا ماددىي شەرت ـ شارائىت زۆرۈر بولغاندىن تاشقىرى، يەنە جەمەتنى كۈچەيتىدىغان ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرۇدىغان مەنىۋى شەرت ـ شارائىتلارمۇ زۆرۈردۇر. ھالبۇكى، ياخشى بولغان ئائىلە ـ جەمەت ئىستىلىنىڭ شەكىللىنىشى دەل مۇشۇنداق مەنىۋى شەرت ـ شارائىتلارنىڭ ئاساسلىرىدىن ۋە مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر.

نەسەبنامىلەر ئىچىدىكى جەمەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە جەمەت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئىچىدە باشلىنىشىدىنلا ئاكتىۋال ۋە ئىلغار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى پوزىتسىيىسىدە ئائىلە مۇھىتى ۋە ئائىلە كەيپىياتىنى يارىتىش مەسىلىلىرى مۇلاھىزە قىلىنغان ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولىدۇ. جەمەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە جەمەت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئىچىدە فېئوداللىق ئەدەب ـ قائىدە ۋە يوسۇنلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما يۇقىرىقىدەك كونىچە مەزمۇنلار بولغاندىن سىرت، يەنە جەمەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئۆم ئۆتۈش، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار بىلەن ئىناق بولۇش، يېتىم ـ يېسىرلارغا مېھرىبان بولۇش، قىمار، زىنا، ئوغرىلىق، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق، ھورۇنلۇق، ... قا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا ئوخشاشلار جەمەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كېلىپقا سېلىپ كەلگەن. بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان تەرەپتۇر.

نەسەبنامىلەرنىڭ يەنە بىر رېئال ئەھمىيىتى شۇكى، نەسەبنامىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەۋلادلاردا ئەجدادلىرى ھەققىدىكى تارىخ توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلاردا تارىخ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە بولىدۇ، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت تەرىپىدىن يىراقلاپ كەتكەن مەنىۋى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەي مېڭىشتەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى تىكلىشىگە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. ھەتتا چەتئەللەرگە مۇھاجىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن قېرىنداشلار بىلەن بولغان چېگرا ـ پاسىللار سەۋەبىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئارىلىقنى مەنىۋىي جەھەتتە بولسىمۇ يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

نەسەبنامىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى يەنە شۇ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇكى، ئۆزىمىزنىڭ

ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى نەسەبنامىلىرىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھازىرقى دەۋرگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە نەسەبنامىلەرنى يېزىپ چىقىشقا يول ئاچقىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، يېڭىچە نەسەبنامە ياكى جەمەت ئارخىپىنى تۈزگەندە، ئالاقىدار پرىنسىپلار ئەلۋەتتە ھازىرقى دەۋردىكى ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنئەنىۋى نەسەبنامىلەرنىڭ "جەمەتنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش"، "قانداش ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئۇيۇشتۇرۇش" تەك ئىقتىدارنى ئۆزلىرىدە ھازىرلىشى كېرەك. تۈزۈش ئۇسۇلىدا ھەم ئەنئەنىۋى نەسەبنامىلەرنىڭ ئىلغار تەركىبلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، ھەم دەۋر تەلىپىگە لايىقلىشالايدىغان مەزمۇنلارنى پەيدا قىلىش كېرەك.

نەسەبنامە تەتقىقاتىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مول ماتېرىيال خەزىنىسى بولغان نەسەبنامىلەر بىزنى يەنە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 4. ئىلگىرىكى نەسەبنامىلەرنىڭ چەكلىملىكى

نەسەبشۇناسلىقتا ھەر بىر جەمەتنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاۋۇپ كۆپىيىشى ۋە تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش، ھەمدە مەلۇم جايلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، يەنە نەسەبنامىلەرمۇ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىدۇ. بىراق، ئۇزۇندىن بۇيان نەسەبنامە ئەنئەنىسى كۈچلۈك مىللەتلەردە بەزىدە نەسەبنامىلەر فېئوداللىق جەمەتچىلىك تۈزۈمىنى قوغداشنىڭ قورالى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىشقا دۇچار بولغان ئىدى. مەسىلەن، جۇڭگودا 20 - ئەسىرنىڭ 60 ~ 70 - يىللىرىدا يۈز بەرگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا خەنزۇ مىللىتىنىڭ نۇرغۇن نەسەبنامىلىرى كونىلىق سۈپىتىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. ئەمما ھازىر نەسەبنامىلەرنىڭ قىممىتى جۇڭگودا بارغانسېرى كۆپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. بولۇپمۇ، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى دەل ئەجدادلارنىڭ تارىخى

ھەققىدىكى ۋەسىقىلەرنى توپلاپ رەتلەش بولۇپ قالدى. ئەلبەتتە، بىز مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، نەسەبنامىلەرنىڭ ۋەسىقىلىك قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىپ تونۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇلارنىڭ چەكلىمىلىكىنىمۇ تونۇشىمىز لازىم. نەسەبنامىلەردە ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر قاتار پاسسىپ ئامىللارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىشتىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1. ئۆتكەنكى دەۋرلەردىكى نەسەبنامىلەرنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار، مەزمۇنى ئارىلىشاڭغۇ، ھەقىقىي مەزمۇن بىلەن ساختا تەركىبلەرنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن.

ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرىكىلەردىن قېلىپ قالغان نەسەب خاتىرىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەشۇ نەسەب خاتىرىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغۇچى ئاپتورلارنىڭ نەسەبنامە تۈزۈش قائىدىلىرىنى دېگەندەك تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەنلىكى، ئۆزىدىكى ھېسسىي چەكلىمىلىك ۋە دەۋرىي شارائىت سەۋەبىدىن، ئۇلار نەسەب خاتىرىلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇبالىغىلىك تەسۋىرلەرنى يېزىپ سېلىشتىن، ئۆزلىرىنىڭ بەدەئىي ئۇسلۇبىنى نەسەب خاتىرىلىرىگە تولۇق سىڭدۈرۈشكە تىرىشىپ، ئۇلارنى ئەدەبىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنالمىغان بولۇشى مۇمكىن؛ بەزى شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تولۇق تەكشۈرمەيلا، نەسەب خاتىرىلىرىگە بەزى توقۇلمىلارنى خۇددى راست بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەك يېزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئىلگىرىكى زاماننىڭ تارىخچىلىرى مۇنداقلا يېزىپ قويغان نەرسىلەرنى كېيىنكى زاماننىڭ تارىخچىلىرى ھەقىقەت تەرزىدە چۈشىنىپ داۋاملاشتۇرۇپ بايان قىلغان بولۇشى، ياكى ئەكسىچە ئىلگىرىكى زاماننىڭ تارىخچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان ھەقىقىي ۋەقەلىكلەرنى كېيىنكى زاماننىڭ تارىخچىلىرى ئۆزگەرتىپ بايان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە نەسەب خاتىرىلىرىنىڭ مەزمۇنىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئىلگىرىكى نەسەب خاتىرىلىرىگە تامامەن ئىشىنىپ كەتمەي، پاكىتقا ئېتىبار بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ نەسەب خاتىرىلىرى ئىچىدىكى ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر - جاي ناملىرىنى ئەستايىدىل تەھقىقلەش لازىم.

2. ئىلگىرىكى نەسەب خاتىرىلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تۆھپىسى ۋە سالاھىيەت -

مەنسەبلىرىگە ئالاقىدار مەزمۇنلاردا مۇبالىغە كۆپرەك بولۇپ، بەزىسىگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

ئۆتكەنكى دەۋردىكى بەزى نەسەب خاتىرىلىرىدە نامدار شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرى، سالاھىيەت ۋە مەنسەبلىرىگە ئالاقىدار بايانلاردا كۆپتۈرىۋېتىشتەك خاتالىق سادىر بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ـ ساختىلىقىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر مىللەتتىكى نەسەب خاتىرىلىرىدە ئاپتورلارنىڭ ئۆز جەمەتىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سالاھىيىتىنى، مەنسىبىنى يۇقىرى قىلىپ يېزىپ قالدۇرۇشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇڭا، ھەر بىر دەۋردىكى نەسەب خاتىرىلىرىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان شەخسلەرنىڭ سالاھىيەت ۋە مەنسىبىنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا شۇ دەۋر سىياسىي تۈزۈلمىسىدە شۇ خىل مەنسەب ۋە سالاھىيەت بېكىتىش قائىدىسىنىڭ بار ـ يوقلىقىغا قاراش ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3. نەسەب خاتىرىلىرىنى تەكشۈرگەندە "دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدەش" روھى بولۇش كېرەك.

تولۇق قېزىپ چىقىدىغانلا بولساق، ئۆتكەن دەۋرلەردىن بىزگە قېلىپ قالغان نەسەب خاتىرىلىرى كۆپتۇر. ئەمما بىزگە كېرەكلىك بولغان (مىللەت تارىخىغا، جايلارنىڭ تارىخىغا ۋە جەمەتلەرنىڭ تارىخىغا چېتىلىدىغان) قىممىتى بار ئاز ساندىكى ماتېرىياللار ھامان نۇرغۇن يازمىلار دۆۋىسى ئىچىدە كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. تارىخى ئۇزۇن، چېتىلىدىغان شەخسلەر كۆپ بولغان نەسەب خاتىرىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇغاندا، نەسەبنامىلەر ئىچىدىن قىممىتى بار، ئەھمىيەتلىك تەركىبلەرنى ئايرىپ چىقىپ، تارىخ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، ئەۋلادلارغا ئەجدادلار ھەققىدىكى تەربىيەنى ئېلىپ بېرىشتا، نەسەب خاتىرىلىرىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە شەخسلەر تىزمىسىنىڭ كۆپلىكى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۆتكەن دەۋرلەردىن قېلىپ قالغان نەسەب خاتىرىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشتا جەزمەن تەنقىدىي پوزىتسىيە بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

نەسەبنامىلەرنىڭ مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتى ۋە ۋەسىقىلىك قىممىتىنىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقاپ كەتكەن، چېچىلىپ كەتكەن ۋە كۆمۈلۈپ قالغان نەسەب

خاتىرىلىرىنى قوتقۇزۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى نەسەبنامەشۇناسلىققا ئېتىبار بېرىدىغان مىللەتلەر ئىلگىرىكى نەسەب خاتىرىلىرىنى توپلاپ رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئاللىقاچان باشلاپ، بۇ ساھەدە چوڭ نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بولدى ھەم داۋاملىق ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئەشۇ مىللەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرىلىرىنى توپلاپ رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش - تەبىئىيكى بىزنىڭ ئۆزىمىزدە ساقلىنىۋاتقان نەسەب خاتىرىلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىمىزغا، شۇنداقلا نەسەب خاتىرىلىرىگە تارىخىي نۇقتىدىن توغرا، ئىلمىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىزغا پايدىلىقتۇر.

## 5. نەسەبنامە، نەسلشۇناسلىق ۋە ئىرسىيەتشۇناسلىق

نەسەبشۇناسلىق ئىلمى قانۇن بىلەن بىئولوگىيە ئىلمى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئىلىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىئولوگىيە ئىلمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. سۈپەتلىك تۇغۇت ئىلمى ماتېرىياللارغا ئېرىشىش جەھەتتە نەسەبشۇناسلىق ئىلمىگە تايىنىدۇ. ھازىرغىچە، بىز سۈپەتلىك نەسىللەرگە ئېرىشىش بويىچە، ئەركەت ۋە چىشى ئىنسانلارنىڭ جۈپلىشىش مەسىلىسىگە كۆپ ئېتىبارىمىزنى بەرمىدۇق. بۇ ئەھۋال ئىنسانلاردىن جىسمانىي ۋە ئەقلىي كەمتۈك نەسىللەرنىڭ تۇغۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقى، ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا دائىم يۈز بېرىۋاتقان ئاجرىشىش... قاتارلىق پاكىتلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنسانلار قالدۇرۇپ قويغان نەسەب خاتىرلىرىنىڭ تولىمۇ ئاز ۋە چۇۋالچاق بولۇشى، مەۋجۇد نەسەب ماتېرىياللىرىنىڭ ئىنسان نەسلى ساھەسىدىكى تەتقىقاتلاردا ناھايىتى كەم پايدىلىنىلغانلىقى نەسەبشۇناسلىق ئىلمى بىلەن سۈپەتلىك نەسىللەرنى تۇغۇش ئىلمى ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدە بار زىچ مۇناسىۋەتنى مەلۇم دەرىجىدە يىراقلاشتۇرغان.

ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، سۈپەتلىك نەسل يارىتىش ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار زور يوشۇرۇن ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئەۋزەل ھالىتىگە ئاساس سېلىش مۇمكىنچىلىكى بار. نۆۋەتتە، دۇنيا مىقياسىدا تېخى گۆدەك ھالەتتە تۇرغان

سۈپەتلىك نەسىل يارىتىش ھەققىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلەردە ئەمەلىي ماتېرىياللار ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر ئالاقىدار نەزەرىيۋى تەسەۋۋۇرلاردىن ئاز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئىنسان نەسلىنى ياخشىلاشقا بېغىشلانغان سۈپەتلىك تۇغۇش ئىلمىدە نۇرغۇن نەسەبشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ۋە پاكىتلىرىنىڭ توپلىنىشى زۆرۈردۇر.

نۇرغۇن جەمەت تارىخلىرى (نەسەب خاتىرىلىرى) كۆپىنچە ئەجدادلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىشنى مەقسەت قىلغان غەيرى كەسپىي نەسەبشۇناسلار تەرىپىدىن گۆدەك قىزغىنلىق ئاساسىدا يېزىپ قالدۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە، نەسەب خاتىرىلىرى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان، بىر جەمەتنىڭ نەسىل خۇسۇسىيەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش ھەققىدىكى مۇھىم مەلۇماتلار نەزەردىن ساقىت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بۇندىن ئىلگىرى يېزىلغان ھەرقايسى مىللەتتىكى نەسەبنامىلەردە كۆرۈلگەن دائىملىق ئەھۋالدۇر. نەسەب خاتىرىلىرىدە بىر جەمەتتىكى ئاللىكىملەرنىڭدۇر ئاقساق-چولاق ئىكەنلىكى، يەنە كىملەرنىڭدۇر ئالغاي ياكى ئەقلى كەمتۈك ئىكەنلىكى خاتىرىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما، نەسەب خاتىرىلىرى ئىچىدىن سۈپەتلىك نەسىللەرنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ بار بولۇشى ئۈچۈن، جىسمانىي ۋە ئەقلىي كەمتۈك ئەجدادلارنىڭ ئەشۇ نۇقسانلىرىنى ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىشتەك تۇيغۇ زۆرۈرىيىتى سەۋەبىدىن تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ خىلدىكى ئەجدادلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ۋە كەمتۈك تەرىپىنى ئاددىيلا تەسۋىرلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بەلكى بىر قانچە ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلىدىغان نەسەب خاتىرىلىرى ئىچىدە بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ نەسىل ئۆزگىرىشى ھەققىدە مەلۇم خۇلاسىۋىي بايانلارنىڭ بولۇشى زۆرۈركى، بۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇلاردىن ئىجابىي يوسۇندا پايدىلىنىشىدا، سۈپەتلىك نەسىل يارىتىش ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشتە بەكمۇ پايدىلىق خاتىرە بولۇپ قالىدۇ.

نەسەبشۇناسلارغا ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ تەقدىرىدە بەلگىلىك رول ئوينايدىغانلىقى ناتونۇش ئەمەس. نەسەب خاتىرىلىرىنى شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئەجداد - ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتى ھەمدە نىكاھلىنىش ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىشتىن شۇنى بايقاش مۇمكىنكى، چېكىنگەن ئىنسان نەسىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزاق جەريانلاردىن كېيىن بەرىبىر شاللىنىپ كېتىدۇ ۋە يوقۇلىدۇ. گەرچە بۇ ناھايىتى ئاستا بىر

جەريان بولسمۇ، چېكنگەن نەسللەرنىڭ ئۆزلىرى تۇرلىك جسمانىي ۋە ئەقلىي كەمتۇكلىكنىڭ ئازابلىرىنى تارتىپلا قالماستىن، تېخمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇلاردىن تۇغۇلغان گۇناھسىز نەسللەرمۇ شۇخىل كەمتۇكلۇكنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە بىزنىڭ ئېيتماقچى بولغىنىمىز ئىرسىي پرىنسىپلارنى قانداق قىلىپ ئىنسانلارنىڭ سۈپەتلىك پەرزەنتلەرگە ئېرىشىشگە تەدبىقلاش مەسلىسى ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە گېن ئامىللىرىنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدىغانلىقىغا تولۇق جەزم قىلغان ئاساستا، نەسەب خاتىرىلىرى ئىچىدە بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ نۆۋەتتىكى ئەۋلادىغىچە بولغان بىرقانچە بوغۇن ئادەملەر ۋۇجۇدىدا زاھىر بولغان جىسمانىي ۋە ئەقلىي (شۇنداقلا يەنە روھىي) ئەۋزەللىكلەر ھەم كەمتۇكلىكلەرنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكى، ئۆزگەرگەنلىكى ۋە مىراس قالغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بايقاشقا، بۇندىن كېيىن يېزىلغۇسى نەسەب خاتىرلىرىدە مەزكۇر نۇقتىلارنى ئىمكانقەدەر تولۇقراق ئەكس ئەتتۇرۇشكە، شۇ ئارقىلىق نەسەبنامىلەرنى ئىنسان نەسلىنى ياخشىلاشنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرۇشقا رىغبەت بېرىشتۇر.

يۇقىرىقى بايانلار ئىچىدىن يەنە شۇ نەرسە بىلىنىش لازىمكى، نەسەبنامىلەر ئىچىدە بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ ئەجدادىدىن نۆۋەتتىكى ئەۋلادقىچە داۋاملاشقان ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەر (تەن قۇرۇلمىسى ، تېرە رەڭگى، چېچىنىڭ رەڭگى ۋە ھالىتى، يۈز سۆڭىكىنىڭ شەكلى، كۆز قاپىقىنىڭ شەكلى...قاتارلىق تەرەپلەر) نى شۇ كىشلەرنىڭ جىسمانىيىتىدە، ئەقلىدە ۋە مىجەز-خاراكتېرىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۈرلىك كەمتۈكلەر (مەسىلەن، ئاقساق، ئالغاي، چېچىلاڭغۇ، ئۇرۇشقاق، ئەقلى چېكىنگەن، گالۋاڭلىق..غا ئوخشاش) دىن پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. يۇقىرىدا ئېيتىلىۋاتقان سۈپەتلىك نەسل يارىتىش يۇقىرىقىدەك كەمتۇكلىكلەردىن خالىي پەرزەنتلەرنى تۇغۇشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ ئەسلىي ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش (مەسىلەن، قارا كۆزلۈك ئەجدادلاردىن كۆك كۆزلۈك پەرزەنتلەرنى تۇغدۇرۇشتەك قىلمىشلار) قا قارىتىلمىغان. نەسەب خاتىرىلىرى ئىچىدە ھەر بىر كىشىنىڭ ئىرسىي ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەشتە ئوخشاشلا جەمەت كىشىلىرىنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرىنى

ئۆزگەرتىش كۆزلەنمەيدۇ. ئەمما، بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي ۋە روھىي كەمتۈكلىكلىرىنى تەسۋىرلەشتە، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ سۈپەتلىك (مەزكۇر نۇقسانلاردىن خالى)تۇغۇلۇشنى ئاز-تولا پايدىلىق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش كۆزلىنىش لازىم.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بىر كىشىنىڭ مەۋجۇدلىقى پەقەت ئۇنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىنلا بولماستىن، بەلكى زېمىن يۈزىدە دەسلەپ ئاپىرىدە بولغان ئىنسان ئەجدادلىرى سەۋەبىدىندۇر. ئەلۋەتتە، بىر كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن ئەڭ دەسلەپكى ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى نەسەب زەنجىرىنى تېپىپ چىقىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. ئويلىنىپ باقايلۇق: ناۋادا سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭ ئانىسىنىڭ مومىسىنىڭ مومىسى كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، سىز تۇغۇلمىغان بولار ئىدىڭىز. ئەمما، سىز ئەشۇ ئايال (بۈيۈك موما) نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ يەنە ئويلاپ بېقىڭ: ناۋادا سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئۇلۇغ مومىڭىز بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقا بىر ئايال بىلەن نىكاھلانغان بولسا، ئۇنداقتا سىز نۆۋەتتە ئۆزىڭىزدە بار ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولمىغان ئىدىڭىز.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زورۇركى، ھېچبىر ئائىلىنىڭ تارىخى باشقا ئائىلىلەرنىڭ تارىخىدىن ئۈزۈن ئەمەس. پەقەتلا بەزىلەر ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى باشقىلارغا قارىغاندا يىراقراق دەۋرلەردىن سۈرۈشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان، خالاس. بەزى ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا فامىلە قوللانغان ياكى مەلۇم لەقەملەر بىلەن ئاتالغان. بەزىلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە يازما خاتىرىلەر پۈتۈپ قالدۇرۇلغان. بۇ شۇ جەمەت ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى يىراقتىن سۈرۈشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەرگەن. ئەمما بىز يەنىلا شۇنى تەكىتلەيمىزكى، بىر-بىرى بىلەن نۆۋەتتە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارىلىدىغان ئىككى ئائىلە (ياكى جەمەت) ئەڭ دەسلەپتىلا پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىككى دانە ئۇرۇقتىن تۆرەلگەن ئەمەس. ناۋادا بۈگۈنكى كۈندە ھايات ياشاۋاتقان ھەر بىر ئەركەك ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى Y خروموسومىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىشقا قادىر بولالىسا ( Y خروموسومى ئاتىدىن ئوغۇلغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئەر جىنسلىق ئادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان، ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ ئۇنى پەقەت ئەر جىنسلىق ئەجدادلىرىدىنلا قوبۇل قىلىدىغان گېن ئامىلى)، ئۇنداقتا بىز ئەشۇ Y خروموسومىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر

ئىنسانىنىڭ ئۇرۇقىدىن كەلگەنلىكىگە جەزم قىلالايمىز.

دۇنيادىكى قەدىمكى ئەفسانە-رىۋايەتلەردە بارلىق ئىختىرا ۋە تېخنىكا-سەنئەتلەر ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئائىلە گۇرۇھى-خان جەمەتىدىكى ئىسىلزادىلەرنىڭ تۆھپىسى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا ئىلاھ بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ چۈشىنىلگەن ئىسىلزادىلەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە تائەت قەدىمكى ئىبتىدائىي دىنلاردىكى مۇھىم مەزمۇنغا ئايلىنىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىنمۇ، يەنە شۇ ئىسىلزادىلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر دەسلەپتە ئاغزاكىي رەۋىشتە، يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن يازما ھالەتتە خاتىرىلىنىپ ساقلىنىپ كەلگەن. شۇڭا، قەدىمكى جەمەتلەر ئىچىدە ئىسىلزادە، خان جەمەتى... قاتارلىقلارنىڭلا نەسەب خاتىرىلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شۇنداقلا خان جەمەتىگە تەۋە بولغان، ئەينى بىر **Y** خىروموسومىنى ۋۇجۇدىدا ھازىرلىغان ئەركەكلەرنىڭ نەسەب زەنجىرىنىڭ تارىخىي خاتىرلەردە تولىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقى ھەم ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

ئىلگىركى دەۋرلەردە ئائىلە (جەمەت) خۇددى ھازىرقىدەك بىرخىل ئىجتىمائىي بىرلىك سۈپىتىدە ئۇنچىلىك ئىزچىل ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان ئەمەس. بۇ بەلكى ھازىرقى دەۋردىكى شەھەر تۇرمۇشىدا كىشىلەر چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتقان تەنھالىق، يالغۇزلۇق تۇيغۇسىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. 20-ئەسىردىن ئېتىبارەن شىددەت بىلەن كېڭىيىۋاتقان شەھەر نوپۇسى ۋە كۆلىمىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقان شەھەر مەدەنىيىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسى ۋە ئائىلىۋى ھاياتقا چوڭ خىرىس ئېلىپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئائىلىلەر ئۆز ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ ۋە گۇمران بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بارغانسىرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى چوڭ ئائىلە قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەدرىجىي ئازىيىۋاتقانلىقىنى، كىچىك ئائىلە (بىرلىكلىرى) نىڭ ئومۇملىششىغا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، ئائىلىلەردىكى دىنىي ئەنئەنىلەر ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاللىقانداق «زامانىۋى» ئامىللارغا مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي يوسۇندا ئورۇن بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە. كىشىلەرنىڭ نىكاھ، ئۇرۇق – تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت، قانداشلىق زەنجىرى ... گە بولغان

چۈشەنچىلىرىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە، ... مانا بۇ ئەھۋاللار ئىنساندا ئەسلى بار بولغان تۇغما خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى-ئەجدادلىرى ھەققىدە بىر نەرسە بىلىپ بېقىش ئىستەكلىرىگە تېخىمۇ كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئەجدادلىرىنىڭ ھايات مۇساپىلىرى، ئەجدادلار بىلەن شەخسلەرنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى قېزىپ چىقىرىش ئارقىلىق، مەدەنىيەت (ماددىي مەدەنىيەت) پەيدا قىلىۋاتقان يالغۇزلۇق، يىگانىلىق تۇيغۇلىرىنى يوقۇتۇش - ھازىرقى دەۋردە يېگىچە بىر خىل ئائىلە مەدەنىيىتى، شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي ھەۋىسى سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېرىشىۋاتىدۇ.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، نەسەبشۇناسلىق تېخنىكىلىرى ۋە نەسەب ماتېرىياللىرىنىڭ ئىرسىيەتشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە تەدبىق قىلىنىشى كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقاندىن باشقا، كىشلەرنىڭ نەسەب خاتىرلىرى ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ساھەسىدە كەلگۈسى خېيىم - خەتەرنى باھالاش، سالامەتلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن سۇغۇرتا تۈرىنى بېكىتىش، بىر رايون ياكى بىر مىللەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتىنى ھېسابلاش، كىشلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مۇددىئاسىنى تەخمىن قىلىش،... ساھەلىرىدە بارغانسىرى كۆپ ئىشلىتىلىشكە يۈزلەنمەكتە. چۈنكى يۇقىرىقى ئەھۋاللار شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىرسىي ئامىللار — يەنى ئائىلىۋى بىئولوگىيىلىك ئەزەلىيلىك — غا مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىكتۇر. يۇقىرىقى مەسىلىلەردە ئەلۋەتتە نوقوللا كىشلەرنىڭ ئىرسىي ئالاھىدىلىكلىرى ئاساس قىلىنماستىن، ئىرسىي ئالاھىدىلىك يەنە كىشلەر تۇرغان مۇھىت - شارائىت ۋە ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆزىتىلىدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ ھەركەت قىلىقلىرىنىڭ مۇھىت - شارائىت بىلەن بىرگە يەنە ئىرسىي خۇسۇسىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى ۋە تىزگىنلىنىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتۇر.

خېلى قەدىم دەۋردىن تارتىپلا، ئىرسىي خۇسۇسىيەت پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلگەن. بۇنىڭ ئاددىي سەۋەبى دەل كىشلەرنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ كۆپىنچە چىراي- تۇرۇق، خۇلۇق - مىجەز جەھەتتە ئاتا - ئانىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭمۇ بىر - بىرگە يۇقىرىقى تەرەپلەردىن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزەتكەنلىكىدۇر. بۇ ئەھۋال ئىرسىي خۇسۇسىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە بەك ئوخشاپ كەتكەندىن باشقا،

خاراكتېر ـ مىجەز ۋە ئىقتىدار ـ قابىلىيەت ( تالانت ) جەھەتتىمۇ بەك يېقىن كېلىدىغان قوشكېزەك پەرزەنتلەر ئارىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، نەتىجىدە ئىرسىيەت ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەر ئەڭ دەسلىپىدىن تارتىپلا ئائىلە تارىخى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، بىر جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئەۋلادلىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن مەلۇم ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەر نۇقتىسىدىن كىشىلەرنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزى ۋە جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەش بىر خىل ئەقلىي ئۇسۇل تەرزىدە قوبۇل قىلىنغان. ئەمما، كىشىلەرنىڭ بىر ئائىلە ياكى جەمەت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلارنى مۇھىت نۇقتىسىدىن ئىزدىمەي، پەقەت ئىرسىي جەھەتتىنلا چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ سەۋەبى ئانچە ئېنىق ئەمەس. قىزىقارلىقى شۇكى، تالانتلىق پەرزەنتلەرنىڭ مەلۇم تالانتقا ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن مىراس ئالغان ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرى سەۋەبىدىن دەپ قارالسىمۇ ئەمما، ئەقلىي قۇۋۋىتى تۆۋەن پەرزەنتلەرنىڭ مۇشۇنداق تەقدىرگە ئىگە بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئەكسىچە پايدىسىز مۇھىت ـ شارائىت نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەمما، ئىرسىي خۇسۇسىيەت ياكى مۇھىت ـ شارائىت ئامىلىنىڭ قايسىسىنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاپ كېتىشكە نىسبەتەن مۇھىملىقىنى پەرقلەندۈرۈش ھازىرچە قىيىن مەسىلىدۇر.

ئىرسىيەت تەتقىقاتى شۇنداق بىر ھادىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىدى. يەنى، ئىرسىيەت خۇسۇسىيەتلىرى ۋارىسلىق قىلىنىش جەريانىدا «تۆۋەن دەرىجىگە چېكىنىش» ( regression to the mean) تەك بىر ھادىسە مەۋجۇد بولىدۇ. مەسىلەن، بويى ئالاھىدە ئېگىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بويىمۇ ئېگىز بولىدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىدەك ئۇنچىلىك ئېگىز بولمايدۇ. پاكار ئەر ـ خوتۇنلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىنىڭ بويلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىدىن ئېگىز بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بويى ئوتتۇرىچە بويىدىن يەنىلا پاكار بولىدۇ. بۇ ھادىسە خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، بۇنداق تۆۋەن دەرىجىگە چېكىنىش ھادىسىسى جىسمانىي ئالاھىدىلىكلەردىلا ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىمۇ زاھىر بولىدۇ. بۇنداق چېكىنىش يەنە كىشىلەرنىڭ مىجەز خۇلقىدىمۇ ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئوچۇق ـ يورۇق، شاش

مجەزلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىغاندا ئىچكىي مجەز، جىمغۇر بولۇشى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئىرسىي ئامىللار ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئارىسىدا ئوخشاشلىقنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئوخشىماسلىقلارنىمۇ پەيدا قىلىدۇ. بىر ئەر بىلەن بىر ئايالدىن بىر پەرزەنت تۆرەلگەندە، ئۇلارنىڭ گېنلىرى قوشۇلۇپ ۋە يۇغۇرۇلۇپ، يېڭىچە بىر خىل گېن تەركىبىنى ھاسىل قىلىدۇ ـ دە، بۇ سەۋەبتىن پەرزەنت ئاتا ـ ئانىسىغا بەئەينى ئوخشىماستىن، بەلكى پەرقلىق تەرەپلەرگە ئىگە بولىدۇ. پەرزەنتلەر ئىچىدە پەقەت قوشكېزەك پەرزەنتلەرلا ئەينى بىر خىل ئىرسىي ئامىللارغا ئىگە بولىدۇ. قوشكېزەك قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر بىر ـ بىرىگە كۆپ جەھەتلەردە ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىغا مەلۇم جەھەتلەردە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ھەتتا بىز ئاتا ـ ئانىسىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان (قىياپەت ـ تۇرۇقتىكى) باللارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇنداق ئەھۋالنى بىز پەقەت گېن ئامىللىرىنىڭ بۆلۈنۈش نەزەرىيىسى بويىچىلا چۈشەندۈرەلەيمىز، خالاس. مۇھىت ئامىلى جەھەتتە، بىز قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ چوڭايغانسېرى بىر ـ بىرىگە كىچىك ۋاقتىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بولۇپمۇ ئۇلار ئەينى بىر خىل مۇھىت ـ شارائىتتا ئوخشاپ كېتىدىغان ئوزۇقلىنىش مۇھىتىدا چوڭ بولغاندا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىللە چوڭ بولغان قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر ئارىسىدىكى (جىسمانىي، ئەقلىي ۋە روھىي) پەرقلەرنى مۇھىت ئامىللىرى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. نەتىجىدە، بىز ئىرسىيەتنىڭ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. شۇڭلاشقا، ئائىلە تارىخىغا نەزەر سالغاندا يۇقىرىقى نۇقتىنى ئەستە ساقلاش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

جەمەتنىڭ نەسەب خاتىرلىرى ئىچىدىكى مەلۇماتلار ئارقىلىق ئىرسىي ئامىللىرىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ـ مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدۇر. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ دەرىجىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىمۇ بىزنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. شۇنى بايقىشىمىز مۇمكىنكى، ئاتا

ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ھەر قايسى پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ دەرىجىسى قوشكېزەك پەرزەنتلەرنىڭ قانداشلىق دەرىجىسىنىڭ يېرىمىچىلىك بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار مۇناسىپ دەرىجىدە ئاز بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تاغىلار ۋە ھامىملار بىلەن جىيەن ئوغۇل ـ قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنىڭ دەرىجىسى ئۇلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسىگە مۇناسىپ ھالدا تۆۋەنرەك بولىدۇ. ناۋادا ئىرسىي ئامىللار تۈپ بەلگىلىگۈچى ئامىل بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنىڭ دەرىجىسى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىق دەرىجىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە موھىت ـ شارائىت ئامىلىنىڭ ھالقىلىق رول ئوينىيالمايدىغانلىقى ئەمەلىي كۆزىتىشتىن ئېرىشىلگەن بىر خىل نەزەرىيۋى ھۆكۈمدۇر. چۈنكى، ئەينى بىر خىل مۇھىت ـ شارائىت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئوخشىمىغان جەمەت كىشىلىرىنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە خۇلق ـ مىجەزلىرى ھامان پەرقلىق بولىدۇ.

ئىرسىيەت بىلەن مۇھىتنىڭ جەمەت ئەزالىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ يەنە بىر يولى بېقىۋېلىنغان باللارنىڭ خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆزىتىشتۇر. بېقىۋېلىنغان باللار بىئولوگىيىلىك گېن قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئەسلىي ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتى ۋە مۇھىتىنى بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىلىرى يارىتىدۇ ياكى تەمىنلەيدۇ. ئۇنداقتا، بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەر ئەسلىي ئاتا ـ ئانىلىرىغا بەكرەك ئوخشاپ كېتەمدۇ ياكى بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىلىرىغىمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئاددىيدۇر. بېقىۋېلىنغان پەرزەنت ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە ئەسلىي ئاتا ـ ئانىسىغا بەكرەك ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىسىغا ھەر قايسى جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئەھۋال دائىم بېقىۋالغۇچى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى بالا بېقىۋالغۇچى ئاتا ـ ئانىلار بېقىۋېلىنغان پەرزەنتنى ياخشى مۇھىت ـ شارائىت بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ (تۇغقانچىلىق ھېسسىياتى ۋە ئېتىراپ تۇيغۇسى بويىچە) سەۋىيىسىگە ئېلىپ كىرىشكە تىرىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق مۇھىت ئەسلىدە ئەقلىي ئىقتىدارى نورمال ياكى ئۈستۈن باللار ئۈچۈن ئەۋزەللىك ھېسابلانسا، ئەقلىي ئىقتىدارى چېكىنگەن

ئاتا ـ ئانىلار تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغان ئەسلىي ئەقلىي ئىقتىدارى نورمال ياكى ئۈستۈن باللار شۇ جەھەتتە چېكىنىپ كىتىدۇ.

ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا قانداق مىراس بولۇپ قېلىش مەسىلىسىنى يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھتىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنى كۈزىتىش ئارقىلىق ئېنىقلاش مۇمكىن. ئىنسان گېنىنىڭ بەزىسى ئاساسىي ئورۇندىكى تىزگىنلىگۈچى گېن بولسا، يەنە بەزىلىرى چېكىنگۈچى گېن بولىدۇ. ئەقلنى بەلگىلىگۈچى گېنلار ئىرسىيەت ۋارىسچانلىقىدا كۆپىنچە تېزگىنلىگۈچى گېن سۈپىتىدە مىراس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھتىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە ئۆسۈپ بېرىشتەك يۈزلىنىشنى زاھىر قىلىدۇ.

بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر نۇقتا كىشىلەرنىڭ جۆرە تاللاشتا ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەرنى چىقىش قىلىشقا مايىل بولۇشىدۇر. قۇشلار مۇتلەق ئەھۋالدا قۇشلار بىلەن جۈپلىشىدۇ. ئەقىللىق ئەر ئۆيلىنىش ئۈچۈن كۆپىنچە ئەقىللىق ئايالنى جۆرە سۈپىتىدە تاللاشقا مايىل كېلىدۇ. بۇ دەل ئىرسىي ئامىللارنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەمما، مەزكۇر جۆرە تاللاش خاھىشى خۇلق ـ مىجەز ساھەسىدە رول ئوينىمايدۇ. يەنى، مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق ئەر ئىچكىي مىجەز، جىمغۇر ئايال بىلەن نىكاھلىنىشقا مايىل كېلىدۇ. ھېسسىياتچان، نېرۋىسى ئىتتىك ئادەم نرۋىسى ئىتتىك، شاش ئاياللاردىن كۆرە، تەمكىن ئاياللارنى تاللاشقا بەكرەك مايىل كېلىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەھمىيتى بار ياكى يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر جەمەتنىڭ نەسەب خاتىرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىر جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى نەسەبنامە تەرزىدە تەتقىق قىلغۇچى نەسەبشۇناسلار ئۈچۈن جەلپكارلىققا ئىگە ئەمگەكلەر جۈملىسىدىندۇر. شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك ئەقلىي بەس ـ مۇنازىرىلەر بىز ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس ئالغان ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداق ئۆزگەرگەن شەكىللەردە زاھىر بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتا تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

# تۆتىنچى بۆلۈم: نەسەبنامىنى تۈزۈشنىڭ يوللىرى

## 1. نەسەبنامىنىڭ تۈرلىرى

ھەر قايسى مىللەتلەردىكى نەسەبنامىلەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كۆپ خىل ئاتالدى، ئوخشىمىغان تۈرلىرىمۇ شەكىللىنىپ، كۆپ خىللىشىپ باردى. ھازىرغىچە ھەر قايسى مىللەتلەردە مەۋجۇد بولغان نەسەبنامىلەرنى ئوخشىمىغان ئۆلچەملەر بويىچە ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈپ چۈشىنىش مۇمكىن.

قەدىمدىن ھازىرغىچە ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن نەسەبنامىلەرنى ئۇلارنى خاتىرىلەشتە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. يىپ ياكى ئارغامچا شەكلىدىكى نەسەبنامە: بۇ قەدىمدە بارلىققا كەلگەن، ئارغامچا ياكى يىپقا تەرتىپلىك تۈگۈنچەك ئۆرۈش ئارقىلىق ئەجداد ۋە ئەۋلادلار تىزىپ كۆرسىتىلىدىغان، قوشۇمچە رەۋىشتە بەزىدە جەمەت ياكى ئائىلىدىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئەھۋالى يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇلىدىغان نەسەبنامىنى كۆرسىتىدۇ.

2. ئاغزاكىي نەسەبنامە: بۇ ئېغىز ئارقىلىق ئېيتىلىپ ۋە يادلىنىپ، يەنە ئېغىز ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلىدىغان نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يېزىق قوللىنىلمىغان دەۋرلەردىكى، ياكى يېزىقى يوق مىللەتلەردىكى نەسەبنامە شەكلى، شۇنداقلا يېزىققا ئىگە بولسىمۇ نەسەبنامە قالدۇرۇش ئەنئەنىسى پىشىپ يېتىلمىگەن مىللەت ياكى خەلقلەرنىڭ نەسەب خاتىرىلىرىنى قالدۇرۇش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. مېتال نەسەبنامە: بۇ قەدىمكى دەۋرلەردە مىس ياكى ئالتۇن تاختىلار ئۈستىگە ئويۇپ قالدۇرۇلغان نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قەدىمكى شاھلاردىن بەزىلىرى قوللانغان نەسەب پۈتۈش شەكلىدۇر.

4. تاش نەسەبنامە: بۇ تاش ئۈستىگە ئويۇلغان نەسەب ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خەنزۇ ۋە ياۋروپا مىللەتلىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل نەسەب ماتېرىيالىنى پۈتۈش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شەكلى ـ قەبرە بېشىغا ئورنىتىلغان خاتىرە تاشلاردۇر. بۇنداق شەكىلدە نەسەب ماتېرىياللىرىنى

پۈتۈش قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركلەردىمۇ بولغان. يەنى قەدىمكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ بەزىسى ۋە قەبرە ئابىدىلىرى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردا تەدرىجىي كەڭ تارقىلىۋاتقان تاشتىن قەبرە تاختىسى تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈپ كەتكەن كىشلەرنىڭ هاياتىدىكىق بەزى ئەهمىيەتلىك چاغلار ۋە ئىشلارنى ئويۇپ يازغاندىن كېيىن قەبرە بېشىغا تىكلەشتەك ئادەتمۇ مەزكۇر شەكىلدىكى نەسەب خاتىرىسى قالدۇرۇشقا تەۋە بولىدۇ.

5. رەخت نەسەبنامە: بۇ رەخت ۋە باشقا توقۇلمىلار ئۈستىگە يېزىلغان ياكى كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

6. قەغەز نەسەبنامە: بۇ قەغەزگە يېزىلغان ياكى بېسىلغان ئائىلە ـ جەمەت نەسەبنامىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ هازىر مەۋجۇد بولغان ۋە ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلىدىغان نەسەبنامە شەكلىدۇ.

7. مۇنار نەسەبنامە: بۇ تاش مۇنار ئۈستىگە ئويۇپ قويۇلغان نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق نەسەبنامىلەر كۆپ ئەمەس. پەقەت خەنزۇلاردا ئاندا ـ ساندا ئۇچرايدۇ.

نەسەبنامىلەرنى ئۇلاردا خاتىرىلەنگەن ئوبيېكتلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. خان جەمەتى نەسەبنامىلىرى: بۇ قەدىمدىن بۇيان هەر قايسى خان ـ پادىشاهلار تۈزدۈرگەن خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىلىرى بولۇپ، بۇ خىلدىكى نەسەبنامىلەر هازىرغا قەدەر ساقلانغان نەسەبنامىلەر ئىچىدە بىر قەدەر مۇكەممەل نەسەبنامىلەر بولۇپ سانىلىدۇ. قەدىمدە ئوردىلاردا خان جەمەتى نەسەبنامىلىرىنى تۈزىدىغان ۋە ساقلايدىغان مەخسۇس ئورگانلار تەسىس قىلىنغان.

2. ئادەتتىكى نەسەبنامىلەر: بۇ خان جەمەتى نەسەبنامىلىرىدىن باشقا نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

نەسەبنامىلەرنى ئۇلارنى تۈزگۈچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن يەنە مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

1. هۆكۈمەت تۈزگەن نەسەبنامىلەر: بۇ هۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ ئادەم تەشكىللەپ تۈزگەن نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇلارنىڭ سوڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى

نەسەبنامىلىرىنى ئاساسەن ھۆكۈمەت تۈزگەن.

2. شەخسلەر تۈزگەن نەسەبنامىلەر: مەلۇم شەخس ياكى ئائىلە (ياكى جەمەت) لەر ئۆزلىرى تۈزگەن نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇلارنىڭ سوڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى دەۋردىكى نەسەبنامىلىرى شۇنداقلا غەربلىكلەرنىڭ ھەممە ەەسبنامىسى دېگۈدەك شەخسلەر تۈزگەن نەسەبنامىلەردۇر. ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇد بولغان نەسەبنامىلەرنىڭ كۆپ قىسمىمۇ شەخسلەر ياكى ئائىلە ـ جەمەتلەر ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان نەسەبنامىلەردىن ئىبارەتتۇر.

نەسەبنامىلەرنى ئۇلاردا خاتىرىلەنگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەر توپىنىڭ دائىرىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن يەنە مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) يەككە ئائىلە نەسەبنامىسى: بۇ بىر پۈتۈن جەمەتىنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر ئائىلىنىڭلا ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(2) جەمەت نەسەبنامىسى: بۇ بىر جەمەت ياكى بىر ئۇرۇقنىڭ پەيدا بولۇش، كۆچۈش، تەرەققىي قىلىش جەريانلىرىنى، جەمەت ياكى ئۇرۇق ئىچىدىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەسەبنامىلەرنى كۆرسىتىدۇ. جەمەت نەسەبنامىلىرى ئائىلە نەسەبنامىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر قاتار ئائىلە نەسەبنامىلىرىنىڭ توپلىمى ياكى يىغىندىسىدۇر.

يۇقىرىقى ئىككى تۈردىن باشقا، يەنە ئوخشىمىغان مەنبەدىن كېلىپ چىققان ئائىلە ۋە جەمەتلەرنى بىر نەسەبنامىدە خاتىرىلەيدىغان ئەھۋالمۇ باردۇر.

20 ـ ئەسىردە كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم تىل ـ يېزىق ئىشلىرىدا كۆپلەپ قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، نەسەبنامىلەرنى كومپيۇتېردا تۈزۈپ ساقلايدىغان ھەم تولۇقلاپ ماڭىدىغان ئەھۋال كۆنسايىن ئەۋج ئالماقتا. شۇڭا، يېڭىدىن تۈزۈلىدىغان نەسەبنامىلەر كىتاب شەكىللىك نەسەبنامە ۋە كومپيۇتېر ھۆججىتى شەكىللىك نەسەبنامە دەپ ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) كىتاب شەكىللىك نەسەبنامە: بۇنداق نەسەبنامىنىڭ ئاخىرقى شەكلى كىتاب ھالىتىدە بولىدۇ. مەزمۇنى ئادەتتىكى نەسەبنامىلەر ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەممە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە

ئالغاندىن باشقا، يەنە بۇنىڭدا ھەر بىر تارماق مەزمۇنى ئەھۋالغا قاراپ كېڭەيتىلسە بولىدۇ. كىتاب شەكىللىك نەسەبنامىلەرنى ھەر قانداق كىشى پايدىلىنالايدىغان بولۇپ، ئۇ يەنە ساقلاشقىمۇ ئەپلىكتۇر.

(2) كومپيۇتېر ھۆججىتى شەكىللىك نەسەبنامە: بۇ كىتاب شەكىللىك نەسەبنامە ئاساسىدا ئىشلىنىدىغان نەسەبنامە بولۇپ، ئۇنىڭدا كىتاب شەكىللىك نەسەبنامىلەردىكى بارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، يەنە سۈرەت، رەسىم، يېزىق، كارتون ھەمدە ئۈن - سىن ماتېرىياللىرىنى كىرىشتۈرۈش، ستاتىستىكىلىق دىئاگراممىلارنى ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى تۈزۈش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ، بىر جەمەتتىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ۋە ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە دائىر ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ جانلىق ۋە ئوبرازلىق خاتىرىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا ئۆزگەرتىپ يېڭىلاپ تۇرغىلى، ئەمەلىي ئەھۋالغا لايىقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. كومپيۇتېر ھۆججىتى شەكىللىك نەسەبنامىلەرنىڭ پۈتكەن شەكلى كومپيۇتېر ئىچىدە كۆرگىلى بولىدىغان نەسەبنامە ماتېرىيالى، ئۇلاردىن ئىشلەنگەن VCD پىلاستىنكىسى، ئىنتېرنېتتا ئېلان قىلىنىدىغان نەسەبنامە ۋە بېسىپ چىقىرىلغان يېزىقچە شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. ھەر بىر جەمەت يەنە ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، كومپيۇتېر ھۆججىتى شەكىللىك نەسەبنامىنىڭ شەكىللىرىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك كۆپ قىلىۋەتمەي، ئادىيلاشتۇرۇپ پۈتتۈرۈشى مۇمكىن.

## 2. نەسەبنامە تۈزۈشتە دائىم كۆرۈلىدىغان ئۇن خىل خاتالىق

نەسەبنامە تۈزۈش ئىشلىرىدا ئىلمىي مېتودلارنىڭ ۋە توغرا بولغان تارىخ تۇيغۇسىنىڭ بەزىدە كەم بولۇشى سەۋەبىدىن، كىشىلەر ئەجدادلار تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئۇلارنى تەتقىق قىلىش ۋەي ئاخىرىدا نەسەب خاتىرىسى يېزىش جەريانىدا بەزى خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. تۆۋەندە نەسەبنامە تۈزۈشتە كۆپ كۆرۈلىدىغان خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. "نەسەبنامە" ۋە "شەجەرە" ناملىرىنى توغرا قوللانماسلىق:

بەزى كىشىلەر "نەسەبنامە" بىلەن "شەجەرە" ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنا پەرقىنى ئېتىبارغا ئالماستىن،

كۆپىنچە "نەسەبنامە" ئورنىغا "شەجەرە" ئىبارىسىنى ئىشلىتىپ قويىدۇ. مەسىلەن، "پالانى جەمەتتىكىلەرنىڭ نەسەبنامىسى" دېگەننىڭ ئورنىغا "پالانى جەمەتتىكىلەرنىڭ شەجەرىسى" دەپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، بەزى كىشىلەر يەنە "نەسەبنامە" سۆزىنىڭ "فامىلە" سۆزىگە تەڭداش مەنىدە ئىشلىتىپ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەقنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ. بۇنداق خاتالىق ھەتتا بەزى ئىلمىي ئەسەرلەردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېمەك، شەجەرىنىڭ نەسەبنامىدە يېزىلغان ئۇرۇق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەلۇم شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان سخېما ئىكەنلىكىدەك مەنىسى بارلىقىنى، فامىلىنىڭ بولسا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە (يەنى بىر جەمەتتىكى) كىشىلەر ئورتاق قوللانغان نام ـ بەلگە ئىكەنلىكىدەك مەنىسى بارلىقىنى ئېنىق تونۇپ، مەزكۇر ئىبارىلەرنى توغرا ئىستېمال قىلىش كېرەك.

2. يېزىقتا ئېلىنغان ھەممىلا نەرسىگە ئىشىنىۋېرىش:

ئائىلە ـ جەمەت نەسەبنامىسى ياكى جەمەت تارىخىدىن مەلۇمات بەرگۈچى خاتىرىلەرنى توپلاپ ساقلاش ھەتتا نەشر قىلىش ئۇلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەلمەيدۇ. مەلۇم جەمەتلەر نەسەبنامە يازغاندا، ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدە يېزىلغان تارىخىي ئۇچۇرلارنى بايقىغاندا ياكى باشقىلار تەتقىق قىلىپ پەيدا قىلغان نەسەب خاتىرىلىرىگە يولۇققاندا، ئۇ ماتېرىياللارنىڭ سۈپەتلىك ھەم ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە دەرھاللا جەزم قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ھەر بىر ئادەم، ھەتتا پىشقان نەسەبشۇناسلارمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە ئاشكارە نەشر قىلىنغان نەسەب خاتىرىلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، كېيىنچە جەمەت نەسەبنامىلىرى نەشر قىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن باشقا جەمەتلەر نەسەبنامە يېزىشتا پايدىلانغاندا، ئۇلاردىكى نۇقتىلىق سەھۋەنلىكلەر، جۈملىدىن سانلىق مەلۇماتلار ۋە تارىخىي مەلۇماتلاردىكى خاتالىق ۋە چۈشۈپ قالغان نۇقتىلارنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم. بۇنداق ئەھۋالدا، كىتابىي يازمىشلارغىلا تايىنىۋالماي، ۋاقىت چىقىرىپ ئىبتىدائىي (بىرىنچى قول) ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىش، مۇمكىن بولسا نەسەبنامە يازغۇچى ئۆزى شەخسەن پاكىت تېپىشقا بولىدىغان جايلارغا بېرىپ، ماتېرىيال ئىزدەش كېرەك.

3. ئەسلىنى مەلۇم ئۇلۇغ شەخسلەرگە باغلىۋېلىش.

ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىنى مەلۇم ئۇلۇغ شەخسلەرگە باغلاشقا ئۇرۇنۇش ـ ئادەم زاتىنىڭ تەبىئىتى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشلەرنىڭ نەسەبنامە تەتقىقاتىغا كىرىشىپ قېلىشىنىڭ دەسلەپكى سەۋەبلىرىدىن بىرى دەل ئۇلار تارىختىكى بىرەر نامدار شەخس بىلەن فامىلىداش بولۇپ قالغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرەر مەشھۇر كىشى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە بىرەر پاكىت ياكى پەرەزگە ئېرىشىپ قالغانلىقىدۇر. ناۋادا ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇپ قالسا، مەلۇم مەشھۇر شەخس بىلەن باغلىنىشى بارلىقى ھەققىدە پاكىت ياكى پەرەزگە ئېرىشكەن كىشى ئۇ ھەقتە ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىۋەتمەي، ئۆز نەسەبى ھەققىدە تەتقىقاتنى ئاخىرىغىچە پۇختا ئېلىپ بېرىشى، ئۆزلىرىنىڭ نامدار شەخسلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئېنىقلاش يولىغا كونكرېت قەدەم تاشلىشى لازىم. نامدار شەخسلەر ھەققىدىكى تەييار تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ماتېرىياللارغا ئىككىلەمچى ماتېرىياللار تەرزىدە مۇئامىلە قىلىش، ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن باشلانغۇچ ماتېرىيال مەنبەلىرىگە قاراش، تەييار نەتىجىلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىكى توغرا ـ خاتالىقىنى ئېنىقلاش كېرەك. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى مەلۇم ئۇلۇغ ئەربابلارغا باغلاش بارىسىدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق ئۇلار بىلەن ئەمەلىي باغلىنىشى بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ.

4. ئادەم ئىسىملىرى ۋە يىلنامىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش.

نەسەبنامە ـ نوقۇل ئەجداد ئىسىملىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى يىل ـ چاغلارنىڭ خاتىرىسىلا ئەمەس. نەسەبنامىدە ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىنى قانچە بۇرۇندىن ئىزدەپ تېپىشقا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۆزىنىڭ ئەجداد شەجەرىسىدە قانچىلىك كىشى ئىسمىنىڭ تىزىلغانلىقىغا دىققەت قىلغىنىدىن كۆرە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ئۇلار قانداق ياشىغان؟ قانداق ۋەقەلەر ئۇلارنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن؟ ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى مەلۇم شەكىلدە ئۆتكۈزىشىدە قانداق تارىخ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان؟ ... دېگەنلەرگە كۆڭۈل بۆلگىنى ئەۋزەلدۇر. ھەر بىر كىشى ئۈچۈن، ئۆز ئائىلىسىنىڭ تارىختىكى خاس ئورنىنى بىلىشكە باشلىشىنىڭ ياخشى يوللىرىدىن بىرى دەل ھايات ياشاۋاتقان ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارنى

زىيارەت قىلىپ ئەھۋال ئىگىلەشتۇر. ھەر بىر كىشى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا پايدىلىق ۋە قولاي پۇرسەت يارىتىپ بەرگەندە، ئۇلاردىن ئەجدادلىرى ۋە ھايات تۇغقانلىرى ھەققىدە جەزبىدار ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا سازاۋەر بولۇشى مۇمكىن.

5. تەتقىقاتتا ئومۇمىي تۈس ئالغان نەسەب خاتىرىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىش.

چەتئەللەردە ۋە دۆلىتىمىزدە نەسەب تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان بىر قاتار ژورناللار، قوللانما كىتابلار ۋە ئىنتېرنېت بەتلىرى مەخسۇس فامىلىلەرنىڭ مەنبەلىرى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، شەخسلەرنىڭ ئۆز فامىلىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى كۆزلەيدۇ. ئەمما، بۇنداق ماتېرىيال مەنبەلىرى مەلۇم فامىلىلەرنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدىكى بىرەر پاراگرافنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ بايانلار بىرەر كونكرېت فامىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا قارىتىلماستىن، بەلكى بارلىق ئوخشاش فامىلىلەرگە ماس كېلىدىغان بايانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددىي شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگۈسى مۇمكىن بولغان فامىلە تىزىملىكلىرىدە ۋە ئەجداد سۈرۈشتۈرۈشكە بېغىشلانغان ماتېرىياللاردا مەلۇم خىلدىكى فامىلىلەرنىڭ مەنبەلىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلەتكەن كىشىلەرنىڭ تىزىمى بېرىلگەن ۋاقىتتا، شۇ خىلدىكى فامىلىلەر بىلەن ئوخشاش فامىلە ئىشلەتكەن كىشىلەر مەزكۇر ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان ۋە مەنبەسى سۈرۈشتۈرۈلگەن فامىلىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسى دەپ قارىۋالماسلىقى، بىر تۈردىكى ئوخشاش فامىلىنىڭ مەنبەسىگە چېتىلىدىغان بايانلارغا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەسلىكى، ئىشنىڭ تېگى ـ تەھتىنى ئېنىقلاپ بېقىشى زۆرۈر.

6. ئائىلە ياكى جەمەت ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى سوئال ـ جاۋابسىزلا قوبۇل قىلىۋېرىش.

نۇرغۇن ئائىلە ۋە جەمەتلەرنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىلىپ كەلگەن رىۋايەتلىرى ۋە ئەنئەنىسى بار بولىدۇ. بۇنداق رىۋايەتلەر كىشىلەرنىڭ نەسەب تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاپ ئېلىپ بېرىشىنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىراق ئۇلارغا ھۇشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر كىشىنىڭ مومىسى ياكى بوۋىسى ئېيتىپ بەرگەن ئەجدادلىرى ھەققىدىكى ھېكايە ـ رىۋايەتلەر، جۈملىدىن نامدار بوۋىلار، پالۋانلار، ئەجداد لەقەملىرى (يەنى ھازىرقى مەنىدىكى فامىلە) نىڭ ئۆزگىرىشلىرى، ھەتتا جەمەتنىڭ

مىللەت تەركىبى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش، ... لەرنىڭ پاكىت ئاساسى بار بولۇشى مۇمكىن. نەسەبنامە يازغۇچىنىڭ بۇنداق ئەھۋالدىكى ۋەزىپىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەردازلىنىپ كەتكەن ھېكايە ـ رىۋايەتلەر ئارىسىدىن پاكىتلارنى ئايرىپ چىقىشتۇر. دېمەك، ئەجدادلار ھەققىدىكى ھېكايە ـ رىۋايەتلەرگە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەخسەن قول تىقىپ پاكىتلارنى تەكشۈرۈش لازىم. ناۋادا كىشى ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدىكى ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلىيالمىسا، ئۇنداقتا بۇ ئەھۋاللارنى، يەنى نېمىنى ئىسپاتلاپ، نېمىلەرنى ئىسپاتلىيالمىغانلىقىنى، نېمىنىڭ راست، نېمىنىڭ يالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆز يەكۈنىنىڭ شۇنداق چىقىرىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى نەسەبنامىدە خاتىرىلەپ قويۇش كېرەك.

7. ھاۋالە بىلەن نەسەبنامە يازدۇرغاندا، نەسەبنامە يازغۇچىلارنىڭ توقۇلمىسىغا يول قويۇش.

تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەممىلا كىشى ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بۇنداق جەمەتتىكى كىشىلەر كەسپىي نەسەبنامە يازغۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىپ بېرىشكە تاپشۇرغاندا، ئۇلارنى نەسەبنامە يېزىشقا كېرەكلىك بولغان زۆرۈر ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، مۇھىمى كەسپىي نەسەبنامە يازغۇچىلار ئاسان سادىر قىلىدىغان كۆپتۈرمىچىلىك، پەردازلاش، زىيادە ئەدەبىيلەشتۈرۈۋېتىش ۋە يوق ئەھۋاللارنى نەسەبنامىگە كىرگۈزۈپ پەردازلاش، ... قا ئوخشاش سەھۋەنلىكلەرنىڭ نەسەبنامىدە كۆرۈلمەسلىكى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

8. پايدىلىنغان مەنبەلەرنى يېزىپ قويۇشقا سەل قاراش.

نەسەبنامە يازغاندا پايدىلانغان ماتېرىياللارنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ نامى، ئېلىنغان مەنبە ۋە ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىم. نەسەبنامە يازغۇچىلار ئىش پۈتكەندىن كېيىن پايدىلانغان مەنبەلەرگە قايتا مۇراجىئەت قىلمايدىغانلىقىنى سەۋەب سۈپىتىدە كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەمما ئەھۋال ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. كۆپىنچە ئەھۋالدا نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار نەسەبنامە يېزىش ۋاقتىدا دەسلەپتە بەزى مۇھىم ئۇچۇرلارغا سەل قارىغانلىقىنى بايقاپ قېلىپ، كېيىن شۇ مەنبەلەرگە قايتا مۇراجىئەت

قىلىدۇ. شۇڭا، نەسەبنامە يېزىشتا تولپلىغان ۋە پايدىلانغان ھەر بىر ماتېرىيال مەنبەسىنى، ھەتتا ئۇ بىرەر كىشىنىڭ ئىسمى، بىرەر كىتابنىڭ نامى ياكى قەبرە تېشى بولغان تەقدىردىمۇ، خاتىرىلەپ قويۇش ئارتۇقچە ئىش ئەمەس. كېيىنكىلەرنىڭ ئىزدىشىگە قولاي بولۇشى ئۈچۈن، يەنە ماتېرىياللارنىڭ قەيەردىن ئېلىنغانلىقىنىمۇ ئىزاھلاپ قويۇش ئەرزىيدىغان ئىشتۇر.

9. ئىككىلەمچى ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئىشەنچلىك دەپ قاراش.

نەسەبشۇناسلىقنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىدىن بىرى ـ ساغلام بولغان گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىنى دائىم ساقلاشتۇر. رەسمىي تارىخ، يەرلىك تەزكىرىلەر ۋە ئەجدادلاردىن قالغان قولىيازمىلاردىكى ماتېرىياللار بىر قەدەر ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكىلەر قالدۇرۇپ قويغان قولىيازما ھۆججەتلەر، كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بەزى پەرەزلىرىگە تايانغان نەتىجىلەر ۋە ئاغزاكىي گەپ ـ سۆزلەر شۇنداقلا كەلگۈسىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن بولغان ئىنتېرنېتتىكى ئالاقىدار ماتېرىياللار نەسەبنامە يېزىشنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇكى، ئۇلاردىكى سانلىق مەلۇماتلار، ھەر بىر تەپسىلاتلار ھەرگىزمۇ بىۋاستە يېزىپ قويىدىغان مەنبە بولالمايدۇ.

10. ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار بىلەن سۆزلىشىشنى كېچىكتۈرۈش.

بىز ئائىلە نەسەبنامىسىنى يېزىۋاتقان ياكى يېزىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە ۋاپات بولۇپ كەتكەن پىشقەدەم ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بىلەن سۆزلىشىشنى كېچىكتۈرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرىمىز. ھەر بىر ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسى نەسەبنامە يېزىشنىڭ بىۋاستە مەنبەسى، شۇنداقلا ئەجدادلارنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى تىرىكلەرگە يەتكۈزىدىغان بىردىن بىر مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ھايات ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلىشىش ـ نەسەبنامە يازغۇچىلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى تىزىملىكىدە ئالدىنقى ئورۇنغا تىزىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ياقا يۇرتلاردا بولۇپ قالسا، ئۇلارغا ۋاقتىدا سوئال تىزىملىكى ئەۋەتىش، ئۇلارغا ئەجدادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى ئەسلىتىدىغان ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلەش لازىم. بىز ئەمەلىيەت جەريانىدا نۇرغۇن

ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا مۇناسىپ ئىلھام بېرىلىدىغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز جەمەتلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىنىڭ يېزىقفا ئېلىنىشىنى تولىمۇ خالايدىغانلىقىنى بايقايمىز.

## 3. نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنلىرى

مۇكەممەل بىر نەسەبنامە ياكى نەسەب خاتىرىسى ۋەياكى جەمەت تارىخى قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك؟ تارىخ مابەينىدە ھەر قايسى مىللەتلەردە رويابقا چىققان جەمەت نەسەبنامىلىرى مەزمۇن دائىرىسى جەھەتتە ھەر خىل بولۇپ، بۇ ئەھۋال روشەنكى جەمەتنىڭ چوڭ كىچىكلىكى، جەمەتنىڭ ئېنىقلانغان تارىخىنىڭ ھەمدە نەسەب خاتىرىسىنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، نەسەبنامە يازغاندا قولغا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللىرنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى، نەسەبنامە يازغۇچىنىڭ ئىزدىنىش شارائىتى ۋە ئەمەلىي شارائىتى، ... قاتارلىق كۆپ تەرەپتىكى ئامىللارغا باغلىقتۇر. شۇنداقتىمۇ، نۇرغۇن نەسەب خاتىرىلىرىدە بېرىلگەن مەزمۇنلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا ھەمدە جۇڭگودىكى نەسەبنامە يېزىشتىكى ئالاقىدار قائىدە ـ پرىنسىپلارغا ئاساسلانغاندا، مۇكەممەل دەپ قارالغان نەسەبنامە ياكى نەسەب خاتىرىسىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار ھازىر بولۇشى لازىم:

1. نەسەبنامىنىڭ مۇقەددىمىسى

نەسەبنامىنىڭ مۇقەددىمە قىسمى نەسەبنامە ئىچىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر بۆلەكتۇر. ئۇنىڭدا ئاساسەن نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى، نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە مەقسىدى، جەمەتنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە كۆچۈش ئەھۋالاتى، نەسەبنامە تۈزگۈچىنىڭ ئەھۋالى، جەمەتتە تۈزۈلگەن ئىلگىرىكى نەسەبنامىلەر (ئەگەر بار بولسا) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەمدە نەسەبنامە تۈزۈشكە ئالاقىدار بەزى نەزەرىيەۋى مەسىلىلەر خاتىرىلىنىدۇ. مۇقەددىمە قىسمىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا يېزىلىشىنى ھەر نەسەبنامە تۈزگۈچى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. بۇ ئۇزۇن بولغاندا نەچچە ئون بەت، قىسقا بولغاندا بىر ـ ئىككى بەت بولسا كۇپايە قىلىدۇ. نەسەبنامىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنىڭ ۋاقتىغا ئاساسەن، ئۇنى يېڭى مۇقەددىمە ۋە كونا مۇقەددىمە دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. كونا مۇقەددىمە بولسا ئىلگىرى تۈزۈلگەن

نەسەبنامىلەردە ئەسلىدە بار بولغان مۇقەددىمىلەرنى كۆرستسە، يېڭى مۇقەددىمە بولسا كونا نەسەبنامىلەر تۈزىتىپ تولۇقلانغاندا يېزىلىدىغان مۇقەددىمىدۇر. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلگەن نەسەبنامىلەردىكى ئەسلىدە بار بولغان مۇقەددىمە بايانلار پۈتۈن ھالىتى بىلەن ساقلىنىدۇ. نەسەبنامىلەرنىڭ تارىخى ئۆزگىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۈزىتىلىش قېتىم سانى كۆپەيگەنسېرى، ئۇنىڭدىكى مۇقەددىمەن بايانلارمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇ نەسەبنامە ئۈچۈن ئارتۇقچە تەركىب بولماستىن، بەلكى نەسەبنامىنىڭ تارىختىكى تۈزىتىلىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرگۈچى ماتېرىيال بولۇش سۈپىتىدە قىممەتلىكتۇر.

نەسەبنامىلەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنى جەمەت ئىچىدىكى شەخسلەر يېزىشىمۇ، جەمەت سىرتىدىكى كىشىلەر يېزىشىمۇ مۇمكىن. ناۋادا مۇقەددىمە قىسمىنى يېزىشقا جەمەت ئىچىدىن كىشى چىقمىسا، ئۇنداقتا، بەزى جەمەتلەر جەمەتكە تەۋە بولمىغان، ئەمما قەلەم قۇۋۋىتى ئۈستۈن، بىلىملىك شەخسلەرنى تەكلىپ قىلىپ مۇقەددىمە باياننى يازدۇرۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ تەشەببۇسىمىزچە، نەسەبنامىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنى نەسەبنامىنى تولۇقلاپ تۈزگۈچى ياكى يېڭىدىن تۈزگۈچى كىشىلەر ئۆزلىرى يازغىنى تۈزۈك. مۇشۇنداق قىلغاندا، نەسەبنامە تۈزۈشتىكى مەقسەد ۋە مۇددىئانى ھەم ئالاقىدار مەلۇماتلارنى مۇبالىغىدىن خالىي قىلغىلى بولىدۇ.

2. نەسەبنامىلەرنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسى

نەسەبنامىنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسى دېگەندە، ئۇ نەسەبنامىنىڭ تۈزۈلۈشى ياكى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلىشىدا قوللىنىلغان ياكى رىئايە قىلىنغان قائىدە ـ پرىنسىپلارنى كۆرستىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن (مەلۇم بىر) نەسەبنامىنى تۈزۈشنىڭ كونكرېت پرىنسىپلىرى، تارىخىي ئەھۋاللارنى ۋە شەخسلەرنى خاتىرىلەشنىڭ ئۇسۇللىرى، نەسەبنامىگە كىرگۈزۈلىدىغان شەخسلەر ۋە تارىخىي ئەھۋاللارنىڭ دائىرىسى، شەخسلەرنى نەسەبنامە ئىچىدە خاتىرىلەش ياكى خاتىرىلىمەسلىكنىڭ ئۆلچەملىرى، نەسەبنامىدە ئىشلىتىلگەن نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسىنىڭ خاراكتېرى، نەسەبنامىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، نەسەبنامىدىكى ھەر قايسى مەزمۇن تۈرلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىكى سەۋەبلەر، نەسەبنامىنىڭ

يېزىلىشىدا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار، شۇنداقلا نەسەبنامىنى تولۇقلاپ تۈزگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ. نەسەبنامىنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسىنى تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەپ يېزىشقىمۇ ياكى يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا ئاساسەن ماۋزۇ بەلگىلەپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنى يەنە قىسقا يېزىشقىمۇ، ئۇزۇن يېزىشقىمۇ بولىدۇ. تارىختا نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرغان كۆپىنچە جەمەتلەر جەمەتنىڭ شان - شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن، نەسەبنامىلىرىدە ياخشى ئەھۋاللارنىلا يېزىپ، يامان ۋە ناچار ئەھۋاللارنى يازماسلىق ۋاستىسىنى قوللانغان. بۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغۇسى نەسەبنامىلەردە ئوخشاشلا جەمەتنىڭ شەرىپىگە داغ چۈشۈرىدىغان ئەھۋاللارنى خاتىرىلىمەسلىك ياكى قىسقا يېزىش ئەھۋالى داۋاملىشىشى مۇمكىن.

3. نەسەبنامە ھەققىدىكى بايان

نەسەبنامە ھەققىدىكى بايان دېگىنى نەسەبنامە ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر، جۈملىدىن نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ رولى، ئەھمىيىتى، تارىخى، ئۇسۇلى قاتارلىقلار شەرھلىنىدىغان بىر بۆلەكتۇر. چەتئەللەردە ۋە خەنزۇلاردا ئىلگىرى تۈزۈلگەن بىر بىر قىسىم نەسەبنامىلەرگە مۇشۇنداق بىر بۆلەك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز نەسەبنامىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەدىرلەش تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ماتېرىياللىق قىممىتى بار بولغان بىر بۆلەكتۇر. بۇ بۆلەك يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ نەسەبنامىچىلىك ئەنئەنىسىگە ئېتىبار بېرىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭمۇ مۇھىم كۆرسەتمىسى بولالايدۇ.

4. شەجەرە

ناۋادا سىز ئۆز كېلىپ چىقىش مەنبەيىڭىز خاتىرىلەنگەن بىر نەسەبنامىنى ئۇچراتقىنىڭىزدا، سىزنىڭ ئالدى بىلەن كۆرگىڭىز كېلىدىغىنى زادى نېمە بولىدۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ دەسلەپكى ئەجدادىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، جەمەتىڭىزدە كىملەرنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى بىلگىڭىز كېلەمدۇ؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى دەل شەجەرە ئىچىدىن تېپىلىدۇ.

نەسەبنامە ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بۆلەك بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەجەرە جەمەت ئەزالىرى، مەسىلەن،

ئاتا ـ بالا ۋە قېرىنداش ـ ھەمشىرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، دەسلەپكى ئەجدادتىن تۆرەلگەن ھەر بىر جەمەت ياكى ئائىلىلەردىكى ئەزالار ئېنىق يېزىپ كۆرسىتىلىدىغان سىخېمىدۇر. نەسەبنامىگە ھەر خىل شەجەرە سخېمىلىرىدىن لايىقلىرىنى تاللاپ جەمەت شەجەرىسى تۈزۈشكە بولىدۇ. ھەر خىل شەجەرە سخېمىلىرىنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھەر بىر كىشى ئۆز جەمەتىدىكى شەخسلەر سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە، ئىگىلىگەن ماتېرىيالىنىڭ تولۇق بولغان بولمىغانلىقىغا قاراپ شەجەرە سخېمىسىنى جانلىق تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئەمما نېمىلا بولسۇن، ئۇقۇشلۇق بولۇش، مەزمۇنى ھەقىقىي بولۇش، چىرايلىق بولۇش، قاتلىمى ئېنىق بولۇش شەجەرە شەكىللىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش ياكى تۈزۈشتەئويلىشىش زۆرۈر بولغان ئەڭ مۇھىم ئىشلار بولۇپ سانىلىدۇ.

5. جەمەت ئۆگۈتلىرى

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقا جەمەت ئۆگۈتلىرى دېگىنى بىر جەمەت ئىچىدە بىر قەدەر مۇقىملاشقان پەند ـ نەسىھەتلەر، مەلۇم ئىش ياكى ئەھۋاللاردىن يەكۈنلەنگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلار، ... دىن تەشكىل تاپقان تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. جەمەت (ياكى ئائىلە) ئۆگۈتلىرى نەسەبنامىلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئەنئەنىۋي جەمەت تەربىيىسىدە ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئارتقۇزغان. قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى ئىنسانلار جەمئىيىتى قانداشلىق مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇرۇق، جەمەت ۋە ئائىلەدىن ئىبارەت قانداشلىق گۇرۇھلار باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. ۋەھالەنكى، بۇلار كېيىنكى زاماندا شەكىللەنگەن دۆلەتلەرنىڭ ئۇل ئاساسى ئىدى. دۆلەتلەر خاتىرىجەمسىز بولغان، دۆلەت قانۇنلىرى مۇكەممەل ۋە ئېنىق بولمىغان چاغلاردا، ھەر قايسى جەمەت (ياكى ئائىلە) لەرنىڭ ئۆگۈتلىرى جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇھىملاشتۇرۇش رولىنى جارىي قىلدۇرغان ئىدى. دۆلەتلەر ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتقان، بەزىدە جەمئىيەت ھۆكۈمەتسىز ھالەتتە قالغان چاغلاردىمۇ جەمەت (ياكى ئائىلە) لەرنىڭ نەسەبنامىسىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنلىرى ھەر بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى قېلىپقا سېلىشنىڭ مۇھىم كۆرسەتمىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان ئىدى. دۆلەت قانۇنى بىر قەدەر مۇكەممەل، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىم، ئىقتىساد پاراۋان دەۋرلەردىمۇ جەمەت ئۆگۈتلىرى دۆلەت قانۇنى

بىلەن بىر قاتاردا جەمئىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلىشىدىكى مۇھىم ھۆججەت تەرزىدە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى جەمەت ياكى ئائىلىلەر ئۆز دەۋرىدىكى قانۇن تەرتىبلىرىنى قوغداش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن، جەزمەن مەلۇم خىلدىكى ھەرىكەت نىزاملىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولى بىلەن جەمەت ئەزالىرىنى چەكلەش ئېھتىياجى تۇغۇلاتتى. مانا بۇ جەمەت ئۆگۈتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئەڭ دەسلەپكى زۆرۈرىيەتتۇر. قەدىمدىن ئېتىبارەن ھەر قايسى مىللەتلەردە جەمەت ئۆگۈتلىرى دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بېيىپ باردى. جەمەت ئۆگۈتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئۆز دەۋرىدىكى دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىرى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر دەۋردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دىنىي ئىدىيە ۋە دىنىي ھەرىكەت نىزاملىرىمۇ جەمەت نەسەبنامىلىرىدىكى ئۆگۈتلەرنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئاساسى قىلىندى.

ئۇيغۇرلاردا گەرچە نەسەبنامە يېزىش مۇقىم ۋە پۈتۈن مىللەت دائىرىسىدە ئومۇملاشقان ئەنئەنىگە ئايلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر جەمەتلىرى ۋە ئۇششاق ئائىلىلىرىدە جەمەت ئۆگۈتلىرى بولمىغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. دەل ئەكسىچە ئۇيغۇر ئائىلىرىدە ۋە چوڭ جەمەتلەردە ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئىسلام دىنىدىكى ئەخلاق تەربىيىسى، دىنىي تەربىيە ۋە ھاياتلىق تەربىيىسى مەزمۇنىدىكى كۆرسەتمىلەر ھەر بىر ئائىلە ياكى جەمەتلەرنىڭ شۇ ئائىلە ياكى جەمەتلەردىكى ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپقا سېلىشىدىكى مۇھىم ئاساس بولغان بولسا، ھەر بىر جەمەتنىڭ چوڭلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى داۋامىدا يەكۈنلىگەن تەجرىبىلەر شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى پەيلاسوپ ـ ھەكىملەرنىڭ ئالاقىدار نەسىھەت ۋە پەندلىرىمۇ ھەر بىر ئائىلە ياكى جەمەت دائىرىسىدىكى تەلىم ـ تەربىيەنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن.

نەسەبنامىلەرنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلەشكە سازاۋەر بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، چۈنكى نەسەبنامىلەردە كىشىلىك جەمئىيەتتە زۆرۈر بولغان ئېسىل ھەرىكەت نىزاملىرى ئۇلۇغلىنىدۇ، تەكىتلىنىدۇ، ئەۋلادلارنىڭ ئۇلارغا رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇم خىلدىكى ھەبىھ، ناچار ھەرىكەت ـ قىلىق ۋە خۇي ـ پەيىللەرنى چەكلەشمۇ جەمەت ئۆگۈتلىرى ئىچىدىكى مۇھىم تەركىب

قىلىنىدۇ. تارىختىن بېرى نەسەبنامىسى بار ياكى يوق ئائىلە ۋە جەمەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ئىچىدىكى ياكى ئاغزاكىي شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم ـ تەربىيەلەردە تەشەببۇس قىلىنىدىغان ۋە چەكلىنىدىغان ھەرىكەت ـ قىلىق نىزاملىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، جەمەت قانۇنى ۋە دۆلەت قانۇنىنى ھۆرمەت قىلىش، رىئايە قىلىش ۋە قەدىرلەش؛

ئىككىنچى، جەمەتنىڭ ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكىلەر بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈش؛

ئۈچىنچى، ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش؛

تۆتىنچى، ئېتىقادلىق ۋە ئەدەبلىك بولۇپ، قائىدە ـ يوسۇنغا ھۆرمەت قىلىش؛

بەشىنچى، ئەجداد روھىنى ئۇنۇتماسلىق، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىزىنى بويلاپ مېڭىش؛

يەنە بەزى نەسەبنامىلەردە جەمەت ئۇيغۇتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى يۇقىرىقىلاردىن ھالقىپ تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر جەمەت ئىچىدە ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى، ئاياللارنىڭ ئەرلەر ئۈستىدىكى ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەت ئۈستىدىكى ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى، ئائىلە ياكى جەمەت دائىرىسىدە ئىقتىسادىي ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قائىدىلىرى، توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاقىدار نىزاملار، جەمەتتىكى چوڭلار ياكى ئىلگىرىكىلەر يەكۈنلىگەن مۇھىم ئەمما ئەھمىيەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلار، ... قاتارلىقلاردەك. بۇ ھەر قايسى جەمەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىنىشى ھەم مۇقەررەردۇر.

6. تەرجىمەھاللار

تەجىمەھاللار دېگەندە ئۇ جەمەت ئىچىدىكى ھەر قايسى شەخسلەرنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى خاتىرىلىنىدىغان بىر بۆلەكنى كۆرستىدۇ. ئۇ جەمەت ئىچىدىكى داڭلىق، تۆھپىسى بار شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، شەكىل تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ رەسمىي ئۇسلۇبتىكى تەرجىمەھال (بىئوگرافىيە) دۇر. ئەمما ئەنئەنىۋىي جەمەت نەسەبنامىلىرىدە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمەھاللا

بولۇشتەك ئەھۋالدىن پەرقلىق ھالدا، نەسەبنامىلەر ئىچىدە ھەر بىر جەمەتتىن چىققان چوڭراق تۆھپىسى بار شەخسلەرنىڭ تەرجىمەھال ماتېرىياللىنى قىستۇرۇشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوقتۇر. ئەنئەنىۋي نەسەبنامىلەرگە ھەر بىر جەمەتتىن چىققان شەخسلەرنىڭ دۆلەت، مىللەت ۋە جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرى، ھەتتا ئۆزى ياشىغان يەر ياكى جەمەتىگە قىلىپ بەرگەن بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىشى ۋەجىدىن، شۇ شەخسلەرنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغان مەخسۇس تەرجىمەھاللار قىستۇرۇلۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى، شۇلارنى ئۈلگە قىلىشى مەقسەد قىلىناتتى.

جەمەت تەرجىمەھاللىرىنى ئادەتتە ئەر ئەجدادلارنىڭ تەرجىمەھاللىرى ۋە ئايال ئەجدادلارنىڭ تەرجىمەھاللىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئايال ئەجدادلارنىڭ تەرجىمەھاللىرى يەنە جەمەت ئىچىدىكى ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنىڭ تەرجىمەھاللىرى ۋە جەمەتتىن باشقا جەمەتلەرگە ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەن قىز (ئايال) لارنىڭ تەرجىمەھاللىرى دەپ پەرقلەندۇرۇلىشى لازىم. مەيلى قايسى خىلدىكى تەرجىمەھال بولسۇن، شۇ تەرجىمەھاللارغا ھاياتى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان شەخسلەرنىڭ سۈرىتى ياكى شۇ شەخسلەرگە ئائىت ھېكايىلەر قىستۇرۇلۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇلارنى ئېنىق بىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ.

جەمەت نەسەبنامىسى ئىچىگە قىستۇرۇلىدىغان تەرجىمەھاللارنىڭ بايانى چىن، تىلى ساپ ۋە ۋەزىنلىك بولۇپ، زىيادە دەبدەبىلىك ۋە كۆپتۈرمە سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلىنغان. شۇنداقلا نەسەبنامىلەر ئىچىدىكى تەرجىمەھاللارنىڭ قىممىتىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسى دەل ئۇلاردا ئەمەلىي ئەھۋال خاتىرىلەندىمۇ ياكى مۇبالىغە بارمۇ دېگەنگە قاراشتىن ئىبارەت. دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن يېزىلىدىغان نەسەبنامىلەردىكى شەخسلەرنىڭ تەرجىمەھاللىرىمۇ نەسەبنامىلەرنىڭ تارىخ بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى ئېتىبارى بىلەن شۇنداق يېزىلىشى زۆرۈر بولىدۇ.

7. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە باشقا يازمىلار

نەسەبنامە ئائىلە ياكى جەمەتلەرنىڭ تارىخى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە جەمەتتىكى شەخسلەر ئىجاد قىلىپ قالدۇرغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كەم بولسا بولمايدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئالتە سۇلالە

دەۋرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن جەمەت نەسەبنامىلىرىدە جەمەت ئىچىدىن چىققان ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرى نەسەبنامە ئىچىگە كىرگۈزۈلىدىغان ئەھۋاللار بىر قەدەر كەڭ ئەۋج ئالغان. خەنزۇلارنىڭ شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن بىر قىسىم نەسەبنامىلىرى ئۆزىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى نەسەبنامىلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان بولۇپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تارىخشۇناسلىقتا، مەدەنىيەتكە، ئىقتىسادقا ۋە دىنغا چېتىلغانلىقى بىلەن سەۋەبىدىن، رەسمىي تارىخنامىلەر بىلەن ھوسىن تالىشالايدىغان ھالغا كەلگەن. ياۋروپالىقلاردا بارلىققا كەلگەن بىر قىسىم نەسەبنامىلەردىمۇ ھەر بىر جەمەتتىن چىققان ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت ئىزلىرى قىستۇرۇلغان. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەنئەنىۋي نەسەبنامە قائىدىلىرى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەبنامىلىرىدىمۇ ھەر بىر جەمەتتىن چىققان ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىزلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئارتۇقچە ئىش ئەمەستۇر.

نەسەبنامىلەر ئىچىگە قايسى خىلدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلىشى كېرەك؟ ئەلۋەتتە ھەممىلا جەمەتتىن ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار چىقىپ كەتمەيدۇ. ناۋادا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بار بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغان قاراپ، نەسەبنامە ئىچىگە قىستۇرۇشقىمۇ، ياكى ئايرىم تۇپلەپ بىللە ساقلاشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئادەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئىجاد قىلىنغان بارلىق تۈرلەر، جۈملىدىن شېئىرلار، قىسقا ھېكمەتلەر، خەت ـ چەكلەر، بېغىشلىملار، رەسىملەر، سۈرەتلەر، ھۆسن خەت ئەسەرلىرى، ناخشىلار، ... بولۇشى مۇمكىن. (ئەمما خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋي نەسەبنامىلىرى ئىچىگە قىستۇرۇلغىنى كۆپىنچە شېئىرلار بولغان.) ئومۇمەن شۇ خىلدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بولسىلا، ئەھۋالغا قاراپ نەسەبنامە ئىچىگە قىستۇرۇشقا بولىدۇ.

جەمەت ئەزالىرى ياراتقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى جەمەت ئەجدادلىرىنىڭ قان ـ تەرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇلارنىڭ بەدەئىيلىك دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىچىدىكى مۇھىم بۆلەكلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتىنى ۋە زوقلىنىش قىممىتىنى بارغانسېرى كۆپ ئايان قىلىپ بارىدۇ. ئەمما، بىر جەمەت ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئەدىب ۋە

سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى بەك مول ۋە كۆپ بولسا، ئۇنداقتا كېيىنكىلەر (نەسەبنامىنى داۋاملاشتۇرۇپ يازغۇچىلار ياكى تۈزگۈچىلەر) نىڭ ئىجتىھاد بىلەن رەتلىشى زۆرۈر بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا نەسەبنامە ئىچىدىكى بۇ بۆلەكتىن كېيىنكى ئەۋلادلار تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنالايدۇ ۋە بۇنداق ئەسەرلەرمۇ كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز شۇنى تەشەببۇس قىلىمىزكى، كىشىلەر ھازىرقى زامانغا خاس ئائىلە جەمەت نەسەبنامىلىرىنى تۈزگەندە ياكى بۇرۇنقى نەسەبنامىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ يازغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى نەسەبنامە ئىچىگە كىرگۈزۈشتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللىشى، سەرخىللىرىنى كىرگۈزۈشى، قىممىتى بار بولغان ۋەكىللىك ۋەسىقىلەرنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

8. جەمەت رەسىملىرى

نەسەبنامە يېزىق، رەسىم، سىخېما، سۈرەر، رەسىم، جەدۋەل ۋە تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى بىر گەۋدە قىلغان ئۇنىۋېرسال ۋەسىقە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى چوڭدۇر. نەسەبنامىلەر گەرچە يېزىقنى ئاساس، سۈرەتلەرنى قوشۇمچە قىلىپ تۈزۈلسىمۇ، ئەمما بىر پارچە سۈپەتلىك رەسىم ياكى سۈرەت ھەر بىر دەۋردىكى جەمەت كىشىلىرىنىڭ مەنىۋي قىياپىتىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كېيىنكى دەۋرلەرگە تېخىمۇ ئوبرازلىق ھالەتتە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. سۈرەت ياكى رەسىملەرنى نەسەبنامە ئىچىگە قىستۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ (يەنى رەسىم ياكى سۈرەت) جەمەت ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئەڭ بىۋاستە كۆرۈنۈش بىلەن تەمىن ئېتىپ، نەسەبنامىنى يېزىق ماتېرىيالى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نەسەبنامىدە ئېيتىلماقچى بولغان مەقسەدنى تېخىمۇ ئومۇمىي ھالەتتە ئايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. شۇ بويىچە بولغاندا، نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتالايدىغان، كىشىلەرنىڭ نەسەب ماتېرىيالى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدىغان، نەسەبنامىنى جانلىق كۆرسىتەلەيدىغان سۈرەت ياكى رەسىملەرنى نەسەبنامىگە قىستۇرۇشقا بولىدۇ.

ئومۇمەن، نەسەبنامىگە يۇقىرىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان رەسىم ۋە سۈرەتلەرنى قىستۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ رەسىم ياكى سۈرەتلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش مۇمكىن:

1) كونا سۇرەتلەر: بىر ئائىلە ياكى جەمەتتە ساقلانغان كونا سۇرەتلەر (مەيلى ئۇ رەڭلىك ياكى رەڭسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) نىڭ تارىخىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار نەسەب ماتېرىيالىنى ئىسپاتلاشتا ئەڭ كېرەكلىك ئىبتىدائىي ماتېرىياللاردۇر. بۇنداق سۇرەتلەر نەسەبنامە ئىچىگە جەزمەن كىرگۈزۈلىدۇ.

2) ئەجدادلار رەسىملىرى: بۇلار ۋاپات بولغان بۇرۇنقى ئەجدادلارنىڭ رەسساملار تەرىپىدىن سىزىلغان رەسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەجدادلارنىڭ سىزىلغان رەسىملىرىنى نەسەبنامىلەرگە كىرگۈزۈشتىكى مەقسەد ئەشۇ جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئەشۇ ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇلارنى ياد ئېتىشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بېرى ئىسلام دىنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنىڭ چەكلىشى بىلەن، كىشىلەر، ھەتتا مەشھۇر شەخسلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ رەسىملىرىنى سىزدۇرۇپ قالدۇرمىغان. بىز تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر (پادىشاھلار، ئالىملار، قەھرىمانلار، ئەدىبلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) دىن مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ سىزىلغان رەسمىنى ئۇچراتمايمىز. مۇشۇ ئەھۋالغا قارىتا ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇر رەسساملىرى مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆتكەن بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەرنىڭ رەسمىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ سىزىپ چىقتى ۋە چىقماقتا. خۇددىي شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەر بىر جەمەت ئۆزلىرىنىڭ جەمەتىدىن چىققان مەشھۇر كىشىلەر (ھېچبولمىغاندا دەسلەپكى ئەجدادى) نىڭ رەسمىنى بىلىنگەن جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە كېيىنكىلەر ۋۇجۇدىدا زاھىر بولغان ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەر بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ سىزىپ چىقىپ، ئۇلارنى نەسەبنامە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ. بەزى مىللەتلەردە ھەتتا جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدە شۇ جەمەتنىڭ (بىلىنگەن) دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ رەسمى سىزىلىپ، نەسەبنامىنىڭ باش قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ ئوخشاشلا سىزىلىپ، شۇلار ھەققىدىكى تەرجىمەھال قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بەزىدە ھەتتا ئەشۇلارنىڭ قولىيازمىلىرىدىن بىرەر نۇسخا قىستۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

3) ئەجدادلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ رەسىملىرى: بۇ خۇسۇسەن ئەجدادلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى ئىمارەتلەر، قەلئە ۋە سارايلار، ھويلا ـ ئاراملار ۋە شۇلار سالدۇرغان باشقا خىلدىكى تۇرالغۇ ئەسلىھەلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەجدادلارنىڭ تۇرالغۇلىرى ئۇلار ياشىغان، پائالىيەت قىلغان ۋە ئاۋۇپ كۆپەيگەن جايلار بولۇپ،

شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا نەسەبنامىلەردە ئەشۇ تۇرالغۇلارنىڭ رەسىم ۋە سۈرەتلىرىنىڭ بولۇشى ئارتۇقچە ئىش ئەمەستۇر. خەنزۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرىگە ئەجدادلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ رەسىملىرى كىرگۈزۈلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرىدە ئەجدادلىرىنىڭ ئىبادەت سورۇنلىرى ۋە قەبرىلىرىنىڭ رەسىملىرى ئېرىنمەي كىرگۈزۈلگەن. ھەتتا بەزى نەسەبنامىلەردە ئەجدادلىرى تۇرغان ئىمارەتلەرنىڭ شەكلى سىزىپ كۆرسىتىلگەن، بەزىلىرىگە شۇلار ياشىغان جايلارنىڭ تەپسىلىي جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈش ئەھۋالىدىن مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. خەنزۇلاردا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ھەر بىر جەمەتنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بار بولغان بولۇپ، بۇنداق ئىبادەتخانىلارنىڭ رەسىملىرى نەسەبنامىلەر ئىچىگە سىزىپ كىرگۈزۈلگەن. ھازىرقى دەۋردىكى نەسەبنامىلەرگە بولسا قەدىمدىن قېلىپ قالغان جەمەت تۇرالغۇلىرىنىڭ سۈرەتلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئەجداد تۇرالغۇلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ بەزى نەسەبنامىلەرگە قوشۇمچە قىلىنىپ قىستۇرۇلغان. خۇددىي شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلارمۇ نەسەبنامە تۈزگەندە ئەجدادلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇلار ياساپ قالدۇرغان ساراي، ئىمارەت، باغ ـ ۋاران، قەلئە، ... لەرنىڭ رەسىملىرىنى ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن قوشۇپ نەسەبنامىلەرگە قىستۇرۇشنىڭ ئارتۇق يېرى يوقتۇر. چۈنكى كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىپمۇ قالىدۇكى، بىر جەمەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى ۋەيران بولۇشى باشقا ئامىللار بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ جەمەتنىڭ تۇرغان جايى، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا تۇرالغۇلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ. بىز گەرچە بىر جەمەتنىڭ تۇرغان يېرى بىلەن ئۇنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراپلىششى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك باغلىنىشنىڭ بارلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمىسەكمۇ، ئەمما جەمەتلەر ياشىغان تۇرالغۇلاردا ئەجدادلارنىڭ ئىزىنىڭ قالغانلىقى، ئۇلارغا ئەجدادلارنىڭ قان تەرىنىڭ سىڭگەنلىكى، ئەجدادلارنىڭ نۇرغۇن مەدەنىي، ھاياتىي پائالىيەتلىرىنىڭ شۇ تۇرالغۇلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغانلىقى، ... نى نەزەردە تۇتقاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماتېرىياللارنى نەسەبنامىلەرگە كىرگۈزۈپ قويۇش ئەرزىيدىغان ئىش دەپ قارايمىز.

9. نەسەبنامىنىڭ رەت نومۇرى

نەسەبنامە يېزىش ۋە ساقلاش ئەنئەنىسى بار مىللەتلەردە، قەدىمىي نەسەبنامىلەر ۋە نەسەب

خاتىرىلىرى جەمەت ئىچىدىلا ساقلىنىدىغان بولۇپ، جەمەت سىرتىغا تارقىتىش ۋە يات جەمەت كىشىلىرىگە ئارىيەت بېرىش چەكلىنەتتى. جەمەت ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ نەسەبنامىلەرنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلىشىغا، يېتىتۈرىۋەتمەسلىكىگە، جەمەت سىرتىغا تارقىتىۋەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نەسەبنامىلەر تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ساقلىشىغا بېرىلگەن ھەر بىر نەسەبنامىلەرگە بىردىن نومۇر بەلگىلىنەتتى. ھەر بىر ئائىلىدىكى كىشىلەر نەسەبنامىلەرنى ئالغاندا نومۇر بويىچە ئېلىپ ئىشلىتەتتى. مانا بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەسەبنامىنىڭ رەت نومۇرىدۇر. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، يەنە ھەر بىر نەسەبنامە ئۈستىگە بېسىلغان نەسەبنامىنىڭ ئومۇمىي سانى (تىراژى)، ئائىلىلەرگە تارقىتىلغان نەسەبنامىلەرنىڭ سانى ھەمدە نەسەبنامىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلارنىڭ ئىسمى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلاتتى. نەسەبنامىنىڭ رەت نومۇرىنىڭ ئېنىقلىقى سەۋەبىدىن، ناۋادا نەسەبنامىلەر جەمەت سىرتىغا تارىلىپ كەتسە ياكى بۇزۇلۇپ كەتسە، مەسئۇل كىشىنى ئاسانلا سۈرۈشتۈرۈپ تاپقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نەسەبنامىنىڭ رەت نومۇرى نەسەبنامىلەرنى باشقا جەمەت كىشىلىرىنىڭ يامان نىيەتتە ئۆزگەرتىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئوبدان تەدبىردۇر.

## 4. نەسەبنامىدە تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەش سىستېمىسى

نەسەبنامە ئىچىدە ۋە شەجەرىدە بىر جەمەتكە تەئەللۇق شەخسلەر كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يالغۇز ئىسمىنىلا يېزىپ قويۇش ئۇلارنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق تەرتىبىنى بىلىشكە كۆپ ياردەم بېرەلمەيدۇ. نەسەبنامە ئىچىدە بولسۇن ياكى شەجەرىدە بولسۇن، كۆپىنچە خاتىرىلىنىدىغان كىشى ئىسمى كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى كۆرگۈچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار نەسەبنامىدىكى مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئومۇمىي نەسەب زەنجىرى ئىچىدىكى ئەۋلاد تەتىبىنى ياكى ئۇنىڭ قايسى ئەۋلادنىڭ قانچىنچى پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق قىيىنچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، نەسەبنامە ئىچىدىكى ھەر بىر شەخسنى نومۇر بەلگىلەش ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى ۋە تونۇغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، غەرب نەسەبشۇناسلىق ساھەسىدە نەسەبنامە ۋە شەجەرە ئىچىدىكى بىر جەمەتكە تەۋە كىشىلەرنى نومۇر

بەلگىلەش ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر قانچە خىل ئۇسۇل — نەسەبنامىگە نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسى (Genealogical Numbering System) بارلىققا كەلگەن. بۇ ئۇسۇللار ئىچىدە كۆپ قوللىنىلىدىغىنى سوسا سترادونىتز مېتودى (Sosa_Stradonitz Method)، تىزىمغا ئېلىش ئۇسۇلى (Registering System)، NGSQ ئۇسۇلى (NGSQ System) ، ھېنرى سىستېمىسى (Henry System) ، ئابوۋىللې سىستېمىسى (d'Aboville System) ، مۇرگېي دې تۇپىگنىي سىستېمىسى (Meurgey de Tupigny System) ۋە ۋىللىېرس ـ پاما سىستېمىسى (Villiers/Pama System) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادتىن ئەۋلاد يۆنىلىشىگە قاراپ، نەسەب خاتىرىسىدىكى ھەر بىر كىشىگە نومۇر بەلگىلەپ پەرقلەندۈرىدىغان ئۇسۇللاردۇر.

نەسەبشۇناسلىقتا نومۇر بەلگىلەش سىستېمىلىرىنى ئۇلاردا نومۇر بەلگىلەش يۆنىلىشىنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا ياكى ئەۋلادتىن ئەجدادقا بولغان يۆنىلىش پەرقىگە ئاساسەن ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، ئەۋلادتىن ئەجدادقا قاراپ نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلى؛ يەنە بىرى، ئەجدادتىن ئەۋلادقا قاراپ نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلى. يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئىچىدە پەقەت سوسا سترادونىتز مېتودىلا ئەۋلادتىن ئەجدادقا قاراپ نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلىغا تەۋەدۇر. قالغانلىرى ئەجدادتىن ئەۋلادقا قاراپ نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلىغا مەنسۇپتۇر. تۆۋەندە ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرىمىز.

### I ئەۋلاد ـ ئەجداد يۆنىلىشى بويىچە نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ ئۇسۇلغا سوسا سترادونىتز مېتودىغا تەۋە بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل يەنە سوسا مېتودى ياكى ئاخنېنتافېل (Ahnentafel) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر جەمەتكە تەۋە بولغان بارلىق كىشىلەرنى بىرىنچى ئەجدادتىن تارتىپ تەرتىپ بىلەن كېيىنكى ھەر بىر بوغۇندىكى ئەۋلادلار يۆنىلىشىگە قاراپ نومۇر بەلگىلەپ پەرقلەندۈرىدىغان ئۇسۇلدۇر.

بۇ ئۇسۇلدا ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلاد (جۈملىدىن نۆۋەتتىكى «مەن») ئۆزىگە 1 نومۇرىنى بەلگىلىۋېلىپ، ئاندىن ئاتىسىنى 2 نومۇرى بىلەن، ئانىسىنى 3 نومۇرى بىلەن، ئاتىسىنىڭ ئاتىسى (يەنى بوۋىسى) نى

4 نومۇرى بىلەن، ئاتىسىنىڭ ئانىسى (يەنى مومىسى) نى 5 نومۇرى بىلەن، ئانىسىنىڭ ئاتىسى (ئانا تەرەپ بوۋىسى) نى 6 نومۇرى بىلەن، ئانىسىنىڭ ئانىسى (ئانا تەرەپ مومىسى) نى 7 نومۇرى بىلەن، ... ئىپادىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ناۋادا بىلىنگەن ئەجدادلار كۆپ بولسا، ئۇلارنى ئالدى بىلەن ئاتا تەرەپنىڭ ئاتىسىنى ۋە ئانىسىنى، ئاندىن ئانا تارەپنىڭ ئاتىسىنى ۋە ئانىسىنى تەرتىپ نومۇرى قويۇش ئۇسۇلى بىلەن بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ ئاتىسىنىڭ تەرتىپ نومۇرى شۇ شەخسنىڭ نومۇرىنىڭ بىر ھەسسىلىك نومۇرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ  تەرتىپ نومۇرى ئاتىسىنىڭ تەرتىپ نومۇرىغا بىر قوشۇلغاندىكى سان بولىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇلدا بىردىن تارتىپ 15 كىچە بولغان سانلار بىر جەمەتتىكى (ئىنقىلانىغان) نۆۋەتتىكى كىشى (يەنى «مەن») دىن ھېسابلىغاندا 4 بوغۇن كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىك نومۇرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى تۆۋەندىكىدەك:

1 مەن

2 ئاتىسى

3 ئانىسى

4 ئاتىسىنىڭ ئاتىسى

5 ئاتىنىڭ ئانىسى

6 ئانىنىڭ ئاتىسى

7 ئانىنىڭ ئانىسى

8 ئاتىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاتىسى

9 ئاتىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئانىسى

10 ئاتىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاتىسى

11 ئاتىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى

12 ئانىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاتىسى

13 ئانىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئانىسى

14 ئانىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاتىسى

15 ئانىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى

مۇشۇ تەرزدە، بىر كىشى ئۆزى ئىنقىلاپ چىققان بىۋاستە ئەجدادلىرى ئىچىدىكى ھەر بىر شەخسكە

يۇقىرىقىدەك نومۇر بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ بوغۇن تەرتىپىنى ھەم جىنسىنى (چۈنكى تەرتىپ نومۇرى ئىچىدىكى جۈپ تەرتىپ سانلار ئەر جىنسلىق ئەجدادلارغا، تاق تەرتىپ سانلار ئايال جىنسلىق ئەجدادلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.) سىمۋوللۇق رەۋىشتە ئىپادىلىسە بولىدۇ.

## II ئەجداد ـ ئەۋلاد يۆنىلىشى بويىچە نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلدا كىشىلەر ئۆزلىرى ئىنقلاپ چىققان ئەجدادلىرىغا نومۇر بەلگىلەشتە ئۆزىدىن تارتىپ ئەمەس بەلكى، ئىنقلاپ چىقلغان ھەمدە دەسلەپكى ئەجداد دەپ بېكىتىلگەن كىشىدىن تارتىپ تاكى ئۆزىگىچە بولغان ئارىدىكى ھەممە بوغۇندىكى ئەجدادلارغا نومۇر بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ جىنس پەرقىنى ھەم بوغۇن پەرقىنىشۇنداقلا باشقا ئۇچۇرلارنىمۇ ئەشۇ نومۇرلار ئارقىلىق ئىپادىلىيەلەيدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك، بۇ ئۇسۇلغا تەۋە نومۇر بەلگىلەش سىستېمىلىرى بىر قانچە بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىپ ئىزاھلايمىز.

**1. تىزىملاش سىستېمىسى:** بۇ ئۇسۇل 1870 ـ يىلى ئامېرىكىدا يېڭى ئېنگلاند تارىخ ـ نەسەبشۇناسلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن «يېڭى ئېنگلاند تارىخ ۋە نەسەب تىزىملىكى» دە تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدا ئەرەب رەقىمى (1، 2، 3، ...) ۋە رىم رەقىمى ( i ، ii ، iii، ...) ئارقىلىق ھەر قايسى بوغۇندىكى كىشىلەر ئايرىپ كۆرسىتىلىدۇ.

(ـ بىرىنچى بوغۇن ـ)
1 دەسلەپكى ئەجداد
2 i پەرزەنت
ii پەرزەنت (ئەۋۋلادى يوق)
iii پەرزەنت (ئەۋلادى يوق)
3 iv پەرزەنت
(ئىككىنچى بوغۇن)
2 پەرزەنت
i نەۋرە ( ئەۋلادى يوق)
ii نەۋرە (ئەۋلادى يوق)
3 پەرزەنت
4 i
(ـ ئۈچىنچى بوغۇن ـ)
4 نەۋرە
5 i ئەۋرە
ii ئەۋرە (ئەۋلادى يوق)
6 iii ئەۋرە
7 iv ئەۋرە

2. **ھېنرىي سىستېمىسى**: ھېنرىي سىستېمىسىمۇ ئەجدادتىن ئەۋلادقا قاراپ بىر جەمەتتىكى كىشىلەرگە نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسى بولۇپ، بۇ سىستېما رېگنالد بۇچانان ھېنرىي تەرىپىدىن 1935 ـ يىلى ئامېرىكىدا پەيدا قىلىنغان. بۇ سىستېما 1 دىن باشلىنىدۇ. يەنى دەسلەپكى ئەجداد دەپ بېكىتىلگەن كىشىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى 1 بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ نومۇرى 11 بولىدۇ، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ نومۇرى 12 بولىدۇ، ئۈچىنچىسىنىڭ 13 بولىدۇ. بۇ مۇشۇ تەرتىپتە داۋام قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ سىستېما ئارقىلىق بەلگىلەنگەن نومۇرلارغا ئاساسلىنىپ، كىشىلەر ئۆز ئەجدادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى تۈرلەپ چىقىپ بىلەلەيدۇ. ھېنرىي سىستېمىسىدا ئەگەر بىر كىشىنىڭ توققۇزدىن ئارتۇق پەرزەنتى بولغان بولسا، ئۇنداقتا X بەلگىسى ئونىنچى پەرزەنت ئۈچۈن. A بولسا 11 ـ پەرزەنت ئۈچۈن، B بولسا 12 ـ پەرزەنت ئۈچۈن، C بولسا 13 ـ پەرزەنت ئۈچۈن، .... بەلگىلىنىدۇ. ھېنرىي سىستېمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدا توققۇزدىن ئارتۇق پەرزەنتى بار بولغان كىشىلەرنىڭ 10 ـ دىن كېيىنكى پەرزەنتلىرىنىڭ ۋەكىللىك سانى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى رەقەم ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تىرناق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ:

| ئەنئەنىۋي ھېنرىي سىستېمىسى | تۈزىتىلگەن ھېنرىي سىستېمىسى |
|---|---|
| 1. دەسلەپكى ئەجداد | 1. دەسلەپكى ئەجداد |
| 11. پەرزەنت | 11. پەرزەنت |
| 111. نەۋرە | 111. نەۋرە |
| 1111. ئەۋرە | 1111. ئەۋرە |
| 1112. ئەۋرە | 1112. ئەۋرە |
| 112. نەۋرە | 112. نەۋرە |
| 12. پەرزەنت | 12. پەرزەنت |
| 121. نەۋرە | 121. نەۋرە |
| 1211. ئەۋرە | 1211. ئەۋرە |
| 1212. ئەۋرە | 1212.ئەۋرە |
| 122. نەۋرە | 122. نەۋرە |
| 1221. ئەۋرە | 1221.ئەۋرە |
| 123. نەۋرە | 123. نەۋرە |
| 124. نەۋرە | 124. نەۋرە |
| 125. نەۋرە | 125. نەۋرە |
| 126. نەۋرە | 126. نەۋرە |
| 127. نەۋرە | 127. نەۋرە |
| 128. نەۋرە | 128. نەۋرە |
| 129. نەۋرە | 129. نەۋرە |
| 12X. نەۋرە | 12(10). نەۋرە |

**3. ئابوۋىللې سىستېمىسى:** ئابوۋىللې سىستېمىسمۇ ئەجدادتىن ئەۋلادقا قاراپ بىر جەمەتتىكى كىشىلەرگە نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسى بولۇپ، بۇ سىستېما قاكۋىس ئابوۋىللې تەرىپىدىن 1940 ـ يىلى فرانسىيەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ سىستېما ھېنرىي سىستېمىسىدىن پەقەت بىر بوغۇندىكى توققۇزدىن ئاشقان ئوننىچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەرزەنتلەرنىڭ تەرتىپ نومۇرىنى رىم رەقىمى ياكى تىرناق ئىچىدە كۆرسەتمەستىن، بىۋاستىلا (يەنى 1.1.3.10 دېگەندەك) كۆرسىتىش جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.

**4. مۇرگىيې دې تۇپىگنى سىستېمىسى:** بۇ فرانسىيەلىك نەسەبشۇناس جاكۋېس مۇرگىيې دې تۇپىگنى 1953 ـ يىلى تۈزگەن نەسەبنامىگە نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر بىر بوغۇن رىم رەقىمى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ھەر بىر بوغۇندىكى پەرزەنتلەرنىڭ تەرتىپ نومۇرىدىن پەرقلەندۈرىلىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ سانى ۋە تەرتىپ نومۇرى بولسا ئەرەب رەقىمى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى تۆۋەندىكىدەك:

I دەسلەپكى ئەجداد<br>
1 ـ II پەرزەنت<br>
1 ـ III نەۋرە<br>
1 ـ IV ئەۋرە<br>
2 ـ IV ئەۋرە<br>
2 ـ III نەۋرە<br>
3 ـ III نەۋرە<br>
4 ـ III نەۋرە<br>
2 ـ II پەرزەنت<br>
5 ـ III نەۋرە<br>
3 ـ IV ئەۋرە<br>
4 ـ IV ئەۋرە<br>
5 ـ IV ئەۋرە<br>
6 ـ III نەۋرە

**5. ۋىللىېرس ـ پاما سىستېمىسى:** ۋىللىېرس ـ پاما سىستېمىسى 19 ـ ئەسىردە جەنۇبىي ئافرىقىدا كرىستوفېل كوتزې دې ۋىللىېرس تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ كېيىن قەنۇبىي ئافرىقا نەسەبشۇناسلىق جەمئىيىتىدىكى كورنېلىس پاما تەرىپىدىن تۈزىتىپ تولۇقلانغان. شۇڭا ۋىللىېرس ـ پاما سىستېمىسى دەپ ئاتالغان. بۇ سىستېمىدە ئالدى بىلەن ھەر قايسى بوغۇن ئۈچۈن

لاتىن ھەرپلىرى بېكىتىلىدۇ، بىر بوغۇندىكى پەرزەنتلەر بولسا رەقەم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

a دەسلەپكى ئەجداد
b1 پەرزەنت
c1 نەۋرە
c2 نەۋرە
d1 ئەۋرە
d2 ئەۋرە
c2 نەۋرە
c3 نەۋرە
b2 پەرزەنت
c1 نەۋرە
d1 ئەۋرە
d2 ئەۋرە
d3 ئەۋرە
c2 نەۋرە
c3 نەۋرە

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان نەسەبنامىگە نومۇر بەلگىلەش سىستېمىلىرى خەلقئارا نەسەبشۇناسلىقتا كۆپ قوللىنىلىدىغان سىستېمىلار بولۇپ، بۇلار نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئىلمىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىش ھەمدە نەسەبنامىلەرنى نەسەبنامىدە بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى قاتلىمى ئېنىق رەۋىشتە ئىپادىلەپ بېرىش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، نەسەبنامە تەتقىقاتى ياكى ئەمەلىي نەسەبنامە يېزىقچىلىقىدە دەسلەپتىلا مەزكۇر ئۇسۇللارنى ئۆگىنىپ ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىز يۇقىرىدىكى ئۇسۇللارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى شۇنداقلا ئەمەلىي ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىر نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسىنى تۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى كىزدە تۇتۇپ، نەسەبنامىدە قوللىنىشقا بولىدىغان تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى تونۇشتۇرىمىز ھەم نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تەۋسىيە قىلىمىز:

بىرى، ھەر بىر ئەۋلادنى پەرقلەندۈرۈپ نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلى. بۇنى يەنە ئۆز ئىچىدىن ئىككى خىل شەكىلگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرى، ھەرپلەر بىلەن رەقەمنى بىرلەشتۈرۈپ بەلگىلەش ئۇسۇلى. بۇ خەلقئارادا كۆپ قوللىنىلىدىغان

بىر ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا دەسلەپكى ئەجداد (دەپ بەلگىلىۋېلىنغان كىشى) گە "a" ھەرپىنى بەلگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە چوڭ ـ كىچىكلىك تەرتىپى بويىچە b1، b2، b3، ... دەپ نومۇر بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئېنىقلانغان دەسلەپكى ئەجدادنىڭ قېرىنداش ـ ھەمشىرىلىرىمۇ بار بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار a1، a2، a3، ... دېگەن نومۇرلار ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر بىرلا بولسا، نومۇرسىز a بىلەنلا ئىپادىلەنسە بولىدۇ.

مەسىلەن، "b4c2d3" دېگەن نومۇر دەسلەپكى ئەجدادنىڭ تۆتىنچى بالىسىنىڭ ئىككىنچى بالىسىنىڭ ئۈچىنچى بالىسىنى كۆرسىتىدۇ. "a3b2c4d5" دېگىنى دەسلەپكى ئېنىق بولمىغان بىر ئەجدادنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى ئۈچىنچىسىنىڭ ئىككىنچى بالىسىنىڭ تۆتىنچى بالىسىنىڭ بەشىنچى بالىسى دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق نومۇرلۇق ئىپادىلەرنى نەسەبنامىدە ھەر بىر شەخسنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا [ ] بەلگىسى ئىچىگە ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسىدىن بىرى ئۆگەي بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىككى تەرەپتىكى پەرزەنتلەر ئىچىدىكى رەت تەرتىپى كۆپىنچە ئوخشاش بولمايدىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئانىسى تەرەپتىن نەچچىنچى ئەۋلاد ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلى بويىچە ئىپادىلەشكە ۋە بۇ ئىپادىنى ( ) ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپتىكى تەرتىپ بەلگىسىنى بىرلا ۋاقىتتا يېزىشنى خالىسا، ئۇنداقتا يۇقىرىقى ئىككى خىل تىرناقنى ئاتىسىغا ياكى ئانىسىغا ئۆزلۈك تەۋەلىكى بويىچە ئارقىمۇ ـ ئارقا تىزىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. غەرب ئەللىرىدىكى كۆپ قىسىم خەلقلەردە يۇقىرىدىكى نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلىدا ئىشلىتىلىدىغىنى ئەرەب رەقىمى بولماستىن، بەلكى رىم رەقىمى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئادىتى بويىچە ئەرەب رەقىمىنى ئىشلەتسە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەر بىر شەخسنىڭ بەلگىلەنگەن نومۇرى مۇقىم نەرسە بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بەزى جەمەتلەرنىڭ تارىختا ياشىغان باشقا ئەجدادلىرىنىڭ بايقىلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى شەخسلەرگە يېڭىدىن نومۇر بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ناۋادا بايقالغان ئەجدادلار 26 ئەۋلادتىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنداقتا لاتىن يېزىقىدا پەقەت 26 ھەرپلا بولغانلىقى سەۋەبلىك، 26 ـ ئەۋلادتىن كېيىنكى ئەۋلادلارنى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئۇسۇلدا جەزمەن

لاتىن ھەرپلىرىنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولماسلىقى مۇمكىن. كىشلەر مۇناسىپ كۆرسە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەرنى رەقەملەرگە قوشۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، يۇقىرىقى ئۇنۇمگە يەتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 32 ھەرپمۇ يەتمەيدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇنداقتا تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل مۇنداق بولىدۇ:

يەنە بىر، ساپ رەقەملەر بىلەن نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇلى: بۇنىڭدا ئېنىقلانغان دەسلەپكى ئەجدادنى "1" رەقىمى بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا قىسقا سىزىقچە ( ـ ) قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى پەرزەنتىگە رەت نومۇرى "1" نى سېلىپ، ئۇ "1ـ1" دەپ بەلگىلىنىدۇ. ئىككىنچى پەرزەنتىگە "2" نومۇرىنى سېلىپ، "2ـ1" دەپ بەلگىلىنىدۇ. بەشىنچى پەرزەنتى "5ـ1" دەپ بەلگىلىنىدۇ. ئېنىقلىيالىغان دەسلەپكى ئەجدادنىڭ بىرىنچى پەرزەنتىنىڭ ئىككىنچى بالىسىنىڭ ئالتىنچى بالىسى بولسا "6ـ2ـ1ـ1ـ1" ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كېيىنكى كىشلەر مۇشۇ تەرتىپتە رەت نومۇرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسلەن: "4ـ6ـ2ـ5ـ2ـ1" بولسا دەسلەپكى ئەجدادنىڭ ئىككىنچى بالىسىنىڭ بەشىنچى بالىسىنىڭ ئىككىنچى بالىسىنىڭ ئالتىنچى بالىسىنىڭ تۆتىنچى بالىسى" بولغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى بىرىكمە يەنە دەسلەپكى ئەجدادنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىنداش ـ ھەمشىرىلىرى ئىچىدە تۇنجى پەرزەنت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ناۋادا دەسلەپكى ئەجدادنىڭ قېرىنداش ـ ھەمشىرىلىرىنىڭ بارلىقى نامەلۇم بولسا، ئۇنداقتا يۇقىرىقى ئىپادە يەنىلا ئۇنۇملۈك بولىۋېرىدۇ. بۇ خىل تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەش ئۇسۇلىنى ھازىرقى زاماندىكى بەزى ئۇيغۇرلار نەسەبنامىلىرىدە ئىشلەتكەن. مەسلەن، پەيزاۋات ناھىيەسى تەۋەسىدىكى «بۆۋىخان تۆرە ئەۋلادلىرى نەسەبنامىسى» دە مۇشۇنداق تەتىپ نومۇرى بەلگىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، شۇ جەمەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئەۋلاد تەرتىپى ۋە پەرزەنتلەر ئىچىدىكى رىتى بەلگىلەنگەن.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يۇقىرىقى ئۇسۇللاردا مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئەر جىنىسلىق ياكى ئايال جىنسلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشنىڭ كونكرېت يولى تونۇشتۇرۇلمىدى. ئەمەلىيەت جەريانىدا، نەسەبنامە تۈزگۈچىلەر ئەھۋالغا قاراپ نەسەبنامە ئىچىدە تەرتىپ نومۇرى ئارقىلىق بىر كىشىنىڭ ئەر جىنسلىق ياكى ئايال جىنسلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەلۇم ئۇسۇللارنى تېپىۋالسا بولىدۇ.

مەسىلەن، يۇقىرىدىكى ئۇسۇللاردىكى ھەر بىر بىرىكمە تەركىبىدىكى مەلۇم كىشىنىڭ رەت نومۇرى ئاستىغا سىزىق سىزىش ئارقىلىق ئاپال جىنسلىق ئىكەنلىكىنى، سىزىق سىزماي ئۆز ھالىتىدە ئىشلىتىش ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ ئەر جىنسلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش مۇمكىن، ... . مەسىلەن: "b4c2d3 " دېگەن ئىپادە دەسلەپكى ئەجدادنىڭ تۆتىنچى بالىسى (ئەر) نىڭ ئىككىنچى بالىسى (ئاپال) نىڭ ئۈچىنچى بالىسى (ئەر) نى كۆرسىتىدۇ؛ "1ـ2ـ5ـ2ـ6ـ4" بولسا دەسلەپكى ئەجدادنىڭ ئىككىنچى بالىسى (ئاپال) نىڭ بەشىنچى بالىسى (ئەر) نىڭ ئىككىنچى بالىسى (ئەر) نىڭ ئالتىنچى بالىسى (ئاپال) نىڭ تۆتىنچى بالىسى (ئەر)" بولغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. دېگەندەك. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، يۇقىرىدا ھەر خىل رەقەملىك بىرىكمىلەر ۋە رەقەم بىلەن ھەرپ ئارىلاشقان بىرىكمىلەردە سانلارنىڭ تەرتىپى سولدىن ئوڭغا يېزىلىدى. نەسەبنامە يازغۇچىلار ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سان تەرتىپىنى ئوڭدىن سولغا يۆنىلىشتە ئورۇنلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

## 5. ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى

ئەجدادلار ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلاش ۋە رەتلەش نەسەبنامە يېزىشتىكى ئەڭ قىيىن خىزمەتلەرنىڭ بىر بولسا كېرەك. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەر بىر ئائىلىگە ئائىت ئۇچۇرلار كۆپ ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى توپلاپ قويۇش بىلەنلا تەرتىپىنى بىلىپ كېتىش ئوڭاي بولمايدۇ. شۇڭا، توپلانغان ھەر بىر خىل ئۇچۇر ھامان جەمەت ئىچىدىكى تارماق ئائىلىلەرگە ئالاقىدار بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، جەمەت ئىچىدىكى ھەر بىر ئائىلىنى بىر بىرلىك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئائىت مەلۇماتلارنى بىردىن مۇستەقىل جەدۋەلگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ جەدۋەل دەل ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلىدۇر. ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى نەسەبنامىدە شەجەرىدىن قالسىلا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يەنە بىر شەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى بولسا ئاتا، ئانا ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر شەكىلدۇر. ھەر بىر ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھالدا تۈزۈلىدىغان ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن، جۈملىدىن ئاتا بىلەن ئانىنىڭ توي قىلغان

ۋاقتى، ھەر بىر كىشىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە يېرى، ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەم دەپنە قىلىنغان جايى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلىگە يەنە پەرزەنتلەرنىڭ جۆرىلىرىگە، شۇنداقلا جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن مەلۇماتلار ئېلىنغان مەنبەلەرگە ئائىت ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلسىمۇ بولىدۇ. خەلقئارادا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى ئاسادەن يۇقىرىدىكى شەكىلدە بولىدۇ. ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى ئەجدادلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن، نەسەبنامە يېزىشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم قوراللارنىڭ بىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پايدىسى ۋە كەڭ تارقىلىشى جەھەتتىن قارىغاندا، ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى شەجەرىدىن كېيىنلا تۇرىدۇ.

نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە نەسەبنامە يېزىپ چىقىشتا مەلۇم بىر جەمەتكە تەۋە بولغان، نۆۋەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ھەر بىر يەككە ئائىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت ماتېرىياللار زور رول ئوينايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى ئۆزىنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ رولىنى ئۈچ تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرى، ئۇ نەسەبنامە يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان خام ماتېرىياللار بىلەن ئاخىرقى پۈتكەن نەسەب خاتىرىسى ئوتتۇرىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئەجدادلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قايسىسىنى توپلاشنى دېگەندەك ئاڭقىرىپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى ئارقىلىق بىر جەمەتكە تەۋە ھەر بىر ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى خاتىرىلەش ئەڭ ئۈنۈملۈك ماتېرىيال توپلاش بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇ ئارقىلىق قايسى خىلدىكى ئۇچۇرلارنىڭ تولۇقلىقىنى، يەنە قايسى خىلدىكى ماتېرىياللارنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلگىلى بولىدۇ. ھەر بىر ئائىلىدىكى شەخسلەرگە ئائىت ئۇچۇرلار ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلىگە تولدۇرۇپ، ئۇلارغا ئائىت تەپسىلاتلارنى بىر يەرگە قويۇپ رەتلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئائىلە ياكى ئۈستۈن قاتلامدىكى بىر ئەجدادنىڭ ئائىلىسىگە ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئىككىنچى، يىراق جايلاردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن، جۈملىدىن باشقا يۇرتلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاغا ۋە ھاممىلار ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى توغرىسىدا يۈزتۇرانە ماتېرىيال ئىگىلەشكە مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلىنى ئۇلارغا ئەۋەتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئائىت مەلۇماتلارنىمۇ ئاسان توپلىغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئائىلە ئۈچۈرى جەدۋىلىنى يەنە ئاخىرىدا پۈتكەن نەسەبنامە ئىچىدىكى بىر مەزمۇن تەرزىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەسەب خاتىرىسى بىلەن بىرگە تۈپلەپ ساقلاشقا بولىدۇ.

نەسەبنامىنى بىر يولىلا يېزىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئەجدادلارنىڭ ئەھۋالى ھەم ئۇلاردىن شاخلانغان تارماق ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى يېزىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلە ئۈچۈرى جەدۋىلى تۈزۈش ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئائىلىدىكى شەخسلەرنىڭ ئەھۋالى ھەم بىر بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ نەسەبنامە يېزىشتا ھەر بىر ئائىلىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ۋە خاتىرىلەشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، شەجەرە بىزگە مەلۇم جەمەتتىكى ھەر بىر كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋەت ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى بىۋاستە شەكىلدە ئايان قىلىپ بەرسە، ئۇنداقتا ئائىلە ئۈچۈرى جەدۋىلى بىزنى ئەشۇ شەجەرىدىكى ھەر بىر ئەۋلادقا ئائىت تەپسىلاتلار ھەققىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئائىلە ئۈچۈرى جەدۋىلىنى تولدۇرغاندا، ھەر بىر ئائىلىدىكى شەخسلەرگە ئائىت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ۋە توغرا تولدۇرۇش بىلەن بىرگە، ھەر بىر ئائىلىدىكى ھەممە ئەزالار ئۈچۈن بىرلا جەدۋەل ئىشلىتىش لازىم. بىر ئائىلىدە بوۋا ۋە مومىلار شۇنداقلا توي قىلغان پەرزەنتلەرنىڭ جۆرىلىرى ھەم پەرزەنتلىرى بار بولسا، ئۇلارغا ئائىت ئۇچۇرلارنى بىرلا جەدۋەلگە تولدۇرماستىن، بەلكى، بوۋا بىلەن مومىنى بىر ئائىلە بىرلىكى سۈپىتىدە تونۇپ، شۇلار بىلەن شۇلارنىڭ ھارلىق پەرزەنتلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىر جەدۋەلگە ئورنىتىش، توي قىلغان، ھەتتا بالىلىق بولغان (ئەمما كۆپىنچە ئۆي ئايرىمىغان) پەرزەنتلەرنىمۇ بىر ئائىلە بىر لىكى سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇلارغا ئائىت ئۇچۇرلارنى بىر جەدۋەلگە ئورنىتىش لازىم. مۇنداق ئەھۋالدا، گەرچە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىسمى ۋە ئەھۋالاتى ئۆزى بىلەن بىرگە بىر ئائىلىدە ياشاۋاتقان ئاتىسى ۋە ئانىسى (يەنى مۇشۇنداق ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بوۋا ۋە موما بولغۇچى شەخسلەر) نىڭ ئەسلى  ئائىلىسىنىڭ ئۇچۇر جەدۋىلىدە ھەم ئۆزى بەرپا قىلغان ئائىلىنىڭ ئۇچۇر جەدۋىلىدە تەكرار يېزىلىپ قالسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تەكرارلىقنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوقتۇر. بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئائىلە جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمدىكى بىر قانچە ئەۋلاد كىشى بىرگە ياشاۋاتقان

چوڭ ئائىلىلەر ياكى كەم دېگەندىمۇ ئىككى ئەۋلاد كىشى بىرگە ياشاۋاتقان ئائىلىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى تويى قىلغان (باللىق بولغان ـ بولمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر) پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلىۋىي بىرلىكى (ھەتتا ئۇ بىر كىچىك كەپە بولغان تەقدىردىمۇ) نى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى ھەر بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇچۇن بىردىن تۈزۈلىدۇ. ناۋادا بىر كىشى ئىككى قېتىم تويى قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ جۆرىلىرىنىڭ ئەھۋالى يېزىلىدىغان جايغا ئاجرىشىش ئەھۋالىنى ئەسكەرتىپ قويۇش، ئەر ـ خوتۇنلاردىن بىرگە ئۇگەي بولغان پەرزەنتلەر بار بولسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەندە مۇشۇ ئەھۋالنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈر. ناۋادا بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان پەرزەنتى بار بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئەسكەرتىپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. بىر ئەۋلادقا مەنسۇپ (يەنى پاراللېل) ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى مۇشۇ تەرزدە جەۋەللەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئەۋلاد ياكى ئىلگىرىكى ئەجدادلارنىڭ ئائىلىلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى جەدۋەللەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ھەر بىر جەدۋەلنىڭ ئىچىگە ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن ئائىلىنىڭ بىلىنگەن بارلىق ئەجدادلارنىڭ ئىچىدە قانچىنچى رەتتە تۇرىدىغانلىقى (يەنى ئەۋلاد رەت تەرتىپى) نى ئېنىق سان ئارقىلىق ئىپادىلەپ قويۇش كېرەك.

ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلىدە يەنە مۇمكىن بولسا يەنە جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن مەلۇماتلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈر. بىر كىشىنىڭ ئىسمى، تۇغۇلغان ۋاقتى، جۆرىسىنىڭ ئىسمى ۋە تۇغۇلغان ۋاقتى، پەرزەنتلەرنىڭ ئىسملىرى، ... قاتارلىقلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ گەرچە قايسى مەنبەلەردىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىش زۆرۈر بولايدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما بۇنداق قىلىشنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئەھمىيىتى باردۇر. شۇڭا، يۇقىرىقى ئۇچۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرى بولغان تۈرلۈك ئىسپاتنامىلەر، جەملىدىن تۇغۇلغانلىق ئىسپاتى ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلىك ئىسپاتى، توي خېتى، ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش ھۆججەتلەر، ... نىڭ ناملىرىنى، بۇنداق يازما ئىسپات مەنبەسى بولمىغان ئۇچۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرى بولغان ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئاغزاكىي بايانلىرىنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك.

ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى بىر جەمەتكە تەۋە ھەر بىر تارماق ئائىلىلەرگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى توپلاش

ۋە خاتىرىلەشنىڭ كەڭ تارقالغان شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن مۇرەككەپرەك بولغان شەكىللىرىنى سىزىپ ئىشلىتىش مۇمكىن. يەنى، ئۇنىڭ ئىچىگە ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئاتىلىرى ۋە ئانىلىرى (بوۋىلار ۋە مومىلار) نىڭ ئىسىملىرىنى ھەم ئاتا بولغاچى بىلەن ئانا بولغۇچىنىڭ باشقا قېرىنداش - ھەمشىرىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى كىرگۈزۈپ تۈزۈشكىمۇ بولىدۇ. پەرزەنتلەر قانچە بولسا، "پەرزەنتلىرى" دېگەن كاتەكچىدىن شۇنچىنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ. يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلىگە جەزمەن ئالاقىدار ئۇچۇر - مەلۇماتلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كىرگۈزۈش زۆرۈرىيىتىدىن قارىغاندا، ماتېرىيال - ئۇچۇر مەنبەلىرىنى جەدۋەلنىڭ ئارقىسىغا مۇناسىپ جەدۋەل تۈزۈپ كۆرسىتىپ قويۇشقا بولىدۇ. ناۋادا جەدۋەلنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرماقچى بولسا، ئۇنداقتا تۇغۇلغان ۋاقتى، تۇغۇلغان ئورنى، ۋاپات بولغان ۋاقتى، ۋاپات بولغان ئورنى، جىنسى قاتارلىق ئۇقۇملارنى قىسقارتىلغان ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇنداق قىسقارتىلغان ئىبارىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشتە بۇ كىتابنىڭ بەشىنچى بۆلۈمى — «ئائىلە - جەمەت شەجەرىسى» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

# ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى

نومۇرى:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئەر (ئاتا) نىڭ ئىسمى ـ ئاتىسى | | | | ئىزاھ: |
| تۇغۇلغان ۋاقتى | | تۇغۇلغان جايى | | |
| توي قىلغان ۋاقتى | | توي قىلغان جايى | | |
| ۋاپات بولغان ۋاقتى | | ۋاپات بولغان جايى | | |
| باشقا نىكاھ | | قەبرىستىنىڭ ئورنى | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| خوتۇن (ئانا) نىڭ ئىسمى ـ ئاتىسى | | | | ئىزاھ: |
| تۇغۇلغان ۋاقتى | | تۇغۇلغان جايى | | |
| توي قىلغان ۋاقتى | | توي قىلغان جايى | | |
| ۋاپات بولغان ۋاقتى | | ۋاپات بولغان جايى | | |
| باشقا نىكاھ | | قەبرىستىنىڭ ئورنى | | |

| پەرزەنتلىرى | تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئورنى | ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە ئورنى | نىكاھلىنىش ئەھۋالى |
|---|---|---|---|
| 1. | | | |
| | | | |
| 2. | | | |
| | | | |
| 3. | | | |
| | | | |
| 4. | | | |
| | | | |
| 5. | | | |
| | | | |
| 6. | | | |
| | | | |
| 7. | | | |
| | | | |
| 8. | | | |
| | | | |
| 9. | | | |
| | | | |
| 10. | | | |
| | | | |

ئائىلە ئۇچۇر جەدۋىلىنى يەنە مۇنداق تۈزۈشكىمۇ بولىدۇ:

## ئائىلە ئۇچۇرلىرى جەدۋىلى

ئەر (ئاتا):

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ۋاقتى:

ۋاپات بولغان ۋاقتى:

دەپنە قىلىنغان ۋاقتى:

تۇغۇلغان ئورنى:

توي قىلغان ئورنى:

ۋاپات بولغان ئورنى:

دەپنە قىلىنغان ئورنى:

---

ئايال (ئانا):

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ۋاقتى:

ۋاپات بولغان ۋاقتى:

دەپنە قىلىنغان ۋاقتى:

تۇغۇلغان ئورنى:

توي قىلغان ئورنى:

ۋاپات بولغان ئورنى:

دەپنە قىلىنغان ئورنى:

---

## پەرزەنتلەر

1.

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ۋاقتى:

ۋاپات بولغان ۋاقتى:

دەپنە قىلىنغان ۋاقتى:

جۆرىسى:

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ئورنى:

ۋاپات بولغان ئورنى:

دەپنە قىلىنغان ئورنى:

---

2.

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ۋاقتى:

ۋاپات بولغان ۋاقتى:

دەپنە قىلىنغان ۋاقتى:

جۆرىسى:

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ئورنى:

ۋاپات بولغان ئورنى:

دەپنە قىلىنغان ئورنى:

---

3.

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ۋاقتى:

ۋاپات بولغان ۋاقتى:

دەپنە قىلىنغان ۋاقتى:

جۆرىسى:

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ئورنى:

ۋاپات بولغان ئورنى:

دەپنە قىلىنغان ئورنى:

---

4.

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ۋاقتى:

ۋاپات بولغان ۋاقتى:

دەپنە قىلىنغان ۋاقتى:

جۆرىسى:

تۇغۇلغان ۋاقتى:

توي قىلغان ئورنى:

ۋاپات بولغان ئورنى:

دەپنە قىلىنغان ئورنى:

# كۆپ نىكاھلىق ئائىلىلەرنىڭ ئۇچۇر جەدۋىلى

| ئىزاھ | تۇغۇلغان ۋاقتى: ________<br>تۇغۇلغان جايى: ________<br>ۋاپات بولغان ۋاقتى: ________<br>قەبرە ئورنى: ________ | ئىزاھ | ئاتا (ئەر) ئىسمى: ________<br>ئاتىسى: ________<br>ئانىسى: ________ |
|---|---|---|---|
| ئىزاھ | تۇغۇلغان ۋاقتى: ________<br>تۇغۇلغان جايى: ________<br>ۋاپات بولغان ۋاقتى: ________<br>قەبرە ئورنى: ________ | ئىزاھ | ئانا (خوتۇن) ئىسمى: ________<br>ئاتىسى: ________<br>ئانىسى: ________ |

| ئىزاھ | توي قىلغان ۋاقتى ۋە ئاجراشقان ۋاقتى ... | ئەر (ئاتا) نىڭ باشقا نىكاھ ئەھۋالى |
|---|---|---|
| | ________<br>________ | خوتۇن (لار) ى: ________<br>________ |

| ئىزاھ: (سانى، تەرتىپى، ... ) | | بۇ نىكاھتىن تۇغۇلغان باللار | |
|---|---|---|---|
| نىكاھلىنىش ئەھۋالى | ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە ئورنى | تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئورنى | بۇ نىكاھتىن تۇغۇلغان باللار |
| | | | |
| | | | |

| ئىزاھ | توي قىلغان ۋاقتى ۋە ئاجراشقان ۋاقتى | خوتۇن (ئانا) نىڭ باشقا نىكاھ ئەھۋالى |
|---|---|---|
| | ________<br>________ | ئەر (لەر) ى: ________<br>________ |

| ئىزاھ: (سانى، تەرتىپى، ... ) | | بۇ نىكاھتىن تۇغۇلغان باللار | |
|---|---|---|---|
| نىكاھلىنىش ئەھۋالى | ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە ئورنى | تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئورنى | بۇ نىكاھتىن تۇغۇلغان باللار |
| | | | |
| | | | |

ناۋادا بىر ئائىلىدە ئاتا ياكى ئانىدىن بىرىنىڭ ۋە ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ نۆۋەتتىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن باشقا ئىلگىرىكى نىكاھلىنىش ئەھۋالى ھەم ئۇلاردىن پەرزەنتى بار بولسا، ئۇنداقتا ئائىلە ئۇچۇرلىرىنىڭ توغرا خاتىرىلىنىشى ئۈچۈن يۇقىرىقى جەدۋەلدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئىزاھ قىسمىغا ئىلگىرىكى جۈرىلەردىن بولغان پەرزەنتلەرنىڭ جىنسى، ئەسلىي پەرزەنتلەر ئىچىدىكى رەت تەرتىپى ۋە نۆۋەتتىكى پەرزەنتلەر ئىچىدىكى رەت تەرتىپى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەسكەرتىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئەر ـ خوتۇن بىرلا تەرەپنىڭ ئىلگىرى نىكاھلانغان تارىخى بار بولسا، ئۇنداقتا مەزكۇر جەدۋەلنىڭ ئىلگىرى نىكاھلىنىش تارىخى بولمىغان بىر تەرەپكە ئالاقىدار بۆلىكىنى چىقىرىپ تاشلاشقا بولىدۇ.

## 6. جەمەت نىشانلىرى

روشەنكى، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن ئېتىبارەن سىمۋوللۇق بەلگىلەرنى ئىشلىتىش ھەممە مەدەنىيەتلەرگە ئورتاق بولغان ئەھۋالدۇر. ھەتتاكى مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويمىغان بەدەۋى خەلقلەر ئارىسىدىمۇ سىمۋوللۇق بەلگىلەرنى ئىشلىتىش ئىزچىللىققا ئىگە. قەدىمدە ھەممە قەۋملەر دېگۈدەك توتېمغا تېۋىنىشتەك ئەقىدە ـ ئىشەنچلەردە بولغان. مۇناسىپ ھالدا توتېم بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشمۇ دۇنياۋى كۆلەمدىكى ھادىسىدۇر. ناھايىتى قەدىم دەۋرلەردىن تارتىپلا، ئىنسانلار مەلۇم سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق ئۆز ئىدىيەلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. قەدىمكى نۇرغۇن قەبىلە ـ قەۋملەر مەلۇم سىمۋوللۇق نىشان بەلگىلىرى ئارقىلىق باشقا قەبىلە ـ قەۋملەردىن پەرقلىنىشنى ئىستەش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كەڭ تۈردە ئىشلەتكەن. بەزىدە قەدىمكى ئۇرۇقلارمۇ مەلۇم توتېم بەلگىلىرىنى تۇغ (بايراق) لار، ھەربىي قورال ـ ياراقلار، تۇرمۇش جابدۇقلىرى، كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بويۇملىرى ... قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش مەقسەدلىرىگە يەتكەن. قەدىمكى ئۇرۇشلاردا ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتتىن بولغان قوشۇنلار بەلگىلىك نىشان ياكى تۇغ بەلگىلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنچە بۇنداق نىشان بەلگىلىرى ھاكىمىيەتتىن دېرەك بەرگۈچى بەلگە سۈپىتىدە سىياسىي ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلىشقا سازاۋەر

بولغان.

بىزنىڭ بۇ كىتابتا جەمەت ياكى ئۇرۇقنىڭ مەلۇم خىلدىكى بەلگە ياكى شەكىللىرىنى «نىشان» دەپ ئاتىشىمىزدا ئىككى خىل سەۋەب بار: بىرى، «نىشان» فارسچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «بەلگە، ئالامەت، سىمۋول، ئىزناك، تۇغ، گېرب، تامغا، مۆھۈر» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە سۆز بولغانلىقى ھەم ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىشاتقىنىغا خېلى ئۇزاق زامان بولغانلىقىدۇر؛ يەنە بىرى «تارىخى شەجەرەئى تۈرك» تە ئەبۇلغازى باھادىرخان «نىشان» سۆزىنى ئۇرۇق (جەمەت) ياكى شەخسلەرنىڭ خاس تامغىسى ياكى بەلگىسى مەنىسىدە ئىشلەتكەنلىكىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر ئاتالغۇ ياۋروپا تىللىرىدا قوللىنىلىدىغان « Heraldry » ئىبارىسى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى مەزكۇر مەننى بىلدۈرىدىغان « 纹章 » سۆزىگە ئۇدۇل كېلىدۇ.

بىز توتېم بەلگىلىرى جەمەت نىشانلىرىغا ئوخشاش مەنا ۋە رولدا ئىشلىتىلگەن دەپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما جەمەت نىشانلىرىنىڭ توتېم بەلگىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچتۇر. سىمۋول ئىشلىتىش ئەنئەنىسىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە، ياۋروپادىن باشقا جايلاردىكى بەزى خەلقلەر ئارىسىدىمۇ بىرخىل سىستېما سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. «تەۋرات» تا ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ 12 ئوغلىدىن شاخلىنىپ چىققان 12 قەبىلىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس نىشان بەلگىلىرىنىڭ بارلىقى سۆزلىنىدۇ. قەدىمكى يۇناندىكى ئافىنالىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ نىشان بەلگىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ئەمەلىي ماتېرىياللار ئاساسىدا قىياس قىلىنىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنكى دەۋرگىچە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشلىتىلگەن نىشان بەلگىلىرىنى مۇنداق بەش تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. جەمەت نىشانلىرى (Familial Heraldry): بۇ ئەجداد-ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەر ئارىسىدا ئەجدادتىن ئەۋلادقا، ئاتىدىن ئوغۇلغا مىراس قېلىپ دەۋرلەر بويى داۋاملىشىدىغان، جەمەتلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان نىشانلاردۇر. بۇ ماھىيەت جەھەتتە ئۇرۇق نىشانلىرى، ئۇرۇقنىڭ توتېم بەلگىلىرىگە ئوخشاش نىشانلاردۇر. ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ياۋروپالىقلار ئىشلەتكەن

نىشانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى جەمەت نىشانلىرىدۇر.

2. خۇسۇسىي نىشانلار (Individual Heraldry): بۇ غەربتە (ياۋروپا، شوتلاندىيە ۋە ئىسپانىيىدە) ئىشلىتىلگەن بىرخىل نىشان تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە سىياقى ھەربىر شەخسكە خاس ھالدا پەرقلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدا شەخسلەرنىڭ قىزىقىشى، ئىجتىمائىي مەنسەپ-دەرىجىلىرى، .... دىن ئىشارە قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە جەمەت نىشانلىرى بىلەن بەلگىلىك ئوخشاشلىقتا ئىگە بولۇشى، يەنى بىر كىشى ئىشلەتكەن خۇسۇسىي نىشاندا شۇ كىشىنىڭ خۇسۇسى ئەمەل-دەرىجىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەردىن سىرت، يەنە جەمەتىنىڭ نىشاندىكى گەۋدىلىك بەلگە-شەكىللەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق نىشانلار شەخسلەرنىڭ ئىمزاسى، مۆھۈر ئورنىدا ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.


3. تېررىتورىيە نىشانلىرى (Territorial Heraldry): بۇ مەلۇم يۇرت، بازار، شەھەر، ئۆلكە ياكى دۆلەتنىڭ نىشان بەلگىلىرىدۇر. بۇلار ئەسلىدە خۇسۇسىي ياكى جەمەت نىشانلىرى بولۇپ، جەمەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ياكى كۆپىيىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن يۇرتلار، رايونلار، مەلۇم جەمەتلەر بەرپا قىلغان دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتلەرگە سىمۋوللۇق بەلگە قىلىپ بېكىتىلگەن نىشانلارنى كۆرستىدۇ. مەسىلەن، برىتانىيە دۆلەت نىشانى برىتانىيەگە تەۋە بولغان ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت نىشانى ـــ مېڭىپ تۇرغان ئۈچ شىر، شوتلاندىيە دۆلەت نىشانى ـــ تىك تۇرغان بىر شىر ۋە ئىرلاندىيە دۆلەت نىشانى ـــ چىلتار (بىرخىل ساز) لاردىن تۈزۈلگەن. بۇنداق نىشانلار كۆپىنچە دۆلەت گېربى ۋە دۆلەت بايرىقى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى دۆلەت گېربلىرىنى تېررىتورىيىلىك نىشانلار ياكى دۆلەت نىشانلىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.




برىتانىيە دۆلەت نىشانى (ياكى گېربى)

4. قوشۇلما نىشانلار (Augmentation Heraldry): بۇلار ئەسلىدىكى خۇسۇسىي ياكى جەمەت نىشانلىرىغا مەلۇم بەلگە ياكى شەكىللەرنى قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان نىشانلار بولۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمدە پادىشاھلار مەلۇم شەخسنىڭ جەمەت نىشانى ياكى خۇسۇسىي نىشانىغا ئەمەل-مەنسەپلەرنى دېرەك بەرگۈچى مەلۇم بەلگىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق، شۇ نىشاننى شۇ شەخسكىلا تەۋە نىشانغا ئايلاندۇرىدۇ.

5. گۇرۇھ نىشانلىرى (Corporate Heraldry): بۇ شىركەت، پارتىيە-گۇرۇھ، ئويۇشما، دىنىي جەمئىيەتلەر، ئىدارە-ئورگان، مەكتەپ، ...قاتارلىقلار ئىشلىتىدىغان نىشان بەلگىلىرى بولۇپ، بۇ خىلدىكى نىشانلار نەسەبشۇناسلىق بويىچە ئىزدىنىشتە ياردىمى يوق نىشانلار دەپ قارىلىدۇ.





سىمون فرازېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نىشانى

يۇقىرىقى نىشانلار ئىچىدە بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى تارتىدىغىنى جەمەت نىشانلىرىدۇر. چۈنكى نىشانلار بارلىققا كەلگەن چاغدىلا قەدىمكى ئۇرۇقلارنىڭ جەمەت بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىشلىتىلىشى كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىشتۇر. جەمەت نىشانلىرىنى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلار بار. جەمەت نىشانلىرىنىڭ قەدىمكى ئىسرائىل قەبىلىلىرى، گرېكلار، رىملىقلار، ئاسسۇرىيىلىكلەر ۋە ساكسونلارنىڭ ئارىسىدا ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. ئەلۋەتتە، بەزى يېرىم مەدەنىي خەلقلەرمۇ ئۆزلىرى چوقۇنغان مەلۇم ھايۋان ياكى ئىلاھلارنى مەلۇم شەكىلدىكى سىمۋوللار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، بۇ سىمۋوللۇق شەكىللەرنى ھەرخىل بويۇملار ئۈستىگە تەدبىقلىغان. مەسىلەن، شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ئارىسىدا موشۇنداق مەشغۇلاتنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار خېلى كۆپ. قەدىمكى مىسىرلىقلار ياسىغان ئەبۇلھەۋل (سفىنكس، يەنى شىر تەنلىك، ئادەم


باشلىق ھەيكەللەر) نىڭمۇ پىرئەۋن (خان) جەمەتىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە تىكلەنگەنلىكىنى نىشانشۇناسلار تەخمىن قىلماقتا.

ياۋروپادىن سىرتقي جايلاردىكى مەملىكەتلەر ئىچىدە جەمەت نىشانلىرى خۇددى ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش مەنا ۋە رولدا ئىشلىتىلگەن دۆلەت ــ ياپونىيەدۇر. ياپونلار ئىشلىتىدىغان جەمەت بەلگىلىرى (mon) ماھىيەت جەھەتتە ياۋروپالىقلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان جەمەت نىشانى ( heraldry_armory ) غا ئوخشاش خاراكتېردىكى نەرسە بولۇپ، بۇ ئەلۋەتتە ياۋروپا (غەرب) دىكى جەمەت نىشانلىرىغا ئوخشاش مەخسۇس قېلىپلاشقان شەكىل بويىچە ئەمەس، بەلكى باشقىچىرەك شەكىلى بويىچە ياسىلىدۇ. ئۇلار غەربلىكلەرگە ئوخشاش، جەمەت نىشانلىرىنى قالغان شەكىلنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرماستىن، بەلكى ھەرخىل تۇرمۇش جابدۇقلىرى، قورال-ياراقلار ئۈستىگە تەدبىق قىلغان. ئەمما، غەرب جەمەت نىشانلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا، ياپونلارنىڭ جەمەت نىشانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى قالايمىقانراق ۋە ئىختىيارىيراق بولغان. ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تەۋە ياپونلار جەمەت نىشانلىرى كىيىمىنىڭ دۈمبە تەرەپ ياقىسىنىڭ ئاستىغا ياكى ئىككى يېڭىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالاتتى.




ياپونىيە خان جەمەتىنىڭ جەمەت نىشانى (Kiku_non_hana_mon) ئېچىلىپ تۇرغان جۇخار گۈلى بولۇپ، بۇ نىشان بىر چەمبەر ئەتراپىدا تەكشى يېيىلغان 16 دانە گۈل بەرگىدىن تەشكىل تاپقان، گۈل بەرگىلىرىنىڭ ئۇچى تەرەپلىرى ئەگرى سىزىق ئارقىلىق بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان.

تۆۋەندىكىلەر ياپونىيە تارىخىدا ئۆتكەن بىر قىسىم مەشھۇر جەمەتلەرنىڭ نىشان بەلگىلىرىدۇر:



ئارىنا جەمەتىنىڭ نىشانى




ئاشكايا جەمەتىنىڭ نىشانى

مۇسۇلمان ئەللەردىمۇ غەربلىكلەرنىڭ نىشانلىرىغا ئوخشاش خاراكتېردە ئىشلىتىلگەن نىشان -

بەلگىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى مەلۇم. بولۇپمۇ 12 ـ ئەسىردىكى ئەھلى سەلب ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپادىكى نىشان ئەنئەنىسى مۇسۇلمان ئەللىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بەزى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارمۇ خان جەمەتىنىڭ نىشانلىرىنى لايىھەلەپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇنداق نىشانلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى دەۋرلەردە شۇ دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت گېربىگە ئايلىنىپ قالدى. تۆۋەندىكىلىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە قىسمەن مۇسۇلمان ئەللىرىدە بارلىققا كەلگەن غەرب نىشانلىرىغا تەققاسلانغان نىشانلاردۇر.


گرانادانىڭ مۇسۇلمان ئەمىرى ئەبۇ ئەبدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى نەسر (1231 ~ 1272) نىڭ نىشانى


مەملۇك سۇلتانى ئەمىر توغا تېمۇرنىڭ نىشانى


مەملۇك سۇلتانى ئەمىر شەيخۇنىڭ نىشانى

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمدە ئۇرۇق ـ جەمەتلەرنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە نىشان بەلگىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىدە «ئوغۇز» ئىبارىسىنى شەرھلىگەندە شۇنداق يازىدۇ: «ئوغۇز: تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ.

بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى قىنىق. زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر. ماللىرىنىڭ تامغىسى: 


ئىككىنچىسى قايىغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئۈچىنچىسى بايۇندۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

تۆتىنچىسى ئىۋا. ئۇلار «يىۋا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تامغىسى: 

بەشىنچىسى سالغۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئالتىنچىسى ئافشار. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

يەتتىنچىسى بەكتىلى. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

سەككىزىنچىسى بۆگدۈز. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

توققۇزىنچىسى بايات. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 


ئونىنچىسى يازغىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون بىرىنچىسى ئەيمۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون ئىككىنچىسى قارا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون ئۈچىنچىسى ئالقا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون تۆرتىنچىسى ئىگدىر. بۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون بەشىنچىسى ئۈرەگىر. بۇلار "يۈرەگىر" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون ئالتىنچىسى تۇتىرقا. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون يەتتىنچىسى ئۇلايۇندلۇغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون سەككىزىنچىسى تۆگەر. ...... ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

ئون توققۇزىنچىسى پەچەنەك. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

يىگىرمىنچىسى چۇۋالدۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

يىگىرمە بىرىنچىسى چەبنى. ئۇلارنىڭ تامغىسى: 

يىگىرمە ئىككىنچىسى چارۇقلۇغ. بۇلارنىڭ سانى ئاز. تامغىسى نامەلۇم.

مەھمۇد ئېيتىدۇكى، كىشىلەر بۇ قەبىلىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى بىلىشكە مۇھتاج بولغاچقا مەن ئۇلارنى بىرمۇ بىر يېزىپ چىقتىم. بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغ ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ.»[1]

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 77 ~ 80 ـ بەتلەر.

مەھمۇد كاشغەريي بەرگەن يۇقىرىدىكى مەلۇماتتىن، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا ھەر قايسى تۈركىي قەۋملەردىكى ئۇرۇقلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ناملىرى ۋە نىشان بەلگىلىرى بار بولغان بولۇپ، مەزكۇر بەلگىلەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە تىلغا ئېلىنغىنىدەك يالغۇز ھەر قايسى ئۇرۇقلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، يەنە ئۇرۇقلارنىڭ تۇغ ـ بايراقلىرىدا ھەم بەزى يازما ھۆججەتلىرىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. يۇرتىمىزدىكى ھەر قايسى جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى يادىكارلىقلار ئىچىدە نۇرغۇن تامغىلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شەخسلەرنىڭ مۆھۈرلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئاز بىر قىسمىنىڭ جەمەت نىشانلىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تامغىلار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ بايراقلىرىغا شۇ خانلىقلارنى قۇرغان جەمەتلەرنىڭ ياكى يېتەكچى ئۇرۇقلارنىڭ نىشان بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەندىن سىرت، شۇ بەلگىلەر يەنە ئەينى دەۋردە دۆلەت گېربىلىك رولىنىمۇ ئۆتىگەن. ئىسلامىيەت دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا ئائىت نىشان بەلگىلىرى ھەققىدە بىز بىرەر تارىخىي مەلۇماتنى ئۇچراتمايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلامدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىكى ئۇرۇقچىلىق ئېڭى سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى، جەمەتلەر ياكى ئۇرۇقلارنىڭ ئورتاق ئىشلىتىدىغان فامىلە ياكى لەقەم ئەندىزىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك شەكىللىنىپ بولالمىغانلىقى، شۇنداقلا ياۋۋپادىكىگە ئوخشاش جەمەتلەرنىڭ نىشان بەلگىلىرىنى تىزىمغا ئېلىپ باشقۇرىدىغان بىرەر ئورگاننىڭ قۇرۇلمىغانلىقى، .... بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەر قايسى سۇلتانلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىمزالىرى بار بولۇپ، «تۇغرا» دەپ ئاتىلىدىغان بۇنداق ئىمزالار ئۆز نۆۋىتىدە نىشان بەلگىلىرى سۈپىتىدىمۇ قارالغان. ئوسمانىيلار سۇلتانلىرىنىڭ تۇغرالىرى خۇسۇسىي نىشان سۈپىتىدە 17 ـ تاكى 20 ـ ئەسىرلەردىن ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كەڭ ئىشلىتىلگەن. تۆۋەندىكىلىرى ئەشۇ سۇلتانلاردىن بەزىلىرىنىڭ نىشانلىرى (تۇغرالىرى) دۇر.



سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ تۇغراسى



سۇلتان مەھمۇدنىڭ تۇغراسى

ھىندىستاندا برىتانىيە مۇستەملىكىسى دەۋرىدە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، يەرلىك ھۆكۈمران تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر جەمەت نىشانلىرى ۋە خۇسۇسىي نىشان بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئۇلار ئىشلەتكەن نىشانلارنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشى ياۋروپالىقلارنىڭكىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئىنچىكە گۈل-نەقىش ۋە باشقا تەپسىلاتلىرى ھىندى دىنى ئېتىقادىغا ئائىتتۇر.

ياۋروپادا نىشان ئىشلىتىش مىلادىيە بىرىنچى ئەسىرلەردە رىم ئىمپېرىيىسىدە پەيدا بولغان. ئىمپېرىيە دائىرىسىدە ئەسكەرلەر ئۆزلىرى تەۋە بولغان قوشۇنلارنىڭ بەلگىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قالقانلىرىغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرى بىلەن بىر قوشۇندىكى باشقا ئەسكەرلەرگە خاتا ھوجۇم قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرى تەۋە بولغان ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىدىن شان - شەرەپ ھېس قىلىشتەك تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئىش كېيىنچە پۈتۈن ياۋروپادا كەڭ ئومۇملىشىپ، باشقە ئەللەردە نىشان ئىشلىتىش ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. 13-ئەسىرلەردىن كېيىن قالقانغا كىرېست بەلگىسىنى چۈشۈرۈش، ھەم شۇ ئارقىلىق كىرېست ئارقىلىق تۆتكە بۆلۈنگەن قالقان يۈزىنى ئوخشىمىغان رەڭدىكى بەلگە، ئالامەتلەر بىلەن بېزەش بارغانسىرى ئومۇملاشقان. بۇنداق بەلگىلەر دەسلەپتە قالقان ۋە مۆھۈرلەرگە چۈشۈرۈلگەن ياكى ئويۇلغان ھەمدە ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىش شەكلىدە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملىشىپ، تەدرىجىي ھالدا جەمەت ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم بۆلىكىگە ئايلانغان. ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردا بۇنداق جەمەت نىشانلىرىنى ئاقسۆڭەكلەر جەمەتلىرى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق تارىخ جەريانىدا يۈز بەرگەن جەمەتلەرنىڭ تەبىقە-دەرىجىلىرىدىكى ئۆسۈش ياكى تۆۋەنلەشتەك ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن،

جەمەت نىشانلىرىنى ئىشلىتىش ئاۋام خەلق ئارىسىدا تارقالغان. ئەمما 15 ـ ئەسىردىن تارتىپ، ياۋروپادا شەخسلەر ۋە جەمەتلەرگە ئائىت نىشان بەلگىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن، شۇ دەۋردىكى ئەنگىلىيە پادىشاھى ھېنرىي V بىر قانۇن ماقۇللاپ، شەخسلەر ۋە جەمەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىختىيارىيچە نىشان بەلگىلىرىنى لايىھەلىشىنى چەكلىگەن. 1483 ـ يىلىغا كەلگەندە، ۋە ئەنگىلىيە پادىشاھى ئېدۋارد IV تەرىپىدىن شەخسلەر ۋە جەمەتلەرنىڭ نىشان بەلگىلىرىنى نازارەت قىلىدىغان ھەم نىشان بەلگىلىرىنى ھەدىيە قىلىدىغان ئورگان ــ ئەنگىلىيە نىشان ئىنستىتۇتى تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، نىشان بەلگىلىرىگە چېتىلىدىغان تۈرلۈك قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە نىشاننىڭ نوقۇل ئەسكەرلەر جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قوشۇن تەۋەلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىدىغان نەرسە بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە جەمەتلەر ۋە ئائىلىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ھەم ئىجتىمائىي ئورنىنى ئىسپاتلىغۇچى بەلگە بولۇشى لازىم دېگەندەك بەلگىلىمىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، نىشانلار تەدرىجىي ھالدا ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، ئورگانلار، دۆلەتلەر، رايونلار ۋە جەمەتلەرنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ بەلگىلىرى سۈپىتىدە پۈتۈن ياۋروپادا رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ۋە كىنەزلەر ئۆزلىرىنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ جەمەت نىشانلىرىدىكى بەلگىلەردىن بىر بۆلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ قالقان شەكلىدىكى نىشانلىرىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنى تېخىمۇ مۇرەككەپ تۈسكە كىرگۈزۈشكە باشلىغان. شۇندىن ئېتىبارەن، قالقان شەكىللىك نىشانلار نوقۇل ھەربىي دائىرىلەردە ئىشلىتىلىشتىن ھالقىپ، كېيىم ـ كېچەكلەر، ئىمارەت، خەت ـ چەك، ... لەردە كەڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، ھەممە ساپ سەنئەت نۇقتىسىدا ئۇنىڭغا تۈرلۈك گېئومېترىك شەكىللەر، ھايۋان (كۆپىنچە ئەفسانىۋى مەخلۇقات)، ئادەم رەسىملىرى، سۆز ـ جۈملىلەر قىستۇرۇلۇشتەك ئۇسلۇب شەكىللەنگەن. ئويمىكارلار قالقان شەكىللىك نىشانلارنى ئىمارەتلەرگە ئويغاندا ئۇلارنى شەكىل جەھەتتە تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرگەن. نەتىجىدە ئۇ مەخسۇس بىر خىل ئىلىم (يەنى قالقان شەكىللىك نىشانلارنى لايىھەلەش، ئۇستىدىكى مەنىلىك سىمۋول ۋە

بەلگىلەرنى ئىزاھلاش ھەم ئىشلىتىش، ئۇنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۆتكەندە ھەم نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە قانداق ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى بىر يۈرۈش قائىدە - پرىنسىپ) سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. دەرۋەقە، ياۋروپا ئەللىرى (ۋە ئۇلار ئىستىلا قىلغان جەنۇبىي - شىمالىي ئامېرىكىلار ۋە ئاۋستراليە) دە قالقان شەكىللىك جەمەت نىشانلىرىنى ھەممىلا ئائىلىلەر ئىشلىتىپ كەتكىنىمۇ يوق. ئۇنى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كۆپىنچە خان جەمەتى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىشلەتكەن بولسا، ھازىرقى دەۋردە بىر قىسىم جوڭ جەمەتلەر، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، پۇل - مۇئامىلە ئورگانلىرى، دوختۇرخانا، كارخانا - شىركەتلەر ،... ئىشلەتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەرب ئەللىرىدە، جۈملىدىن ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ھەر قايسى دۆلەتلەردە مەخسۇس نىشان بەلگىلىرىنى لايىھەلەيدىغان، تىزىمغا ئالىدىغان ھەم باشقۇرىدىغان ئورگانلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھازىرقى زامان نەسەبشۇناسلىقىدىكى مۇھىم بىر ساھە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نىشانلار دەسلەپ پەيدا بولغاندىلا رىئال مەقسەدلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان قوللىنىشچان بەلگە - ئالامەت ئىدى. ئۇ پەيدا بولغاندىن تارتىپلا شەخسلەرنىڭ تامغا - مۆھۈرى ئورنىدا خەت - چەكلەردە ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە قەبرە تاشلىرىدا، نىشان ئىگىسىگە تەۋە بولغان تۇرمۇش بويۇملىرى (ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلار، ئەينەك بويۇملار،...) ئۈستىگە ئويۇلغان ياكى بېسىلغان. بۈگۈنكى دەۋردە ئۇ كىتاب مۇقاۋىلىرىدە، ئىشخانا لازىمەتلىكلىرى ئۈستىدە، چاق - چۇق بويۇملاردا، بايراقلاردا، ماشىنىلاردا، خۇسۇسىي تەئەللۇقاتلاردا،...كەڭ قوللىنىلماقتا. ناۋادا قالقان شەكىللىك نىشانلار نوقۇل ئۇرۇش ۋە ھەربىي كۈرەكلەردە ئىشلىتىلىشتەك تار دائىرىدىن ھالقىپ چىقمىغان بولسا ئىدى، ئۇ 15 - ئەسىرلەردىن كېيىنلا مەۋجۇد بولمىغان، بۈگۈنكىدەك كەڭ قوللىنىشقا سازاۋەر بولمىغان بولار ئىدى.




سىمۋول ئىشلىتىش ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىغا ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇنداقتا نىشان سىمۋولىنى باشقا سىمۋوللۇق شەكىللەردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرغان نەرسە نېمە؟ بۇ دەل ئۇنىڭدا قالقان شەكلىنىڭ تەدبىق قىلىنغانلىقى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەنا بىلدۈرگۈچى بەلگە - ئالامەتلەرنىڭ بەلگىلىك قائىدە - پرىنسىپ ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ مىراسلىق خۇسۇسىيەت، يەنى ئۇنىڭ




ئەجدادتىن ئەۋلادقا خۇددى جەمەت لەقىمى ياكى فامىلىسىگە ئوخشاش مىراس بولۇپ داۋاملىشىدىغانلىقى ئاساسىي رولىنىڭ بىر جەمەتنى يەنە بىر جەمەتتىن پەرقلەندۈرۈش ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكلەردۇر. قالقان شەكىللىك نىشانلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئەڭ دەسلەپتە پەيدا بولغاندىن ئېتىبارەن، جەمەتلەرنىڭ ئورتاق سىمۋولى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ، ئوخشىمىغان جەمەتكە تەۋە شەخسلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئۆتەپ كەلگەنلىكى، شەخسلەرنىڭ ئۆز جەمەتلىرىدىن پەخىرلىنىشىنىڭ كونكرىت، قانۇنلۇق دەلىل-ئىسپاتى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ شەخسلەرنىڭ ئۆز جەمەتلىرىگە بولغان پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، جەمەتلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئەزالارغا قارىتا ساداقەتمەنلىك تەلىپىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان سىمۋولغا ئايلىنىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ يوقىلىپ كەتمەي، ئەكسىچە بارغانسىرى مۇرەككەپلەشكەن، سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتى يۇكسەلگەن، ئىشلىتىلىدىغان دائىرىسى كېڭەيگەن.

غەربتە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن قالقان شەكىللىك نىشانلار قۇرۇلما جەھەتتىن بىر قانچە بۆلەكتىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بۆلەك قالقان بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە نىشاندا بارلىق ئۇچۇرلار (بەلگىلەر، سىمۋوللار، يېزىقلار،...) ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان تەگلىكتۇر. ئۇنىڭدا بىر جەمەت ياكى ئائىلە ئۆزلىرىگە خاس نىشان سۈپىتىدە تاللىۋالغان بەلگە ۋە ئالامەتلەر، شۇ ئائىلىدىكى كىشلەرنىڭ (يەنى ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ) رەت تەرتىپى، ھۆكۈمەت تەرپىدىن بېرىلگەن ئەمەللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىمۋوللۇق شەكىللەر، ئائىلىنىڭ نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى،... ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقىلاردا قانچىلىك ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر ئۆزگىرىشكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەر ھامان قالقان شەكىللىك تەگلىكنىڭ ئۈستىگە ۋە ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. قالغان بۆلەكلەر بولسا مۇرەككەپ نىشانلاردا كۆرۈلىدىغان قالقاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆرە تۇرغان، ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى ھەمدە قالقاننىڭ تەگلىكى ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان، جەمەتنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى يېزىلىدىغان لېنتىلاردىن ئىبارەت.

نىشان ئىشلىتىش بارلىققا كەلگەندىن بېرى، غەرب ئەللىرىدىكى جەمەتلەر ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە

ئارمىيە دائىرىلىرى ھەرخىل شەكىل ۋە نۇسخىدىكى قالقانلارنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ئەمما ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگىنى تۆۋەن تەرىپى بىر نۇقتىغا يىغىلغان كۇۋادرات شەكلىدۇر. تۆۋەندىكىسى نىشاندا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قالقان شەكىللىرىدۇر.






بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق سىمۋوللۇق بەلگە جەمەت نىشانى بولىۋەرمەيدۇ. مەلۇم سىمۋوللۇق بەلگە بىر جەمەت كىشىلىرى ئىچىدىكى ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قېلىپ داۋاملىق ئىشلىتىلسە، ھەمدە ئۇنىڭدىكى بەلگىلەر مۇئەييەن مەنا ئىپادىلىسە (ئەلۋەتتە، بۇ مەنىنىڭ شۇ شەخس، جەمەت ياكى تەشكىلات بىلەن بەلگىلىك باغلىنىشى بولۇشى زۆرۈر)، ئاندىن جەمەت نىشانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قالقان شەكىللىك جەمەت نىشانلىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا چەۋەندازلىرىدىن قالغان بىر ئەنئەنىدۇر. ئۇ شەخسلەر، ئائىلە (جەمەت) لەر ۋە تەشكىلاتلارغا تەۋە بولغان ھالدا مىراس خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سىمۋوللۇق بەلگىلەردۇر. قالقان شەكىللىك جەمەت نىشانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى قالايمىقان

بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا مۇئەييەن قائىدە - پرىنسىپلار بار بولغان. مەسىلەن، غەربتە ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن تارتىپلا قىزلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نىشانلىرىنى ئىشلىتىشكە يول قويۇلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئىشلەتكەن ئەجدادلىرىنىڭ نىشان بەلگىلىرى قالقان شەكلىگە ئەمەس، بەلكى خىش شەكلى ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن. ئۇلار باشقا ئەرلەر بىلەن نىكاھلانغاندا، ئۆزلىرىنىڭ جەمەت نىشانىدىكى بەلگىلەر بىلەن ئەر تەرەپ جەمەت نىشانىدىكى بەلگىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قالغان شەكىلى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئوغلى بولمىسا شۇ كىشى ۋاپات بولغاندا قىزلىرى جەمەت نىشانىنىڭ ۋارىسلىرىغا ئايلانغان. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار نىشان بەلگىلىرىنى ئېرىنىڭ نىشان بەلگىلىرىنىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئىككى كىشى (بىر جەمەتتىن بولغان تەقدىردىمۇ) نىڭ ئەينى بىر شەكىلدىكى نىشاننى ئىشلىتىشى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارالغاچقا، ئوغۇللارنىڭ ھەربىرى نىشانلىرى ئۈستىگە ئاتىسىنىڭكىدىن پەرقلىق خاس بەلگىلەرنى چۈشۈرگەن. ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، خاس بەلگىلەر ئېلىپ تاشلانغان. بىر ئاتىنىڭ چوڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشاش نىشاننى ئىشلىتىدىغان بولسا، كىچىك ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتىسىنىڭ نىشانىغا مەلۇم ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزەتتى. يەنى ئۇلار نىشانىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتتى، ياكى يېڭى بىر ئالامەت (بەلگە) نى قوشاتتى، ياكى بىرەر دانە نەقىش ياكى رامكا نەقىشلىرىنى قاتاتتى، ۋەياكى ئەۋلادلىرى باشقا جەمەتكە تەۋە كىشلەر بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نىشانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېڭى نىشان ھاسىل قىلاتتى. ئەمما، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نىشاندا قانچىلىك ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەجدادلىرىنىڭ نىشانلىرىدىكى ھالقىلىق بىر تەركىب (شەكىل، قۇرۇلما ياكى رەڭ) ساقلىنىپ قالاتتى.

ئەنگلىيىدە خېلى ئىلگىرىكى زاماندىن تارتىپلا بىر كىشىنىڭ ئوغۇللىرى ئىشلىتىدىغان نىشانلاردا ئۇ ئوغۇللارنىڭ رەت تەرتىپىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنى ئىشلىتىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر قېلىپلاشقان. مەسىلەن، تۇنجى ئوغۇلنىڭ نىشانىغا  شەكلى، ئىككىنچىسىنىڭكىگە ھىلال ئاي، ئۈچىنچىسىنىڭكىگە يۇلتۇز، تۆتىنچىسىنىڭكىگە قۇش، بەشىنچىسىنىڭكىگە ھالقا، ئالتىنچىسىنىڭكىگە  بەلگىسى، يەتتىنچىسىنىڭكىگە قىزىل گۈل، سەككىزىنچىسىنىڭكىگە كرېست، توققۇزىنچىسىنىڭكىگە سەككىز

بەرگىلىك گۈل شەكلى چۈشۈرۈلگەن. ئاتا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغۇل ئۆزىگە خاس بەلگىنى ئېلىپ تاشلاپ ئاتىسىنىڭ نىشانىنى ئۆز ئەينى ئىشلىتىدۇ. قالغان ئوغۇللار ئۆزلىرىگە خاس بەلگىنى ساقلاپ قېلىپ ئۇنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرىدۇ. (ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ چوڭ ئوغلىدىن باشقا ئوغۇللىرىنىڭ نىشانلىرىدا خۇددى يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىش ياسىلىدۇ.) ئەمما شوتلاندىيىلىكلەردە بىر ئاتىنىڭ ھەرقايسى ئوغۇللىرىنىڭ نىشانلىرى يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن قالقان شەكلىنىڭ چۆرىسىگە ئوخشىمىغان رامكا نەقىشلىرىنى سىزىدۇ ياكى قالقان يۈزىدىكى بۆلگۈچى سىزىقلارنى ھەرخىل ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئانا تەرەپ ئەجدادلىرىنىڭ جەمەت نىشانىنى ئىشلەتمەكچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۇنى پەقەت ئاتا جەمەت نىشانى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئەھۋالدىلا ئىشلىتەلەيدۇ. بۇ «چارەكلەش» (**quartering**) دېيىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىرقانچە بوغۇن ئۆتۈپ، باشقا جەمەتلەر بىلەن نىكاھلىنىش ئەھۋالى يۈز بەرگەندىن كېيىن، كېيىنكى ئەۋلادلار ئىشلىتىدىغان نىشاندا نۇرغۇن «چارەك» لەر پەيدا بولىدۇ. (يەنى، كرېست ئارقىلىق قالقان يۈزى $\begin{array}{c|c}1&2\\\hline 3&4\end{array}$ گە ئوخشاش تۆتكە بۆلۈنۈپ، 1 ـ ۋە 4 ـ كە ئاتا ئەجدادىنىڭ، 2 ـ ۋە 3 ـ كە ئانا جەمەتىنىڭ نىشان بەلگىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ.). ئەلۋەتتە، يۇقىرىقىدەك يول بىلەن زىيادە مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن جەمەت نىشانلىرىدىكى بەزى قوشۇمچە بەلگىلەر مەلۇم دەۋرلەردىن كېيىن قىسقارتىلىش ۋە ئىخچاملىنىش ئارقىلىق ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ.

قەدىمدىن ئېتىبارەن، غەربتە (ياۋروپادا) ئوخشىمىغان قەبىلىلەر، كېيىنچە، مىللەتلەر ۋە بەگلىك ۋە شەھەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس نىشان بەلگىملىرى بولغان ۋە بولۇپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى دەۋردە دۆلەتلەر، دىنىي ئويۇشمىلار، مەزھەب ۋە پارتىيىلەر، شەھەر ۋە بازارلار، شىركەتلەر، كۇلۇبلار، ئۇنىۋېرسىتېتلار نىشانىنى كەڭ ئىشلەتمەكتە. دۇنيا مىقياسىدا ھەر قايسى شېرىكەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نىشان ـ بەلگىلىرى بولغان شېرىكەت ياكى مەھسۇلات ماركىلىرىنى لايىھەلەپ ئىشلىتىۋاتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ شەكىل ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى گەرچە جەمەت نىشانلىرىنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمىسمۇ، ئەمما ئۇلار قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە كىشىلەر توپىنىڭ ئورتاق بەلگىسى بولغان جەمەت نىشانلىرىدەك رولنى ئارتقۇزمىغانلىقتىن، بۇنداق بەلگە ۋە تاۋار ماركىلىرى نەسەبشۇناسلىقتا ئەھمىيىتى يوق بەلگە ـ ئالامەتلەر

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جەمەت تارىخى ئۇستىدىكى تەتقىقات مۇقەررەر رەۋىشتە بىر جەمەتنىڭ ئەجدادلىرى ئىلگىرى ئىشلەتكەن نىشان بەلگىلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق نىشان بەلگىلىرى ئەجدادلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، ئىلگىرىكى مەلۇم ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن ئەجدادلارغا ئىنئام قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى تاسادىپىي پۇرسەتلەردە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىشلىتىلىشكە باشلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر جەمەتنىڭ يىراق ئەجدادلىرى جەمەتنىڭ نىشان بەلگىلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە ئىشلىتىلىشتىن توختاپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. جەمەت نىشانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى كۆپ بولۇپ، ئومۇمەن جەمەت دائىرىسىدىكى ھەر قانداق بىر ماددىي بويۇمنىڭ ئۇستىگە تەبىق قىلىنغان بولۇشى ۋە ياكى تامغا ھەم مۆھۈر ئورنىدا يازما ھۆججەتلەرگە بېسىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرۇش ئەنئەنىسى سۇس بولغىنىغا ئوخشاش، جەمەت نىشانلىرىنى لاھىيەلەپ ئىشلىتىش ئەھۋالىمۇ يېقىنقى زامان تارىخىدا كەم ئۇچرايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھازىرقى زامان غەرب نەسەبشۇناسلىقىدا بارلىققا كەلگەن جەمەت نىشانلىرىغا ئائىت بەزى قائىدە ـ پرىنسىپلارنى بىلىش ئاساسىدا، ھەر قايسى جەمەتلەر جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىش بىلەن برلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قوللىنىپ كەلگەن ياكى قوللانماقچى بولغان فامىلەلىرىگە برلەشتۈرگە ئاساستا، شەكلى ئاددىيراق ئەمما مەنىسى بار بولغان جەمەت نىشانلىرىنى لاھىيەلەپ، ئۇنى نەسەبنامە ئىچىدە تونۇشتۇرۇشى، بەزى جابدۇلار ئۇستىگە تەدبى قىلىشى يەنىلا ئەقىلغە مۇۋاپىق ئىشتۇر.

ئەلۋەتتە، جەمەت نىشانلىرىنى بىرەر قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا (مەسىلەن، پاتېنت ئىدارىسى، تاۋار ماركىلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنى... قاتارلىق ئورگانلارغا) تىزىملاتمىغان ئەھۋالدا، ئۇنى باشقا جەمەتكە تەۋە كىشلەرنىڭ پايدىلىنىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرى ئىشلەتكەن جەمەت نىشانلىرىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا (ياخشى سودا ماركىسى سۈپىتىدە) تىزىمغا ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاسلىقىنى قوغداش لازىم. شۇنداق قىلغاندا يات جەمەتتىكىلەرنىڭ ئۇ بەلگىلەرنى ئىشلىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## 7. نەسەبنامىنى تۈزۈشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى

شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى گەرچە ئەجدادلىرىدىن قالغان خاتىرىلەرنى ساقلاپ پايدىلىنىشنى ھەم شۇلار ئۈستىدە ئىزدىنىشنى بىلمىسىمۇ، تۇغۇلىشىدىنلا بىر نەسەبشۇناس بولۇش مۇمكىن. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى بەلكىم بەك ئازدۇر. بەلكى بۇ بىلىم ئەجدادلىرىدىن بىرقانچىسىنىڭ ئىسمىنى بىلىش، ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى ساقلاش ۋە بەزى جىسمانىي - مەنىۋىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۇلار بىلەن باغلاشقا قىزىقىپ قېلىش، ... بىلەن چەكلىنىدىغاندۇر.

ئەجدادلارنى ئىزدەپ تېپىش پەقەت كىشىلەر ئۆز قىزىقىشلىرى سەۋەبىدىن قىلىپ قويىدىغان مۇنداقلا ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى ئىنسان ھاياتىنى چۈشەندۈرۈش، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى چۈشىنىش بىلە ئالاقىدار بولغان ئىشتۇر. ئۇ ئۆزىمىزنىڭ جىسمانىي مەنىدىكى ئەجدادلىرىمىزنى ئىزدەشلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم خىلدىكى تۇرمۇش مىزانلىرى ۋە ئەقىدە-ئىشەنچلىرىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى، ئۆزىمىزنىڭ ھاياتقا بولغان پوزىتسىيىمىز، كۆزقاراشلىرىمىز ۋە خۇلق - مىجەزلىرىمىزنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىدىكى ئاساسلارنى ئاختۇرۇش ئىشىدۇر. ئۆز ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش تارىختا يالغۇز يوقىرى تەبىقە كىشىلىرىلا شوغۇللىنىپ كەلگەن ئىمتىيازلىق ئىش ئەمەس. كەمبەغەللەر، ئاۋام پۇقرالارمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنى مۇئەييەن ئۇسۇللار (مەسىلەن، يازما خاتىرىلەر، ئاغزاكىي ئەسلىمىلەر، ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئىسىملىرىنى كېيىنكى پەرزەنتلەرگە قويۇش،...) ئارقىلىق سۈرۈشتۈرگەن ھەم ئۇلار ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى ساقلىغان.

ئۇنتۇپ كېتىلگەن ياكى ئۇنتۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان جەمەت تارىخى ۋە ئەجدادلارنى (شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى) يىغىۋېلىش، بايقاش ھەمدە مەڭگۈ قالىدىغان ئەسلىمىگە ئايلاندۇرۇش ـــ كىشىنىڭ خۇشاللىنارلىق ئىشلىرىدىن بولسا كېرەك. جەمەت تارىخچىسى سۈپىتىدە، سىز ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ھاياتىنى قايتا يارىتىسىز، جەمەتىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىسى، ھايات يولى، مىجەز-خۇلقى،... نى، ئۆزىڭىزنىڭ قانداق جەريانلاردىن ئۆتۈپ شۇ جەمەت ئىچىدە تۇغۇلۇپ

قالغانلىقنى بىلىشكە باشلايسىز، جەمەت تارىخنى ئىزدەش ئارقىلىق ئۆزىڭىز بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرىسىز، توختاۋسىز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيادا داۋاملىشىش تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ھېس قىلىسىز.

جەمەت (ئائىلە) تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش يالغۇز نەسەبنامە يېزىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەلۋەتتە، نەسەبنامە شەكلىدە جەمەت تارىخنى يېزىش جەمەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر بۇ ئارقىلىق ئەجدادلىرى ئائىلىۋى تۇرمۇشى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە كەڭرەك چۈشەنچىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار تەتقىق قىلىدىغان مەركىزىي مەسىلە- رەسمىي تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز قارالغان ئائىلە تارىخىدۇر. كىشىلەر مەكتەپلەردە ئۆگىنىدىغان ۋە كىتابلاردىن ئوقۇيدىغان تارىخ ئومۇمەن دۆلەت، رايون، مىللەت، ھاكىمىيەتلەرنىڭ تارىخى، شۇنداقلا تارىختا دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان مەشھۇر ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ تارىخىدۇر. دېمەك رەسمىي تارىخ قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنداق تارىخ ئەنئەنىنى مۇتلەق كۆپ ئاۋام پۇقرانىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتلىرىدىن تولىمۇ يىراقتۇر.

يېقىنقى مەزگىللەردە «يېڭىچە تارىخ» ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇنىڭدا كەمبەغەل پۇقرالار، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ كىشىلەرنىڭ تارىختا بولغان چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى قوبۇل قىلىنماقتا. ئاۋام پۇقرالارنى تارىخنىڭ قۇربانلىرى دەپ ھېسابلايدىغان قاراشلار ئۆزگىرىپ، ئۇلارنى تارىخنىڭ ياراتقۇچىلىرى ۋە تارىخ سەھنىسىدىكى ھەقىقىي پائالىيەتچىلەر دەيدىغان پوزىتسىيە تىكلەنمەكتە.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە داۋاملىشىشچان ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلى بولغان ئائىلىلەر ئەزەلدىن بىرى پەرزەنتلەرنى ئاپىرىدە قىلىدىغان ۋە تەربىيەلەيدىغان، شەخسلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە تۇرمۇش قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان، مەدەنىيەتنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا، ئۆتمۈش دەۋرلەردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سەينا بولۇپ كەلدى. باللار ۋە چوڭلار

ئائىلە ئارقىلىق مۇھەببەت ۋە مەنىۋى قوللاشقا ئېرىشىدۇ، بىر توپ كىشىلەر (ئائىلە ئەزالىرى) نىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. دېمەك، موشۇ ئائىلىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەمگەك قۇرۇلمىسىنى، جايلار ئارا كۆچۈش ئەھۋاللىرىنى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پۇرسەتلەرنى، جىنسلار ئارا مۇناسىۋەتلەرنى يورۇتقىلى بولىدۇ. تارىخشۇناسلار شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئائىلىۋى ھاياتنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەمدە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

جەمەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە يېزىش - ھەممە كىشى تاللىۋالسا بولىدىغان تېمىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە يىلنى سەرپ قىلىپ بۇ جەھەتتە مەخسۇس تەربىيىلىنىشنىڭ ياكى بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى جەمەتىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەشكىلا ئاتاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. دېمەكچىمىزكى، گەرچە كەسپىي نەسەبشۇناسلىقتىن ئېرىشكىلى بولىدىغان نەتىجە مۇقەررەر رەۋىشتە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما مەخسۇس تەربىيە ئالماي تۇرۇپمۇ ھەربىر كىشى ئۆز جەمەتى ھەققىدە يەنىلا كۆپ نەرسىنى ئاختۇرۇپ بىلەلەيدۇ.

جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش كىم ئۆزىنىڭ ئەڭ يىراق ئەجدادىنى ئىزدەپ تاپالايدۇ دېگەننى مەقسەد قىلغان مۇسابىقە ئەمەس، ۋە ياكى ئەجدادلار ئارىسىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنى ئىزدەپ تېپىشتا بەسلىششىمۇ ئەمەس. ھەركىم ئۆز يىلتىزىنى ئىككى بوغۇن (يەنى بوۋا-مومىسىغىچە) ئىلگىرىگە سۈرۈپ تەكشۈرسىلا، ئۆزىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەرسىلەرنى بايقىشى مۇقەررەر. چۈنكى پەقەت شۇ ئىككى بوغۇندىلا ھەربىر ئادەم ئۆزىگە بىۋاستە قانداش مۇناسىۋەتتىكى ئالتە ئەجدادى (يەنى ئاتا-ئانا ۋە ئىككى بوۋا، ئىككى موماlار. دىققەت: نەۋرىلەر ئارا توي قىلغانلاردا بوۋا-موما تۆت بولماستىن ئىككى بولىدۇ.) ۋە ئۇلارغا ئائىت ھېكايىلەر، ئۈچ ئائىلە ۋە ھەربىر ئائىلىدىن شاخلانغان پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالى،...نى بىلەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئىلگىرىگە ھەربىر بوغۇن سۈرۈلگەنسىرى بىلىدىغان نەرسىلەر تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

جەمەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش قەدىم دەۋردىن، باشقىچە ئېيتقاندا دەسلەپكى ئەجداد

سۈپىتىدە بېكىتىلگەن ئەجدادلاردىن باشلانماستىن، بەلكى شەخسنىڭ ئۆزىنى تونۇشىدىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى ــ بىلىدىغاندىن بىلمەيدىغانغا ئۆتۈش، ھازىرقى كىشىلەردىن باشلاپ ئىلگىرىكى ئەجدادلارغا يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى دەۋردە ئۆزىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۆتكەن دەۋرلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىگە مۇھتاج بولىمىز. ھەممىمىز «ئەجدادلىرىمىز كىملەر بولغىيدى؟ ئۇلار قەيەرلەردە ياشىغان بولغىيتى؟»،... دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تەشنا بولىمىز. خىيالىمىزنى ھامان يىلتىزىمىزغا بولغان يىلتىزسىز سېغىنىش چۇلغاپ تۇرىدۇ. ناۋادا ھەربىر ئائىلە تارىخى ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانىغا تۇتىشىدىغان نەسەب زەنجىرىنىڭ بىر ھالقىسى دەپ تونۇلغاندا، ئۇنداقتا، ئائىلىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىش كىشىگە ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەجدادلارنىڭ بىرقانچە بوغۇن تارىخىنى ئاختۇرۇپ، شۇ ھەقتە بىر نەرسە يېزىپ چىقىش سەل قىيىن بولۇشقا قارىماي، ھەربىر كىشى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر.

جەمەت تارىخى ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا سوزۇلغان باغدۇر. كىشىلەر ھاياتىدا نېمىلەرنى قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ھەربىر جەمەتنىڭ تارىخى ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن يېگانىدۇر. كىشىلەر ئۆز يىلتىزلىرىغا قانچىلىك سەل قارىسۇن ياكى ئىنكار قىلسۇن، بۇ تارىخ شەخسلەرگە ھامان مەنسۇپ بولىۋېرىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى پسىخولوگىيە ئىلمى شۇنى ئېتراپ قىلىدۇكى، ئۆتمۈش توغرىسىدا ئۇگىنىش شەخسنىڭ ئۆزىنى تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ. ھەربىرىمىز يېگانە شەخس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆتمۈشتىن ۋە جەمەتىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيمىز. ئائىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە قالدۇرىدىغىنى نوقۇل پەرزەنتلا ئەمەس، بەلكى يەنە قىممەت قارشى، ئۇمىد-ئارزۇ، مۇھەببەت، ئىرسىي ئالاھىدىلىك ۋە رەڭگارەڭ خۇلق-مىجەز،...لەردۇر.

ئائىلە- پەۋقۇلئاددە بىر ياشاش شەكلىدۇر. ئۇ زېمىندىكى ھەربىر ئادەم جىسمانىي، مەنىۋىي، ئەقلىي، ھېسسىي، ئەخلاقىي جەھەتلەردە يېتىلىدىغان سورۇندۇر. تارىختا جەمەتلەر ساقلىنىپ،

ئەۋلادلار ئايرىم-ئايرىم ئائىلىلەرگە ئايلىنىپ تارقىلىپ، چېچىلىپ كەتكەن. نەسەبنامىدە ئەنە شۇ چېچىلىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئائىت ئۇچۇرلار، ئۇلار تەۋە بولغان جايلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەنئەنىلىرى جەملىنىدۇ. نەسەبنامىنى ياخشى ساقلاش كېرەك. چۈنكى ئۇ سىزنىڭ تارىخىڭىزلا ئەمەس، بەلكى يەنە سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزدۇر.

جەمەت تارىخىنى ئىككى تىپ بويىچە تەتقىق قىلىش مۇمكىن: بىرى ئۇزۇن يۆنىلىشلىك (گورىزىنتال) تارىخ شەكلىدە، يەنە بىرى توغرا يۆنىلىشلىك (ۋېرتىكال) تارىخ شەكلىدە. ئۇزۇن يۆنىلىشلىك تارىختا بىر جەمەتنىڭ نەسەب زەنجىرىدىكى قەدىمدىن تارتىپ نۆۋەتتىكى ۋاقىتىچە ياشاپ ئۆتكەن ھەربىر كىشى ئۇستىدە ئىزدىنىش تەكىتلىنىدۇ. توغرا يۆنىلىشلىك تارىختا ئەينى بىر بوغۇندا تەۋە كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر جەمەتلىرىنىڭ تارىخى ئۇستىدە ئىزدەنگەندە مەلۇم بولغان دەسلەپكى ئەجدادىدىن نۆۋەتتىكى ئەۋلادلارغىچە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەجداد-ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇشنى ئاساس قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئەينى بىر بوغۇنغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان سەرگۈزەشتىلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىشمۇ مۇھىمدۇر. شۇ بويىچە، لاياقەتلىك نەسەبشۇناسلىقتا مەزكۇر ئىككى خىل ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىشى كېرەك.

كەسكىن مەنىدە ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇنداق بەش خىل ئامىل ئۇستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشى زۆرۈر:

بىرىنچى، مىللەت ۋە دۆلەت تارىخىغا ئائىت ئامىللار. مەسىلەن، ئۇرۇش، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كرىزىس، ھۆكۈمەتنىڭ قارارلىرى ۋە چوڭ سىياسىي ھەرىكەتلەر؛

ئىككىنچى، يەرلىك ۋە رايونغا ئائىت ئامىللار. مەسىلەن، يەرلىك شەرت-شارائىت ۋە مۇھىت، يەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھۈنەر-كەسىپلەر، سانائەتلەر، ئەنئەنىلەر؛

ئۈچىنچى، ئائىلىگە ئائىت ئامىللار. مەسىلەن، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئەنئەنىۋى

ئادەتلىرى، كۆچۈش ئەھۋاللىرى، ئاتا ۋە ئانا جەمەتكە تەۋە نەسەب زەنجىرىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە ئەجدادلار؛

تۆتىنچى، شەخسلەرگە ئائىت ئامىللار. يەنى ھەربىر شەخسكە ئائىت تەرجىمەھال، ۋەقە، خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەت، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلەر؛

بەشىنچى، جەمەت تارىخىدىكى ياكى شەخسلەرنىڭ ھاياتىدىكى تۈرلۈك پۈرسەتلەر ۋە ئالاھىدە دەقىقىلەر؛

كىشىلەر جەمەت تارىخىنى يېزىشتا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك يازما، ئاغزاكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر ۋە ماددىي بويۇملارنىڭ دائىرىسىنى ئوبدان ئىگىلىشى، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرى ۋە چەكلىمىلەرنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىشلىرى لازىم.

ئەجدادلارنىڭ نەسەب مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، بۇ ئىشنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس بىر قاتار قولاي جەريانلىرىمۇ باردۇر. نەسەبنامە يېزىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى بىر قانچە قەدەم ـ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. ئەمما، بەزى جەمەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرىلىرى ئەسلىدىلا بار بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن ئەجدادلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىر قەدەر ئاسان بولسا، ئەجدادلىرىنىڭ نەسەب زەنجىرىنى تۇنجى قېتىم ئېنىقلاپ نەسەبنامە يېزىشنى ئويلاشقانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بېسىپ ئۆتىدىغان يول بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، بۇ قەدەم ـ باسقۇچلارنى نەسەب ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش، نەسەب تەتقىقاتىنى باشلاش ۋە ئېلىپ بېرىش، جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىش ۋە تەتقىقاتنى ئاخىرلاشتۇرۇش دېگەندەك تۆتكە بۆلۈشكە بولىدۇ.

جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ نەسەبنامە يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئائىلىنىڭ كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىشى كېرەك. جەمەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەردە، نەسەبشۇناس نوقۇل جەمەتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەجداد ئەۋلادلىق نەسەب زەنجىرىنى ئېنىقلاشتىن باشقا، يەنە ئەجدادلىرىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئۇسلۇبى ۋە ئەندىزىسى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىدۇ. تارىخ

مابەيندە ئائىلىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئەندىزىسىدە ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ تۇرغان. بۇنداق ئۆزگىرىشلەر يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان پەۋقۇلئاددە تېز بولماقتا. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ نېمىلىكى ۋە قانداق كۆلەمدە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش بۇ كىتابنىڭ مەقسەد ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى كۆپ ئەھۋاللار ئوقۇرمەنلەرگە ئايان.

يىلتىز ئىزدەش ۋە جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مەقسىدى، داۋاملاشقان ۋاقتى قانداق ۋە قانچىلىك بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا بىرقەدەر تەپسىلىي تۈزۈلگەن پىلان بولۇشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇنداق ئىزدىنىش مەقسەدسىز، جەمەت تارىخىنى چۈشىنىشكە كۆپ پايدىسى بولمىغان، «ماتېرىيال دۆۋىسى» ياسايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىشنىڭ بېشىدىلا جەمەت تارىخى ساھەسىدە ئىزدەپ تەتقىق قىلماقچى بولغان مەسىلىنى، سۈرۈشتۈرىلىدىغان ئەجدادلارنىڭ دەۋر چېكىنى ۋە لىنىيىسى (يەنى ئاتا تەرەپ ئەجداد لىنىيىسى ياكى ئانا تەرەپ ئەجداد لىنىيىسى ۋە ياكى ئۇلاردىن بىرىنىڭ بوۋا تەرەپ ئەجداد لىنىيىسى ياكى موما تەرەپ ئەجداد لىنىيىسى،..) نى ئېنىق بېكىتىۋېلىش لازىم.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ئاندىن كونكرېت مەشغۇلاتقا ئۆتۈشكە بولىدۇ.

## 1. نەسەب ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش

كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تونۇش ۋە ئۇلاردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ــ ئىخلاسمەن تەتقىقاتچىلار ۋە ئىزدەنگۈچىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپتۇر. شۇڭا، جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر ئۆزى ئۇچراتقان ھەربىر ماتېرىيال ئىچىدىن ئەڭ كېرەكلىكلىرىنى بايقاشقا ۋە تاللىۋېلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن ئائىلىلەر كەلگۈسىدە تارىخنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشنى ئويلاپ ياشمايدۇ، نەتىجىدە ئۇلار ئۆز تارىخلىرىنى خاتىرىلەپ قويمايدۇ. ئەمما، ئۆتكەن دەۋردىكى ئەجدادلار ھەققىدە بىز باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىقمۇ بەلگىلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ئىزدەشكە ئەرزىيدىغان ماتېرىيال مەنبەلىرى يەنىلا كۆپتۇر.

جەمەت تارىخىنى يېزىپ چىقىشقا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللار مەنبەسى ناھايىتى كۆپ تەرەپكە

چېتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، نەسەبشۇناس ئۆزى ئەجداد تارىخىنى ئېنىقلاشتا ئىشلىتىشنى ئويلىغان ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر مەنبەلىرىنى تىزىملىككە تۇرغۇزۇۋېلىش لازىم. بۇنداق تىزىملىك كەڭ دائىرىلىكرەك بولغىنى تۈزۈككى، ئۇنىڭدا ئاغزاكىي سۆھبەت ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى، توپلىنىلىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر، رەسىملەر، ئائىلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ماتېرىيال مەنبەلىرى تىزىلىشى، پايدىلىنىلىدىغان تارىخ ۋە باشقا ساھەگە ئائىت كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ ئىسمى، ئاپتور ۋە نەشر قىلىنغان ۋاقتىقىچە ئېنىق يېزىلىشى زۆرۈر. يۇقىرىقىلارنى تىزىملىككە تۇرغۇزغاندا، تىزىملىكتىكى ھەربىر تۈرنىڭ ئاستىغا ياكى يېنىغا بوش ئورۇن قويۇپ، شۇ ھەقتە ئىزدەنگەن، پايدىلانغان، ئىزدەپ تاپقان... ئورۇن ۋە ۋاقتىنى خاتىرىلەشكە ئىشلىتىش كېرەك.

ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال مەنبەلىرىنى بىرقانچە چوڭ تۈرگە ئايرىۋالغان ياخشى. مەسىلەن:

1. ئاغزاكىي سۆھبەتلەر؛

2. ئائىلىدە ساقلانغان ھۆججەت ۋە ماتېرىياللار؛

3. ماددىي بويۇملار؛

4. رەسىم ۋە ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرى؛

5. ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى؛

6. ئىلگىرى نەشر قىلىنغان پايدىلانمىلار؛

يۇقىرىقى ھەربىر تۈرنىڭ ئاستىغا يەنە ئۇلارنى يەنمۇ كىچىك تۈرلەرگە ئايرىپ، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تىزىش كېرەك. مەسىلەن، «ئىلگىرى نەشر قىلىنغان پايدىلانمىلار» نىڭ ئاستىغا ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئالاقىدار نەسەب خاتىرىلىرى، يەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرى، ئومۇمىي تارىخ (مىللەت تارىخى ياكى دۆلەت تارىخى)، گېزىتلەر، ژۇرناللار ۋە خەرىتىلەر دېگەن كىچىك تۈرلەرنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ. ھەربىر كىچىك تۈرنىڭ ئىچىگە تىزىلىدىغان مەنبەلەرنى شۇلارنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ياكى ئىشلىتىلىدىغان ئورنىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

بىر جەمەتنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى نوقۇل ئىزدەپ تېپىلغان ماتېرىياللارغا تاينىپلا يورۇتۇپ بېرىش قىيىنراق. ھەربىر ئائىلە مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە مەۋجۇد بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى بويىچە داۋاملىشىدىغانلىقى، ئۆزى مەۋجۇد بولغان جەمئىيەتتىكى تارىخىي-رېئال شارائىتنىڭ تەسىرىگە زور دەرىجىدە ئۇچرايدىغانلىقى سەۋەبىدىن، مەلۇم دەۋردىكى ئەجدادلارغا ئائىت ئەھۋاللارنى شۇلار ياشىغان رايون ياكى جەمئىيەتكە ئائىت يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا تېخىمۇ ئېنىقراق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، جەمەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەشۇلارغا ئائىت يەرلىك تارىخنىمۇ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىر كىشى جەمەتىنىڭ تارىخى ئۇستىدە ئىزدەنگەندە ئالدى بىلەن مەلۇم بىر شەخس ياكى ئائىلىنى تاللىۋېلىشى كېرەك. بىر جەمەتنىڭ نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، جەمەتكە تەئەللۇق ھەممە تارماق ئائىلىلەر ياكى شەخسلەر ئۈستىدە بىرلا ۋاقىتتا ئىزدىنىش قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىشنىڭ بېشىدا ئەمەلىي نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نۆۋەتتىنى جەمەت ئىچىدىكى مەلۇم ئائىلە (كۆپىنچە نەسەبنامە يازغۇچىنىڭ ئائىلىسى)، شەخس، ئەر - خوتۇن ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ شەخس زادى كىم بولۇشى كېرەك؟ نەسەبنامە يېزىشتا ئىشنى نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاش لازىم. بۇنىڭدا كىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئورنى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاشتىن باشلىسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ توي قىلغان ۋاقتى، شۇ چاغدىكى يېشى (گەرچە بەزى كىشىلەر ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىسىمۇ)، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، ئاندىن شۇ تەرتىپتە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، ... ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاش لازىم.

ئەجدادلىرى ھەققىدە ئۇچۇرلارنى قازماقچى، ئۇلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى توپلىماقچى بولغان كىشىگە لازىم بولىدىغان قورallar تولىمۇ ئاددىيدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قاتار قورال-سايمان —— گۈرجەك، ھەرە، ھارۋا ياكى ئات لازىم بولمايدۇ. دەسلەپتە پەقەت بىر قەلەم (ياكى قېرىنداش)، بىر

دەپتەر (ۋاراقلىرى ئاجرايدىغان بولسا تېخى ياخشى) ياكى كارتوچكا بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

جەمەت تارىخىنى يېزىپ چىقىشتا زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارنىڭ دائىرىسى بەك كەڭدۇر. شۇنداقتىمۇ دەسلەپتىلا جەمەت تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال مەنبەلىرىنى ئېنىقلىۋېلىش، قانداق ماتېرىياللارنى توپلاشنىڭ لازىملىقى ھەم ئۇلارنى قەيەردىن قانداق تېپىپ توپلاشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بىلىش كېرەك. توپلاشقا تېگىشلىك بولغان جەمەت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى چوڭ جەھەتتىن ئائىلە ئىچىدىكى ياكى جەمەتكە تەۋە ھەر قايسى تارماق ئائىلىلەردىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى ۋە ئائىلە سىرتىدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرىمىز.

### 1. ئائىلىدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى

جەمەت تارىخىغا ئائىت زۆرۈر ماتېرىياللارنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەسى ئائىلە (يەنى بىر جەمەتكە تەۋە بارلىق تارماق ئائىلىلەر) دۇر. ئۇنداقتا ئائىلىدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۆيدە ساقلىنىپ قالغان ئەجدادلار تارىخى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆزىگە يوشۇرغان ماتېرىيال مەنبەلىرى پاكىز تىزىلغان، رەتلەپ ساقلانغان بولماستىن، ئۇلار ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدە، بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا تاشلاپ قويۇلغان ياكى ساقلاپ قويۇلغان بولىدۇ. ئۆيدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرىنى مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىپ تىزىپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

| **يازما ماتېرىياللار** | **ماددىي بويۇملار** |
| --- | --- |
| خەت-چەكلەر | كىتاب ۋە ژورناللار |
| تېلېگراممىلار | ئويۇنچۇقلار |
| ئاتكىرتكا | چېنىقىش ئەسۋابلىرى |
| كۆندىلىك خاتىرىلەر | قوراللار |
| ھېسابات دەپتىرى | پالتا، پىچاق، قىڭراقلار |
| پۇل تالونلىرى | خاتىرە بويۇملىرى |
| خىزمەت توختاملىرى | خەرىتىلەر |
| بانكا چەكلىرى | تىزىلغۇلار |
| بانكا كارتىلىرى | مۇكاپاتنامىلەر |
| باج تالونلىرى | مېداللار |

سوغۇرتا ھۆججەتلىرى
كىملىك ۋە باشقا سالاھىيەتلەر
شوپۇرلۇق كىنىشكىسى
ۋەسىيەتنامىلەر
ئىلىم-سىتىم ھۆججەتلىرى
پايچەكلەر
مەكتەپكە ئائىت ھۆججەتلەر
مەكتەپ تاپشۇرۇقلىرى
ھەربىي تەرەپتىن بېرىلگەن ھۆججەتلەر
دىئاگنوز قەغەزلىرى
پاسپورت
توي خېتى
تۇغۇلغانلىق گۇۋاھنامىلىرى
سوتقا ئائىت ھۆججەتلەر
تېلفون نومۇرى دەپتىرى
بوۋاقلار كىتابى
نەسەب خاتىرىلىرى
ئەسلىمىلەر
شېئىر ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر
تەكلىپنامىلەر

زىبۇ-زىننەت بويۇملىرى
سائەتلەر
تەڭگە، پۇل ۋە ماركىلار
ساندۇقلار، ئىشكاپلار
قۇلۇپلار
قورال-سايمانلار
كىيىملەر
ئۆي جاھازلىرى
سىلىنچىلار
چاق-چۇق ۋە ساپال بويۇملار
ئەينەكلەر
ساپال بويۇملار
شامدان، چىراق
ئويىملار، ھەيكەللەر
دىنىي بويۇملار
رەسىملەر
سۈرەتلەر
ئالبۇم
ئۆي-ئىمارەت
قەبرىستانلىق

نەسەبشۇناسلار ئۆزىنىڭ ئۆيى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن ئىزدەپ بايقىغان يۇقىرىدىكى تىزىملىكتە كۆرسىتىلگەن يازما ماتېرىياللار ۋە ماددىي بويۇملارنى نومۇر قويۇپ رەتلەپ ساقلىغاندىن باشقا، باشقىلارنىڭ ئۆيىدىكى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بويۇملارنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ رەت نومۇرى تۈرغۈزۈش لازىم. يەنە ھەربىر بويۇم ۋە يازما ماتېرىيالنىڭ تەپسىلاتىنى قىسقىچە خاتىرىلىۋېلىپ، ئاخىرىدا نەسەبنامىدە پايدىلىنىشقا ئاسانلىق يارىتىش كېرەك. جەمەتكە تەۋە ئۆيلەردىن تېپىلغان نەرسە-كېرەك ۋە يازما ماتېرىياللارنى توپلىغاندا، ئۇلارنىڭ راست-يالغانلىقىنى (يەنى ئەجدادلار ئىشلەتكەن نەرسىلەرمۇ ياكى كېيىن تولۇقلاپ قويۇلغان نەرسىلەرمۇ دېگەننى)، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى تەپسىلاتلارنى ئېنىقلاش كېرەك.

يازما ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئائىلىلەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن تېپىلغان ماددىي بويۇملاردىن پايدىلىنىش قىيىنراق بولىدۇ. ئۇلاردىن ئەجدادلارنىڭ ھاياتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى بايقاش ئۇچۇن مۇلاھىزە قىلىش، ئىنچىكە كۆزىتىش زۆرۈر بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبى ۋە تۇمۇش سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى ۋە ھۈنەر-كەسپلىرى، ئۇلارنىڭ خاراكتېر-مىجەز ۋە ھەۋەس-قىزىقىشلىرى، ... ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلارغا ئېرىشىش مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئائىلىدىن تېپىلغان يازما ھۆججەتلەر ئىچىدىن بۇ ھەقتىكى كۆزىتىشكە ياردىمى بولىدىغان خاتىرىلەرنى ئىزدەپ، بۇ ئىككى مەنبەنى بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە تىرىشىش كېرەك. ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئىزدەپ تېپىلغان ماددىي بويۇملار ھەققىدىمۇ سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق، ئۇلار ھەققىدە چوڭقۇرراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشمۇ مۇمكىن. ئۆي-ئىمارەتكە ئوخشاش مۇقىم، نەچچە ئون يىل ئىشلىتىپ كېلىنگەن نەرسىلەرمۇ ئەجدادلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ تۇرىدۇ.

يازما ھۆججەت ۋە ماددىي بويۇملار: نەسەبشۇناس جەمەتىگە تەۋە ئائىلىلەردىن تېپىلغان يازما ماتېرىياللار ۋە ماددىي بويۇملارنى ساقلىغاندا ئۇلارنى ئىشلىتىش شەكلىدە ساقلىماستىن، ئەكسىچە ئەسلىي ھالىتى بىلەن، ئۆز پېتىچە، ئىشلەتمەي ساقلاش لازىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەربىر بويۇم ئۆزىگە خاس سۈپەتتە كونىراپ بارىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاسراپ ساقلىغاندا، ئۇلارنى ئائىلە مىراسى سۈپىتىدە يىراق كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارغىچە مىراس قالدۇرغىلى بولىدۇ.

يازما ھۆججەت ۋە ماددىي بويۇملارنى ساقلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇزېيلارنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ مۇۋاپىق بولمىسا، نەسەبشۇناس ئۆز ئۆيىدىن مەلۇم بوشلۇق يارىتىپ «ئائىلە مۇزېيى» تۈسىدىكى بىرەر ساندۇق ياكى ئىشكاپ،... قاتارلىقلاردا ساقلىسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا يەنە يازما ھۆججەت ۋە ماددىي بويۇملارنى چىرىشتىن، ھۆللۈكتىن، ئاپتاپتىن، قۇرتلاردىن ۋە باشقا زىيانلىق ئامىللاردىن خالىي ھالدا ساقلاشتىن باشقا، ماددىي بويۇملارنى رەسىمگە تارتىپ، يازما ھۆججەتلەرنى نۇسخىلاپ، رەسىم ۋە نۇسخىلانغان ماتېرىياللارنىمۇ ئايرىم ساقلاش كېرەك.

ئائىلىدە ساقلانغان رەسىملەر (سۈرەتلەر): «بىر پارچە رەسىم مىڭ ئېغىز گەپتىن ئەۋزەلدۇر». بۇ، بىر پارچە سۈرەت ياكى رەسىمدىن نۇرغۇن ئەھۋالنى بىلگىلى بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، ئەجدادلارنىڭ سۈرەتلىرى ئۇلارنىڭ تارىخىنى يورۇتۇش ۋە يېزىشتا قىممەتلىك ئۇچۇر مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ سۈرەتكە چۈشۈش ئەھۋالى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلاندى. ئەمما سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇش ئىشى 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن كېيىنلا تەدرىجىي ئومۇملاشتى. شۇنداق بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ``سۈرەتكە چۈشسە يامان بولىدۇ`` دېگەن قاراشنىڭ سەۋەبىدىن ياكى باشقا رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 20 - ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىمۇ سۈرىتىنى قالدۇرماي ۋاپات بولۇپ كەتتى. بۇ ئەھۋال تەبىئىيلا شۇ كىشىلەرنىڭ

جەمەتىنىڭ تارىخىنى جانلىق يورۇتۇپ، نەسەبنامىسىنى تولۇقراق يېزىپ چىقىشىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ قالدۇرۇش ئىنتايىن ئاز ساندىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىشى بولۇپ قېلىپ، ھازىرغىچە بۇمۇ ئومۇملاشقىنى يوق.

ئائىلىلەردىن تېپىلغان ماددىي بويۇملار ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىكى ئەجدادلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ سۈرەت-رەسىملىرى بولسا كېرەك. نەسەبشۇناسلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىرىنچى ۋەزىپىسى دەل ئۆز ئائىلىسىدە ساقلىنىپ قالغان بارلىق رەسىم ۋە سۈرەتلەرنى توپلاش بولۇشى لازىم. ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى سۈرەت ۋە رەسىملەرنى ئارىيەتكە ئېلىپ كۆپەيتىۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ رەسىملىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. بۇنىڭدا شۇ رەسىم ۋە سۈرەتلەر ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرىنى ئىشلىتىش كۇپايە قىلىدۇ. خۇددى ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، رەسىم ۋە سۈرەتلەر ئەجدادلارنىڭ جىسمانىي قىياپىتى، تۇرمۇش ئەندىزىسى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى،.. قاتارلىقلاردىن كۆپ مەلۇمات بەرگۈچى مەنبە بولغاچقا، رەسىم ۋە سۈرەتلەردىن ئەجدادلار ھەققىدە ئىمكانقەدەر كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىششكە تىرىشىش، ھەمدە ئۇلارنى ئاخىرىدا يېزىلغۇسى نەسەبنامە ئىچىدە ۋە چاپلىما كىتاپتا مۇۋاپىق پايدىلىنىش كېرەك.

<u>ئائىلە كىنولىرى:</u> ئۈن-سىن تېخنىكىلىرىنىڭ كىشلەر تۇرمۇشىدا بارغانسىرى كەڭ قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، 20-ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن بەزى ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ پىشقەدەم ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئۈن لېنتىسىگە ئېلىپ ياكى ئائىلە كىشلىرىنىڭ مەلۇم پەيتلەردىكى ئىش-پائالىيەتلىرىنى سىنغا ئېلىپ، ئۈن-سىن ماتېرىيالى سۈپىتىدە ساقلايدىغان ئەھۋاللار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلدى. رەقەملىك سۈرەتكە تارتىش ۋە سىنغا ئېلىش تېخنىكىسىنىڭ كەڭ ئومۇملىششىقا يۈزلىنىشى، كومپيۇتېرنىڭ بارغانسىرى كۆپ ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىشكە سازاۋەر بولۇشى سەۋەبلىرىدىن، ئائىلىلەردە ئائىلىدىكى كىشلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى، ئاۋازى ۋە ھەرىكەت-پائالىيىتى ئېلىنغان ئۈن-سىن ماتېرىياللىرى

نەسەبشۇناسلىقتا تېخىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇر مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. جەمەت تارىخى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشتە، ئىلگىرىكى ئەجدادلارنىڭ ئۆن ـ سىن ماتېرىياللىرىنىڭ ساقلىنىپ قالمىغانلىقىنى شۇ كىشلەر ياشىغان دەۋرلەرنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ مۇھىمى، كېلەچەكتىكى ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە كۆپرەك ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارغا ئېرىشىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە ياشاۋاتقان كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆن ـ سىن ماتېرىيالى ــــ يەنى «ئائىلە كىنوسى» نى ئىخچام قىلىپ ئىشلەپ، پۇختا ساقلاپ قويغىنى تۈزۈكتۇر.

### 2. ئائىلە سىرتىدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى

ئائىلە سىرتىدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى دېگىنىمىزدە، بۇلار ھەربىر دەۋردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ھەرخىل جەمئىيەت ـ ئويۇشمىلار تەرىپىدىن ئەجدادلار ھەققىدە خاتىرىگە ئېلىنغان، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ساقلانغان ۋە ياكى ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن تۈرلۈك ھۆججەت ـ ئىسپات ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىدۇ. جەمەت دائىرىسىدىن تېپىلغان ھۆججەت ـ ماتېرىياللار ئاساسىدىلا نەسەبنامە يېزىپ چىقىش يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن «ئائىلە سىرتىدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ماتېرىياللارنىمۇ ئىمكانقەدەر كۆپ قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. ئۇنداقتا ئائىلە سىرتىدىكى ماتېرىيال نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

1. تۇغۇلۇش، نىكاھلىنىش ۋە ئۆلۈمگە ئائىت ھۆججەت ـ ئىسپاتلار؛
2. يەر، ئۆي ـ مۈلۈك ھۆججەتلىرى؛
3. قانۇنىي ھۆججەتلەر؛
4. نوپۇس ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى؛
5. باج تالونلىرى؛
6. ئارمىيىگە ئائىت ھۆججەت ـ ماتېرىياللار؛
7. مەكتەپلەرگە ئائىت ھۆججەت ـ ماتېرىياللار؛
8. سودا ـ سېتىق ۋە ئەمگەك توختاملىرى؛
9. جەمئىيەت ۋە ئويۇشمىلارغا ئائىت ماتېرىياللار؛

10. يەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرى؛

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللارنى ناۋادا ماددىي شەكىلگە ئىگە ماتېرىياللار دەپ ئېيتساق، ئۇنداقتا جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر ماتېرىيال مەنبەسى ئاغزاكىي ماتېرىياللاردۇر.

جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە دەسلەپتىلا قىزىقىشقا تېگىشلىك مەنبە دەل ئىزدەنگۈچى شەخسنىڭ ئۆز ئەسلىمىلىرى ئىچىدىكى جەمەت تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك ئەسلىمىلەر، ئائىلە ئەزالىرى، جۈملىدىن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەسلىمىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلىدىغان «ئاغزاكىي تارىخ» قاتارلىقلاردۇر. ئاتا-ئانىلار، بوۋا-مومىلار، تاغا ۋە هاممىلار، نەۋرە تۇغقانلار ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى باشقا مەنبەلەردىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان نەسەب ئۇچۇرلىرىنى ساقلىغۇچى كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، يۇقىرىقى كىشىلەر بىلە سۆزلىشىش ئارقىلىق بىر جەمەتنىكى تۆت-بەش بوغۇن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراقتىكى ئەجدادلار ھەققىدە بىر قەدەر تولۇق ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق ئەجداد ئېنىقلاش شەكلى ئاتا-بوۋىلىرى ھەققىدە ھېچبىر يازما تارىخ ياكى ھۆججەت ساقلىنىپ قالمىغان كىشىلەر قوللىنىدىغان بىردىن بىر مۇھىم يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغان «تارىخ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھىرودوت «تارىخ» ناملىق كىتابىدىكى نۇرغۇن بۆلەكنى دەل كىشىلەر ئارىسىدا ئاغزاكىي رەۋىشتە تارقالغان بايانلار ئاساسىدا يېزىپ چىققان. خۇددى شۇنىڭدەك، ھۆججەت-ماتېرىياللارنىڭ يازما ھالەتتە بولۇشى ۋە چىنلىقىنى تەكشۈرۈش قىيىن زامان تارىخ ئىلمىدىمۇ ئاغزاكىي بايانلار ۋە ئىسپاتلار ھېلىھەم ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئاغزاكىي تارىخ (ئەسلىمىلەر ئاساسىدا، ئېغىزدا ئېيتىلىپ ساقلىنىپ كەلگەن ئۆتمۈشتىكى شەخس ۋە ۋاقىئەلەر) گەرچە جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە دەسلەپ قېزىلىدىغان مەنبە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىردىن-بىر مەنبە سۈپىتىدە قارالماسلىقى كېرەك. جەمەت دائىرىسىدىكى

ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئېغىزىدىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللار جەمەتكە تەۋە ئائىلىلەردە ساقلىنىپ قالغان ھۆججەتلەر، ماددىي بويۇملار ۋە باشقا ئىلمىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. بۇ جەرياندا ئېرىشكەن ھەربىر ئۇچۇر ئۆز ئالدىغا كىچىك، ئەرزىمەستەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇلار باشقا ئۇچۇرلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغاندا، قىممىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا، جەمەت تارىخى ئۇستىدىكى ئىزدىنىش چەكسىز بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قانچىلىك قىسمىنىڭ قېزىلىشى ۋە يېزىلىشى ئىزدەنگۈچى شەخسنىڭ پىلانىغا ۋە ئىجتىھادىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئاغزاكىي تارىخ مەنبەلىرىدىن ماتېرىيال ئىگىلەشتە، سۆھبەتلەشىدىغان كىشىلەردىن سورىلىدىغان سوئاللارنى ئېنىقلىۋېلىش خېلى مۇھىمدۇر.

جەمەت تارىخىغا ئائىت ئاغزاكىي ماتېرىياللارنى توپلىغاندا، ئىزدەنگۈچى كىشى جەزمەن جەمەت دائىرىسىدىكى بىر قاتار كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەجداد تارىخىغا ئائىت ئەھۋال ئىگىلىگەندە، ئالدى بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ دائىرىسىنى كەڭرەك بېكىتىپ، بىر تىزىملىك تۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن كىملەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىشىش لازىم. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن، ئاتا ـ ئانىلار، بوۋا ـ موملار (ئەگەر ئۇلار ھايات بولغان بولسا)، تاغا ـ ھامملار، نەۋرە تۇغقانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەجدادلار تارىخى ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلىگەن ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن يىراق يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپ ياشاۋاتقان جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئېغىزىدىن (شۇ يۇرتلارغا بېرىپ سۆزلىشىش ياكى خەت ئالاقىسى ئارقىلىق) ئەھۋال ئىگىلەشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇرتداشلار ئارىسىدىكى جەمەتلەرنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى ۋە باشقا پىشقەدەم كىشىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پاراڭلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەيدىغان كىشىلەرنىڭ دائىرىسىنى چوڭ ياشلىقلار دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويماي، ھەرخىل ياشتىكى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. جەمەت ئىچىدىكى پىشقەدەملەر ئەجداد تارىخى توغرىسىدا ئەڭ كۆپ

نەرسىلەرنى بىلگۈچىلەر بولغاچقا، ئۇلار هايات ۋاقتىدا پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان تارىخنى خاتىرىلىۋېلىشقا بەكرەك ئالدىرىغان تۇرۇۋاتقۇر.

ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن تاللاپ بېكىتىلگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىشتۇر. چۈنكى، بەزى كىشىلەر ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى خالاپ سۆزلەپ بەرگىنى بىلەن، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر بەلكىم شۇ كىشىلەرنىڭ ئاددىي ئادەملەر سۈپىتىدە ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرى ھەققىدە تارىخ سۆزلەشنى ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولسۇن، ئىزدەنگۈچى كىشى بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ ئۆزگە ۋە جەمەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا تولىمۇ پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىناق كەيپىيات ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىراقتىكى ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن ئەھۋال ئىگىلەشتە، ئۇ يۇرتلارغا بارالمىغان ئەھۋالدا، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مۇددىئا-مەقسەدلەرنى ئوخشاشلا چۈشەندۈرۈپ، ئاغزاكىي سوئاللارنى سوراش ياكى ئۇلارغا سوئاللار تىزىملىكى (شۇنداقلا ئائىلە گۇرۇپپىسى جەدۋىلى ۋە شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى جەدۋىلى) نى ئەۋەتىش يولى بىلەن ئەھۋال ئىگىلەشكە بولىدۇ.

ئاغزاكى يوسۇندا ساقلىنىپ قالغان جەمەت تارىخنى ئىگىلەشتە، قايسى خىلدىكى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش لازىملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى سۆھبەتلىششنى ئەجدادلار تارىخىدىكى مەلۇم بىر مەسىلە بويىچە ئېلىپ بېرىش ياكى مەخسۇسلا شەخسلەرنىڭ ھاياتى (تەرجىمىھالى) گە مەركەزلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم بولىدۇ. مەلۇم مەسىلە (يەنى تېما) بويىچە سۆھبەتلىششنى جەمەتنىڭ ئەنئەنىسى، جەمەتتىكىلەرنىڭ مەخپىيىتى، جەمەتنىڭ مىللەت تەركىبى جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ياكى ئۆزگىرىشنىڭ جەمەتنىڭ قۇرۇلمىسىدا ياكى ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇشىدا پەيدا قىلغان تەسىرى،...

دېگەندەك خاس مەزمۇنلار بويىچە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن. ئەجدادلارنىڭ ھاياتى (تەرجىمەھالى) غا ئائىت سۆھبەتتە بولسا ھەربىر شەخسنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتلىرى (ئومۇمەن شەخسكە ئالاقىدار ھەممە تەرەپلەر) نى ئېنىقلاش مەقسەد قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى ئىككى خىل مەزمۇننى بىرلەشتۈرۈپ، سۆھبەت جەريانىدا ئۇچۇر توپلاشقىمۇ بولىدۇ.

جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر يەنە ئۆزلىرى تاللىۋالغان كىشىلەر بىلەن پاراڭلىششتا ئىشلىتىدىغان سۆھبەت ئۇسۇلىنىڭ رەسمىي سۆھبەت ۋە بىرەسمىي سۆھبەت بولۇشىنى ئېنىقلىۋېلىشى زۆرۈر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان رەسمىي سۆھبەت ئالدىن بەلگىلىۋېلىنغان سوئاللار ئاساسىدا سۆھبەتلەشكۈچى كىشى بىلەن تەرتىب بويىچە ئەھۋال ئىگىلەشنى كۆرسەتسە، بىرەسمىي سۆھبەت ئۇسۇلى بېكىتىلگەن كىشى بىلەن ئازادە پاراڭلىشىپ، ئەھۋالغا قاراپ سوئال سوراش، سورىلىدىغان سوئاللارنىڭ تەرتىپىنى جانلىق بېكىتىش ئارقىلىق ئۇچۇر ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئەجدادلار ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلىگەندە بىرەسمىي سۆھبەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش مۇۋاپىقتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سۆھبەتنى بىرەسمىي، ئازادە ئۇسۇلدا باشلاپ، تەدرىجىي رەسمىي يوسۇنغا ئۆتۈشكىمۇ بولىدۇ.

باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەشنى پىلانلىغاندا، ئىزەنگۈچى كىشى ئالدى بىلەن جەمەت تارىخى ۋە ئەجدادلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئۆزى بىلىدىغانلىرىنى جەزىملەشتۈرۈۋېلىشى، ئاندىن سورىلىدىغان سوئاللار ۋە ئېنىقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان تېمىلارنى تەرتىپكە تۇرغۇزىۋېلىشى لازىم. بۇنىڭدا قوللىنىشقا بولىدىغان ئۇسۇل شۇكى، ئالدى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىسمى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى، جۆرىسى ۋە پەرزەنتلىرى، باشقا ئائىلىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى،... غا ئوخشاش ھالقىلىق ئەمما ئاددىي تېمىلار بويىچە سوئال سوراش، ئاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا مۇرەككەپرەك تېمىلار، يەنى جەمەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئەنئەنىسى، كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتلىرى،... گە ئوخشاش ئىشلارغا چېتىلىدىغان سوئاللارنى سوراشتۇر.

سوئال سوراش جەريانىدا يەنە سوئاللارنىڭ مەنتىقىي تەرتىپىگە دىققەت قىلىش، تاغدىن-باغدىن سورىماسلىق، سوئال ۋە جاۋابلارنىڭ تەرتىپ بويىچە چوڭقۇرلىششىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۆھبەت جەريانىدا ئىشلىتىدىغان سۆز-جۈملىلەر جەھەتتە، نەسەبشۇناس قىسقا ۋە ئېنىق سوئاللارنى سورىشى، ھېسسىي تۈسى كۈچلۈك سۆز ئىبارىلەرنى، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە خاھىشى سىڭگەن سۆزلەرنى، سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان جۈملىلەرنى ئىشلەتمەسلىكى زۆرۈر.

كىشىلەر بىلە سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئىگىلىگەندە، ئۇلارنىڭ كۆپ تارىخنى ئەسلىيەلىشى ۋە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى تەمىنلەپ بېرىشى ئۈچۈن، يەنە نەسەبشۇناس ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئويغىتىشقا ياردىمى بولىدىغان بويۇملار، مەسىلەن، كونا رەسىم، ئەجدادلار ئىشلەتكەن ئەسۋاب-جابدۇقلار،... نى سۆھبەت جەريانىدا ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويۇشمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

جەمەتتىكى پىشقەدەملەر ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئەڭ ئۈنۈملۈك پاراڭلىشىش، كۆزلەنگەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇللاردىن سىرت، يەنە ئۇچۇرلارنىڭ لوگىكىلىق تەرتىپى ۋە مەزمۇنىنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن، سوئال سوراش جەريانىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى ئېنىقلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر.

1. جەمەت تارىخىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ تەرتىپى؛
2. ھەربىر ۋەقە جەريانىدا شەخسلەرنىڭ ئوينىغان رولى ۋە قاتنىشىش ئەھۋالى؛
3. مەلۇم ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىكى شەرت-شارائىتلار؛
4. جەمەت توغرىسىدا ئېيتىلغان ئومۇمىي خاراكتېرلىك بايانلارنىڭ كونكرېت مىساللىرى؛
5. تۇتۇق ئىبارە، ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇملارنىڭ مەنىسى ۋە ئىزاھى؛
6. بايان قىلىنغان مەلۇم ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرى؛
7. سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ مەلۇم ئەھۋالغا قارىتا پوزىتسىيە ۋە پىكىردە بولۇشىنىڭ

سەۋەبلىرى؛

8. ئەجدادلارنىڭ مەلۇم ئىش ياكى نەرسىگە نىسبەتەن پوزىتسىيە ۋە كۆز-قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشىنىڭ سەۋەبلىرى؛

9. سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ بايانلىرى ئىچىدىكى بىر-بىرىگە زىت ياكى بىر-بىرىگە ماسلاشمىغان تەركىبلەر؛

10. شەخسنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى بىلەن باشقا ماتېرىيال مەنبەلىرىدىكى بايانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىقلار؛

دېمەك، سوئال سوراپ ئەھۋال ئىگىلىگەندە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن نۇقتىلار بويىچە سۆھبەت مەزمۇنىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە تولۇقلاپ مېڭىش — يېزىلغۇسى نەسەبنامىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىمدۇر.

كىشىلەر سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنى خاتىرىلىۋېلىشتا ۋە ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىشتا بولىدۇ. خاتىرىلىگەندە دەسلەپتە تەييارلانغان سوئاللار تىزىملىكىدىكى سوئاللارنىڭ ئاستىغا بېرىلگەن مۇناسىپ جاۋابلارنى يېزىش ياكى ئايرىم خاتىرىگە يېزىشقا بولىدۇ. شارائىت يار بەرگەندە، سۆزلەپ بېرىلگەنلەرنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، كېيىن ئۇنى بىر-بىرلەپ خاتىرىلەپ چىقىش تېخىمۇ ياخشىدۇر.

قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، نەسەبشۇناس يۇقىرىدا ئېيتىلغان يوللار ئارقىلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەجدادلىرى ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلىگەندە، ئۇلار سۆزلەپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئۆز پېتى ساقلىۋېلىپ نەسەبنامىگە كىرگۈزۈپ قويماستىن، يۇقىرىدىكى يوللارنى تەكرار بېسىپ ئۆتۈشى (يەنى، سۆھبەت ئارقىلىق ئىگىلەنگەن ماتېرىياللارنى جەمەتتىكى ھالقىلىق شەخسلەرگە ئوقۇپ بېرىپ، شۇلار ياردىمىدە كەم قالغان ۋە خاتا بولۇپ قالغان تەپسىلاتلارنى بايقىغاندىن كېيىن، تولۇقلىما سۆھبەت ئېلىپ بېرىشى)، تېخىمۇ مۇھىمى سۆزلەپ بېرىلگەن ۋەقە، ھادىسە ۋە ئەھۋاللارنى ئانالىز قىلىپ، باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق تولۇقلىشى،

تەھقىقلىشى، يەكۈنلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىشى لازىم. شۇڭا ئېيتىشقا بولىدۇكى، نەسەبشۇناسنىڭ ۋەزىپىسى تەييار ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى خاتىرىلەش، كۆچۈرۈش ۋە تەرتىپكە كىرگۈزۈپ تىزىپ قويۇشلا بولماستىن، مۇھىمى ئەجدادلىرىغا ئائىت ھەربىر يەككە ئۇچۇر، ماتېرىيال ۋە بويۇملاردىن ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى ۋە ھايات مۇساپىسىنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر نەزەرگە ئىگە بولۇش، تەرتىپسىز ماتېرىياللار ئىچىدىن جەمەت تارىخىغا ئەڭ لايىق كېلىدىغانلىرىنى تاللىۋېلىپ، ھادىسە، يىلنامە ۋە ۋەقەلەرنى ئالاقدار بىلىملەر ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇش، مەلۇم بۆلەكلەرنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش، ھادىسە ئىچىدىن ماھىيەتنى ئاشكارە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

ھەربىر نەسەبشۇناس ئۆزى جۇغلىغان ماتېرىيال ۋە بويۇملار، جۈملىدىن سۆھبەت ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلار، خەت-چەك ۋە ھۆججەتلەر، رەسىم-سۈرەتلەر، ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلگەن ھۆججەت-ئىسپاتلار ھەمدە جەمەتنىڭ تەۋەررۈكلىرىنى ياخشى ساقلىشى لازىم. جەمەت تارىخىنىڭ ئۇلتاشلىرى ھېسابلىنىدىغان مەزكۇر نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى بىلىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ نەرسىلەر بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىش ئىزدىنىشنىڭ يېڭى پۇرسەتلىرى بىلەن تەمىنلەنگەندىن باشقا، كېيىنكىلەرنى شۇ ساھەدە تەكرار ئەمگەك قىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

جەمەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئېرىشكەن ماتېرىيال ۋە ماددىي بويۇملار ئۆز نۆۋىتىدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇشقا ئەرزىيدىغان قىممەتلىك بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىملەر ئىچىدە ئۇنتۇپ كېتىلىدىغان ئەجداد تارىخىنى ماددىي ۋە يازما شەكىلدە ساقلاپ قېلىشتا، ئەجدادلارنىڭ ھاياتى بېشىدىن ئاخىرىغىچە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە جەمەت تارىخىدىكى مەلۇم مەسىلە (تېمىلار) بويىچە مۇلاھىزە قىلىشقىمۇ، نەسەبشۇناس ئۆزىنىڭ مەلۇم شەخسلەر ياكى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى پىكرىنى، ئارقا كۆرۈنۈشكە ئائىت بايانلىرىنى ۋە تارىخي جەھەتتىكى تەھلىل-مۇلاھىزىلىرىنى قىستۇرۇشقىمۇ

بولىدۇ.

ماتېرىيال مەنبەلىرىنى رەسمىي قېزىشقا باشلاشتىن بۇرۇن، تېپىلغان ۋە ئېرىشىلگەن ئۇچۇرلارنى قانداق خاتىرىلىۋېلىش ۋە رەتلەشنى بەلگىلىۋېلىش كېرەك. ئادەتتە، تەتقىقات داۋامىدا ئېرىشىلگەن ئۇچۇرلار ھۆججەت كارتىسىغا خاتىرىلىنىدۇ. كارتىلار رەتلەشكە قولايلىق بولۇپ، مۇئەييەن تۈر بويىچە تۈپلانغاندىن سىرت، ئۇلارغا يەنە شۇ ئۇچۇرنىڭ كېلىش مەنبەسى (مەسىلەن، ئاغزاكىي سۆھبەت داۋامىدا ئەجدادلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن كىشىنىڭ سالاھىيتى ۋە خاتىرلەنگەن ۋاقىتلار، مەلۇم ئۇچۇر ئېلىنغان يازما ماتېرىياللارنىڭ نەشر ۋاقتى، تارقاتقان ئورۇن ياكى ئاپتورى، بەت نومۇرى،... قاتارلىقلار) ئىزاھلىنىشى لازىم. ناۋادا بىرقانچە كارتىغا ئەينى بىر مەلۇمات خاتىرىلەنگەن بولسا، ئۇنداقتا شۇ كارتىلارغىمۇ رەت نومۇرى سېلىنىشى زۆرۈر.

كارتىلارنى ئىشلىتىپ جەمەت تارىخى ھەققىدىكى ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنى خاتىرىلىۋالغاندا، مۇنداق بىر قانچە ئىشقا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرى، ھەربىر كارتىغا تەرتىپ نومۇرى بېكىتكەندىن سىرت، ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلارنى يازغاندا، كارتىدا مەلۇم بوش ئورۇن تاشلاپ قويۇش كېرەك. بۇ ئىزدەنگۈچى كىشىنىڭ كارتىدا خاتىرلەنگەن ئەھۋالغا قارىتا بەزى چۈشەنچىلىرى، ئىزاھلىرى ۋە پىكىرلىرىنى يېزىشقا پايدىلىقتۇر. يەنە بىرى، ھەربىر كارتىغا پەقەت بىرلا ئۇچۇر خاتىرلىنىشى لازىم. ھەرقايسى كارتىلارنى تۈر بويىچە ئايرىپ نومۇر بەلگىلىگەندىن تاشقىرى، ھەربىر تۈر ئىچىدىمۇ كىچىك تۈرلەرنى تەسىس قىلىپ، كارتىلارنى ئۆز ئورنىغا قويۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ھەربىر كىچىك تۈر ئىچىدىكى كارتىلارنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ياكى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تىزىشقا بولىدۇ.

ئۇچۇر خاتىرلەشنىڭ بىر قانچە خىل شەكلى بار. بەزىدە ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلار ئەينەن (سۆزلەپ بېرىلگەن بويىچە ياكى مەنبە ماتېرىيالدىكى بويىچە) خاتىرلىنىدۇ؛ بەزىدە ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلار ئەسلى ھالىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قىسقىراق خاتىرىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشىگە ئائىت تارىخىي ئەھۋاللار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ خاتىرىلەنسە بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل خاتىرە قالدۇرۇش شەكلىدىن سىرت، يەنە ئىزدەنگۈچى كىشى ئۆزى ئىگىلىگەن جەمەت تارىخىغا ئائىت ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆزىگە خاس بەزى خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ.

ماتېرىيال ئاختۇرۇش داۋامىدا تېپىلغان يازما ـ باسما ھۆججەت ماتېرىياللىرىنى يەنە مۇۋاپىق نۇسخىلىۋېلىشنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. نۇرغۇن ماتېرىياللارنىڭ ھەممە قىسمىنىلا نۇسخىلاپ كۆپەيتىۋېلىش زۆرۈر بولۇشى ناتايىن. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ لازىملىق بۆلىكىنىلا نۇسخىلاپ كۆپەيتىۋېلىش كۇپايە قىلىدۇ.

جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىپ چىقىشقا سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت ۋە زېھنىنىڭ كۆپ قىسمى دەل لازىملىق ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ تېپىش ھەم خاتىرىلەشكە سەرپ بولىدۇ. شۇڭا، جەمەت نەسەبنامىسىنى ئىمكانقەدەر تولۇق يېزىپ چىقىش، ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىشقا قولاي بولۇشى ئۈچۈن، جەمەت تارىخىغا ئائىت ئىگىلەنگەن ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنى ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تولۇق، سىستېمىلىق خاتىرىلىۋېلىش تولىمۇ زۆرۈر.

ھەربىر كىشى ئەجدادلىرى ھەققىدىكى ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى توپلاپ ساقلاشقا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى، كەچۈرمىشى ۋە باشقا ئەھۋاللارغا ئائىت خاتىرىلەرنىمۇ ساقلاپ قويۇشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭمۇ نەچچە ئون يىل، ھەتتا نەچچە يۈز يىللاردىن كېيىن ئۆزلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن، ھەربىر كىشى ئۆز ھاياتىغا ئائىت ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى ھۆججەتلەشتۈرۈپ ساقلاش، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭى خاتىرىلەرنى ھۆججەتكە قىستۇرۇپ مېڭىشى زۆرۈر. خۇددى شۇنىڭدەك ھەربىر ئائىلىدە ھەربىر كىشى (ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنت) كە ئائىت خاتىرىلەرنى ئايرىپ، ھەربىرىگە ئائىت خاتىرىلەر ۋە نەرسىلەرنى خۇددى ئەجدادلارغا ئائىت خاتىرىلەرنى تۈرگە ئايرىپ ساقلىغاندەك تولۇقلاپ مېڭىشى ۋە ساقلىشى زۆرۈر. ئەلۋەتتە، ھازىرقى

دەۋردە ھەربىر كىشىگە ئائىت ھۆججەت ۋە ماتېرىياللار ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدا ساقلىنىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنى كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلار پايدىلىنالامدۇ-يوق؟ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئائىلىلەردە ھەربىر كىشىگە ئائىت خۇسۇسىي ئارخىپ تۇرغۇزۇلغاندىن تاشقىرى، شەخسلەرگە ئائىت ئىنتايىن كۆپ يازما ھۆججەت، رەسىم ۋە تەئەللۇقاتلار ئىچىدىن ۋەكىللىكلىرىنى تاللاپ رەسمگە تارتىش، نۇسخىلاش،.. قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ياخشى ساقلاش كېرەك.

ئەجدادلارغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش نەسەبشۇناسلار ۋە كەسىبىي تارىخچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان نەرسىلەر جۈملىسىدىندۇر. ئىلگىرىكى خاتىرىلەرنى قانداق توپلاش ۋە ساقلاش ئۇلارنىڭ قانداق شەكىلدە ئىشلىتىلىشىگە چېتىلىدىغان ئىش بولۇپ، نەسەبنامە يېزىشقا كېرەكلىك بولغان ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى دەسلەپكى قەدەمدە توپلىغاندا، ئۇلارنى ھەر خىل مەنبەلەردىن ئىزدەشكە بولىدۇ.

ئەگەر ئىزدەشنى بىلسە، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئائىلىلىرى جەمەت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن ئائىلىلەردە جەمەت ياكى ئائىلىگە ئائىت تارىخ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەلبىدە ئەسلىمە شەكلىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ، پىشقەدەم ئەجدادلارنىڭ ئەسلىمىسىدە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ كەچمىش ۋە قىلمىشلىرىغا ئائىت نۇرغۇن ھېكايىلەر ساقلانغان بولىدۇ. ناۋادا بۇنداق خاتىرىلەر ۋاقتىدا توپلىۋېلىنمىسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئەشۇ كىشىلەرنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن مەڭگۈلۈككە يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا جەمەتتىكى پىشقەدەم كىشىلەر بىلەن ئىمكانقەدەر تېزراق كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئەجدادلارغا ئائىت ئۇچۇرلارنى يىغىۋېلىشقا تىرىشىش كېرەك. ئۇلار تەمىنلەپ بەرگەن ھالقىلىق يىپ ئۇچلىرى كېيىنكى تەتقىقاتلاردا كۆپ پايدىلىقتۇر. بىر ئائىلىدە ساقلىنىپ قالغان ئىلگىرىگە تەۋە بىرەر ۋاراق خەت، بىرەر سوۋغات بويۇمى، ئاتا - بوۋىلار ئىشلەتكەن بىرەر ئەسۋاب، ... لارنى ئەجدادلارغا ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن دېرەك بەرگۈچى يىپ ئۇچى دەپ بىلىش مۇمكىن.

ئاخىرىدا بىز جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك 17 نۇقتىنى قوشۇمچە سۈپىتىدە تىلغا ئالىمىز.

(1) ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ جەمەتكە تەۋە كىشىلەرگە دائىر ئەھۋاللارنى تۈرگە ئايرىپ خاتىرىلەپ قويۇش زۆرۈر. مەسىلەن، جەمەتتىكى ھەر بىر تارماق ئائىلىلەردە ئەزالار تۇغۇلغان، ئۆلارنىڭ ھەر خىل مۇراسىملىرى (ئات قويۇش مۇراسىمى دېگەندەك) ئۆتكۈزۈلگەن ۋە توي قىلغان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن خاس خاتىرە تۇتۇپ، كېيىن رەسمىي نەسەبنامە يېزىش ۋاقتىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى خاتىرىلەپ قويۇش لازىم. ھەر يىلنىڭ ئاخىرىدا ھەر بىر ئائىلە ئائىلە ئەزالىرى (بولۇپمۇ ئەر جىنىسلىق ئائىلە ئەزالىرى) نىڭ ئەھۋالىنى جەمەتتىكى نەسەبنامە يازغۇچى ياكى داۋاملاشتۇرۇپ يازغۇچى كىشىگە مەلۇم قىلىشى، جۈملىدىن توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ھەم شۇلارغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى نەسەبنامە يېزىشنىڭ ئاساسلىرى سۈپىتىدە مەلۇم قىلىشى زۆرۈر.

(2) ئادەتتە ھەر بىر تارماق ئائىلە ئايرىم خاتىرە تۇتۇپ، جەمەتتىكى نەسەبنامە يازغۇچىغا ۋاقتىدا يوللىشى كېرەك. ئادەتتە جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى شۇ شەخسلەر تەۋە بولغان تارماق ئائىلىلەر مۇستەقىل خاتىرىلىشى ۋە ئىگىلىشى، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم دەپ قارالغان ئەھۋاللىرىنى ئائىلىنىڭ چوڭلىرىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇشى لازىم. مەسىلەن، بىر ئائىلىدە بىرەر پەرزەنت دۇنياغا كەلگەن بولسا، شۇ پەرزەنتنىڭ قايسى ئائىلىگە تەۋەلىكى، ئاتا - ئانىسى، پەرزەنتلەر ئىچىدىكى رەت تەرتىپى، تۇغۇلغان كونكرېت ۋاقتى، ... قاتارلىقلارنى خاتىرىلەپ قويۇشى كېرەك. ھەر بىر تارماق ئائىلىنىڭ چوڭلىرى ھەر يىلى بىر قېتىم شۇ يىلى يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ قويۇشى، جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تېگىشلىكلىرىنى جەدۋەللەشتۈرۈشى، ئاندىن ئۇنى جەمەتتىكى نەسەبنامە يازغۇچى ياكى داۋاملاشتۇرۇپ يازغۇچى كىشىگە تاپشۇرۇشى لازىم.

ھەر بىر تارماق ئائىلە ئۆزلىرىدە يۈز بەرگەن ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا جەمەتتىكى

نەسەبنامە يازغۇچىغا يوللىشى كېرەك. مەسىلەن، مەلۇم ئائىلىدە بىر پەرزەنت تۇغۇلغان بولسا، شۇ شەخسكە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى يوللىشى، مەلۇم شەخس ۋاپات بولغان بولسا، ئۇزۇن ئۆتمەي، شۇ شەخسنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى، يېشى، ھەر بىر چوڭ نەزىرە - چىراغ پائالىيىتىنىڭ تەپسىلاتى ۋە قەبرىسىنىڭ كونكرېت ئورنى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى، توي ئىشلىرىدا ناۋادا كېلىن بولۇپ كىرگۈچى ئايال تەلەب قىلسا، ئۇنىڭ ئەھۋالاتىنى، ياقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكۈچىلەر بار بولسا ئۇلارنىڭمۇ ئالاقىدار ئەھۋالاتىنى خاتىرىلەپ قويۇشى، ۋەياكى جەمەتتىكى نەسەبنامە يېزىشقا مەسئۇل كىشىنىڭ خاتىرىلەپ قويۇشىغا تاپشۇرۇشى كېرەك.

(3) نەسەبنامىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشتا جەمەتتىكى ئەزالارنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن ئائىلە ئۇچۇرلىرى جەدۋىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، يىغىنچاقلاش ۋە خۇلاسىلەش كېرەك. بۇ جەدۋەل مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن: مەلۇم كىشى تەۋە بولغان تارماق ئائىلە، مەلۇم بولغان ئەجدادتىن سانىغاندا قانچىنچى ئەۋلادلىقى، ئىسمى، يېشى، ئولتۇرۇشلۇق كونكرېت جايى، شۇغۇللانغان كەسىپلىرى، لەقىمى، نۆۋەتتە ھايات ياكى ۋاپات بولغانلىقى، پەرزەنتلىرىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى، ... . ئەلۋەتتە، نەسەبنامىنىڭ يېزىلىشىدىكى تەپسىلىيلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن، جەدۋەللەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى كېڭەيتىشكە بولىدۇ.

(4) نەسەبنامىنى تۈزۈشتە ۋە داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشتا، ھەر بىر تارماق ئائىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئالاقىدار نەسەب ماتېرىياللىرىنى يېزىپ تەييارلاپ يوللاپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نەسەبنامە تۈزگۈچى ياكى داۋاملاشتۇرۇپ يازغۇچى ھەر بىر تارماق ئائىلىلەرگە نەسەبنامە يېزىشتا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارغا ئائىت تەپسىلىي تەلەبلەرنى تەمىنلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز مەيلىچە ماتېرىياللارنى يوللاپ قويۇشىدىن، شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ماتېرىيال كەمتۈكلىكىدىن ساقلىنىشى لازىم.

(5) ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئىمكانقەدەر رەسىم ئاپپاراتى، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى تەييارلىۋېلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇرۇق - تۇغقانلار

ئىچىدىكى پىشقەدەملەر ئېيتىپ بەرگەن ئەجداد تارىخىغا ئائىت ھېكايە - رىۋايەتلەرنى ئەينەن توپلىۋالغىلى، ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى ساقلاپ قالغىلى، ئۇلارنىڭ سىياقىدىن مەلۇم بولىدىغان ئۇچۇرلارنى خاتىرىلەپ ئالغىلى بولىدۇ.

(6) ماتېرىيال توپلاۋاتقان مەزگىلدە، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەتلىشىشكە ۋاقىت ئاجرىتىش لازىم. ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلاردىن باشلاپ، بوۋا - موملار، تاغا ۋە ھاممىلار ھەم باشقا يېقىن - يىراق ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەجدادلىرىغا ئائىت مەلۇماتلارنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ماتېرىياللارنى نوقۇل ئادەم ئىسمى ۋە يىلنامىلەر دائىرىسىدە چەكلەپ قويماستىن، نەسەبنامە مەزمۇنىدا كۆرسىتىلگەن بارچە مەزمۇنلار بويىچە قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

(7) نەسەبنامە يېزىشقا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللار ئىچىدە ئاسان قولغان كەلتۈرگىلى بولىدىغان بىر تۈر ـــ نۆۋەتتە ھايات ياشاۋاتقان بالىلارغا ئائىت ماتېرىياللاردۇر. بىز نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى بەزىدە ئەڭ ئاخىرقى بوغۇندىن باشلايدىغانلىقىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتە ھايات تۇرغان ئەۋلادلارغا ئائىت ھۆججەت - ماتېرىياللار بىر قەدەر كۆپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقۇچىلارغىمۇ تونۇش بولىدىغانلىقى سەۋەبلىرىدىن، ئۇلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى دەسلەپتە توپلاشمۇ كۆپ ئۈنۈم بېرىدىغان ئىشتۇر. ئادەتتە ھازىرقى زاماندىكى پەرزەنتلەر تۇغۇلغاندا كۆپىنچىسىگە تىببىي جەھەتتىن تۇغۇلغانلىق ئىسپاتى بېرىلىدۇ، تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ نوپۇسىغا ئېلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى مەكتەپ ۋە باشقا ساھەلەردىكى تۈرلۈك جەدۋەل ھەم ئانكېتلاردا خاتىرىلىنىدۇ، بىر قىسىم ئائىلىلەردە ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىلار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ ھاياتلىق خاتىرىسى بار بولىدۇ، ... . مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇلارغا ئائىت نەسەب ماتېرىياللىرىنى يىغىپ توپلاش بىر قەدەر ئاسان بولىدۇ.

(8) تېپىلغان ھەر قانداق ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلارنى كۆپەيتىپ ساقلاپ قويۇش كېرەك. ماتېرىيال

ئىزدەش باسقۇچىدا تېپىلغان ھەر خىل ماتېرىياللارنى ياخشى رەتلەپ تۈرگە ئايرىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ماتېرىياللار كېيىنكى كۈنلەردە نەسەبنامە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىنكى تۈزىتىشتە ئەسقېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

(9) ئارقا كۆرۈنۈشكە دائىر ئۇچۇرلارنى تەتقىق قىلىش لازىم. نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىكى ئاچقۇچلۇق خىزمەتلەرنىڭ بىرى ـ ئەجدادلارنىڭ ياشىغان يىل دەۋرى ۋە جايلىرىنى بىلىشتۇر. شۇڭا، ئىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەجدادلار ياشىغان ماكان ۋە زامانىنى ئېنىقلاش ئۈستىگە قويۇش كېرەك. ئەجدادلارنىڭ ماكانى مەسىلىسىدە چېگرا ھالقىش، يۇرتتىن يۇرتقا كۆچۈش، ... قاتارلىقلارنى روشەنلەشتۈرۈش كېرەك.

(10) نىشان تۇرغۇزۇۋېلىش كېرەك. نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر ئەجدادلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشت ۋە ۋەقەلەر تىزىلغان قىسقا ۋاقىت جەدۋىلىنى تۈزۈۋېلىپ، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزى ئىلگىرىلەپ جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سوئاللارنى شۇنداقلا تېپىشنى ئارزۇ قىلغان ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارنى ئېنىقلىۋېلىش لازىم.

(11) قايسى خىلدىكى ماتېرىياللارنىڭ كېرەكلىك ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك. نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئىمكانقەدەر توغرا بولغان ھەمدە كېرەكلىك بولغان ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولغان خاتىرىلەرنى تېپىش بىلەن باشلاشنى ئەۋزەل بىلىش لازىم. مۇمكىن بولسا، ئىشنى ئىبتىدائىي ۋە دەسلەپكى يازما ۋە ئاغزاكىي مەنبەلەرنى ئاختۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشتىن باشلاش لازىم.

(12) بۇرۇنقى ئەجدادلار ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى تاپقىلى بولىدىغان ئورۇنلارنى بىلىۋېلىش كېرەك. ئەجدادلار ھەققىدىكى ماتېرىياللار ھەر قايسى كۇتۇپخانىلار، ئارخىپ ئىدارىلىرى، نوپۇس باشقۇرغۇچى ساقچىخانىلار ۋە مەھەللە باشقارمىلىرى، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ئارخىپخانىلار، سوت مەھكىمىلىرى، ... قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىشى مۇمكىن.

(13) ئاتا ـ بوۋىلار ياشىغان جايلار باشقا يەردە بولسا، ئىمكانقەدەر شۇ جايلارغا بېرىپ،

ئەھۋال ئىگىلەش كېرەك. ئۇ ئەھۋال ئەجدادلار ياشىغان جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئائىت ماتېرىياللار بولغان تەقدىردىمۇ.

(14) يېڭىدىن تېپىلغان مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش ھەمدە قىممەت جەھەتتىن باھالاش كېرەك. نەسەب زەنجىرىنى ئېنىقلاشقا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىكى ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ قىممىتىنىڭ بار ـ يوقلىقى، پاكىتلارنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكى، يېتەرلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقى، مەنبەلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىزلىكى قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا يېڭىدىن تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ماتېرىياللار بىلەن مەزمۇن جەھەتتە زىت بولغان جايلىرىنىڭ بار ـ يوقلىقى، ... قاتارلىقلارنى باھالاش ئاساسىدا، ئاندىن پايدىلىنىشنى بېكىتىش كېرەك.

(15) كېلىپ چىققان نەتىجىلەرنى ھۆججەتلەشتۈرۈش ۋە خاتىرىلەش كېرەك. يەنى، ئەجدادلارنىڭ نەسەب زەنجىرى ھەقىدە قولغا كەلتۈرگەن ھەر قانداق بىر نەتىجىنى قەغەزگە خاتىرىلىۋېلىپ ھۆججەت سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇش لازىم. ئەگەر ئىزدىگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمى تېپىلغاندىن كېيىن ئاندىن نىشان بويىچە نەسەبنامە تۈزۈشكە رەسمىي كىرىشىش كېرەك. ناۋادا توپلانغان ماتېرىياللار يېتەرلىك ھېس قىلىنمىسا ياكى نەسەبنامە يازغۇچى ئەجدادلىرىنىڭ نەسەب زەنجىرى ھەققىدىكى بەزى ئۇچۇرلاردىن گۇمانلانسا، ئۇنداقتا داۋاملىق ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشىش كېرەك. شۇنى ئەستە تۇتۇش زۆرۈركى، ئەجدادلىرىنىڭ نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى ماتېرىياللارنى توپلاشنىڭ قىيىنلىقى ياكى بىرەر مۇھىم ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ئىشنى تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك.

(16) نەسەبنامە يازغۇچى كىشى يېڭىدىن تېپىلغان ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى ئۆزىلا كۆرۈپ بېكىتمەستىن، جەمەت ئىچىدىكى نەسەبنامە يېزىش ئىشىغا قىزىققان مۇناسىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ئورتاقلىشىش لازىم.

(17) توپلانغان بارلىق ماتېرىياللارنى، جۇملىدىن سانلىق مەلۇماتلار، يىلنامىلەر، ئادەم ئىسىملىرى، لەقەملەر، سۈرەت ۋە رەسىملەر، خەرىتىلەر ھەم يېزىققا ئېلىنغان باشقا خىلدىكى بارلىق ماتېرىياللارنى تۈر بويىچە رەتلەش كېرەك. ئۇنداقتا بۇ ماتېرىياللارنى قانداق تۈرگە ئايرىيمىز؟ ئىلمىي ئۇسۇل شۇكى، بارچە ماتېرىياللارنى بىر ئەجدادتىن شاخلىنىپ چىققان بارلىق تارماق ئائىلىلەر بويىچە تۈرگە ئايرىش كېرەك. يەنى:

بىرىنچى، دەسلەپكى ئەجدادقا ئالاقىدار بارلىق ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ رەتلەش كېرەك. بۇ بىرىنچى قاتلامدىكى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، دەسلەپكى ئەجدادنىڭ قانچە پەرزەنتى بولغان بولسا، شۇ پەرزەنتلەردىن پەيدا بولغان تارماق ئائىلىلەردىكى ئەزالارغا ئائىت ماتېرىياللارنى شۇنچە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ رەتلەش كېرەك. بۇ ئىككىنچى قاتلامدىكى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەر قايسى پەرزەنتلەردىن پەيدا بولغان تارماق ئائىلىلەرگە ئائىت ماتېرىياللار ئىچىدە يەنە ئۈچىنچى قاتلامدىكى ماتېرىيال، يەنى شۇ پەرزەنتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن شاخلانغان تارماق ئائىلىلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى بىر يەرگە توپلاپ رەتلەش كېرەك.

قالغان ماتېرىياللارنى شۇ تەرتىپتە قاتلامۇ ـ قاتلام رەتلەش لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا، جەمەت ئىچىدىكى ئائىلىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئەۋلاد قاتلىمى ئېنىق بولىدۇ، ماتېرىياللارمۇ ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ ھەم كېيىن نەسەبنامىنى يېزىشقا قولاي بولىدۇ.

جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ نەسەبنامە يازغۇچى كىشى شۇ جەريانلاردا ھەرخىل مەسىلىلەرگە يولۇقۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەر بەزى ئۇقۇملارنى ئېنىق چۈشىنەلمەسلىك، ماتېرىياللارنى تەشكىللەش ۋە ئاخىرقى نەسەبنامىنى يېزىش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بەزى شەخسلەرگە ئائىت ئىگىلەنگەن ئۇچۇر ـ ماتېرىياللار بەك كۆپ بولۇپ، بەزىلەرگە ئائىت ماتېرىياللار بەك ئاز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇ جەرياندا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى — ئىگىلەنگەن ئەھۋال ۋە

ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇش، ماتېرىياللارنى بەك مۇرەككەپ ياكى بەك ئاددىي قىلىۋەتمەي، ئەڭ مۇۋاپىق ھالەتتە پايدىلىنىش مەسىلىسىدۇر. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى بەلكىم ئىزدەنگۈچى كىشى ئۆزى توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا نەسەب خاتىرىسىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى ئوقۇپ بېقىپ، نامۇۋاپىق تەرەپلىرىنى تەكرار يېزىش ۋە تۈزىتىشتۇر. بۇنىڭدا يەنە جەمەتتىكى باشقا كىشىلەرنى ۋە نەسەبشۇناسلىق ئىلمى تەجرىبىسىگە ئىگە كىشىلەرنى يازغانلىرى ئوقۇپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىپ، شۇلارنىڭ پىكرى ئاساسىدا زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى بىر مەسىلە ـ بىر مەزگىل ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى توپلاپ ـ رەتلەپ ھەم ئۇلارنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىزدەنگۈچى بۇ ئىشنى داۋاملىق ئىشلەشكە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ قېلىشىدۇر. بىلىش كېرەككى، جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە نەسەبنامە يېزىش يىپ ـ يىڭنى ئىختىرا يارىتىدىغان ئىش ياكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەس. بەلكى ئۇ جەمەتنىڭ ئۆتمۈشىنى سىستېمىلىق، ئەينەن رەتلەپ يېزىش ئىشىدۇر. بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەندە ھەمدە داۋاملىق ئىزدىنىۋەرگەندە، بۇ جەرياندا پەيدا بولۇپ قالىدىغان مەزكۇر ئۈمىدسىز كەيپىياتنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى مەسىلە ـ ئىزدەنگۈچى كىشىنىڭ ئۆز جەمەتىنى ياكى جەمەتتىكى بىر قىسىم ئائىلىلەرنى بۇنچىلىك ئىزدىنىشكە، دىققەتكە ئەرزىمەيدۇ دەپ قاراپ قېلىشتۇر. بىلىش كېرەككى، نەسەبشۇناسلىقتا ھەربىر ئائىلە ئوخشاشلا قىممەتلىك، ياخشى ئوبيېكت دەپ قارىلىدۇ. باي، ئىجتىمائىي ئورنى ئۈستۈن، مەشھۇر ئادەملەرنى جەمىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن جەمەتلەر ئىزدىنىشكە ئەرزىيدۇ؛ كەمبەغەل ئائىلىلەر ۋە ئۇلاردىكى ئاددى كىشىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ گۇمان قىلىش خاتادۇر. ھەرقانداق ئائىلىنىڭ ۋە جەمەتنىڭ تارىخى ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. كەمبەغەل، ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن ئائىلىلەر ۋە ئۇلاردىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن تېخىمۇ مەنىلىك، قىزىقارلىق ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشاشلا چوڭقۇر ئىزدىنىشكە، خاتىرلەپ قالدۇرۇشقا، نەسەبنامىدە تىگىشلىك ئورۇن بېرىشكە تامامەن ئەرزىيدۇ.

تۆتىنچى مەسىلە ـ ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنىڭ چىنلىقى، ئوبيېكتىپلىقى مەسىلىسىدۇر. ئەجدادلار قالدۇرۇپ قويغان يازما ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن پاراڭلىشىش داۋامىدا ئېرىشكەن ئاغزاكى ئۇچۇرلارنى بىردەك چىن دەپ جەزىملەشتۈرىۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ھەر بىر كىشى ئۆزى ۋە ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغاندا ۋە سەرگۈزەشت بايان قىلغاندا، ئۆزلىرىنى ۋە ئەجدادلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا ئۇچراتقان، ئىگىلىگەن ۋە ئاڭلاپ خاتىرىلىگەن ھەربىر ئۇچۇر ۋە ماتېرىيالغا نىسبەتەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەنقىد روھىغا ئىگە بولۇش ئارقىلىق، چىن نەرسىلەرنى توقۇلمىلاردىن، تارىخىي پاكىتلارنى تەسەۋۋۇرلاردىن ئايرىشقا تىرىشىش لازىم. ئىزدەنگۈچى كىشى توپلانغان ماتېرىياللارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سەۋەبلىك، ئۆزىنىڭ توغرا، ئادىل ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقى، ئەجدادلىرىغا يان بېسىش ھېسسىياتى سەۋەبلىك، يېزىلغۇسى نەسەبنامىنىڭ تارىخىي قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى لازىم.

ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنىڭ چىنلىق، ئوبيېكتىپلىق مەسىلىسىگە ئىزدەنگۈچى كىشى يالغۇز ئۇلارنى توپلاش جەريانىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنى رەتلەش، تۈرگە ئايرىش ۋە ئاخىرىدا شۇلار ئاساسىدا نەسەب خاتىرىسىنى يېزىش جەريانلىرىدىمۇ يولۇقىدۇ. ئەجداد تارىخىدىكى ئۇچۇرلاردىن بىر قىسمى ئىزدەنگۈچى شەخسنى ئەلۋەتتە بىئارام قىلىدۇ. مەسىلەن، ئەجدادلار ئىچىدىكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئاجرىشىش ئەھۋالى، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشى، ھاراقكەشلىكى، روھىي كېسىلى، يولدىن چىققان بىرەر ئەۋلاد، جەمئىيەتكە ماسلاشمىغان رەۋىشتە تۇرمۇش كەچۈرگەن بىرەر كىشى،... قاتارلىقلار ئىزدەنگۈچىدە شۇلار ھەققىدىكى بايانلارنى ئاق قالدۇرۇش ياكى تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىشتەك غەرەزلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئىزدەنگۈچى ناۋادا خۇسۇسىي ھېسسىياتى سەۋەبىدىن ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندىكىدەك ناچار ئەھۋاللارنى يوشۇرىدىكەن، ئۇنداقتا پۈتۈن چىققۇسى نەسەبنامىدە جەمەت تارىخى ھەققىدىكى تولۇقسىز بىر تەسۋىر ئايان بولىدۇ ـ دە، بۇنىڭ كەلگۈسىنى تېخىمۇ ياخشى يارىتىشقا ھېچبىر

پايدىسى بولمىغانلىقى ئۈستىگە، بۇ جەمەت تارىخىنى يېزىشتا زۆرۈر بولىدىغان سەممىيلىك، توغرىلىق ئۆلچەملىرىگىمۇ پۈتۈنلەي خىلاپ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، نەسەبنامىدە شۇنى يازغۇچى شەخسنىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخىغا بولغان بەلگىلىك ھېسياتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بايقىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئادىللىق بولسا نەسەبنامىدىكى ئىنتايىن ئېنىق، ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەت بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، جەمەت تارىخى (يەنى نەسەبنامە) جەمەتىنىڭ شان-شەرىپىگە ھوجۇم قىلىدىغان دەستەك دەپ قارالماسلىقىمۇ ھەم لازىمدۇر.

ماتېرىيال توپلاش باسقۇچىدىكى يەنە بىر مۇھىم خىزمەت ـــ نەسەبنامە يېزىپ چىقىش ۋە ئۇنى كۆپەيتىشكە سەرىپ قىلىنىدىغان مەبلەغنى توپلاش بولسا كېرەك. نەسەبنامىنى يېزىش (ھەتتا نەشر قىلىپ تارقىتىش) قا سەرىپ قىلىنىدىغان مەبلەغ مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن كېلىدۇ: بىرى، جەمەتكە ئورتاق بايلىقلار (مەسىلەن، جەمەت يېرى، جەمەتىنىڭ ئۆي - بىساتلىرى، جەمەتىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن جايلىرى، ...)؛ يەنە بىرى، نەسەبنامە ئىچىگە كىرگۈزۈلىدىغان كىشىلەر تاپشۇرىدىغان ھەق (ئەسكەرتىش: ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بەزى جەمەتلەر نەسەبنامىگە نام - شەرىپى كىرگۈزۈلىدىغان ئەر جىنسلىق ئەزالارنىڭ مەلۇم مىقداردا ھەق تاپشۇرۇشى بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنى ھازىرقى زامان نەسەبنامىلىرىنى يېزىشتىمۇ تەدبىقلاشقا بولىدۇ.)؛ ئۈچىنچى بىرى، جەمەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى كىشىلەر تەمىنلىگەن خىراجەتلەر. گەرچە نەسەبنامە يېزىش ۋە تۈزۈشكە سەرىپ قىلىنىدىغان خىراجەت كۆپ بولمىسىمۇ، ناۋادا خىراجەت كەمچىل بولىدىكەن، ئۇنداقتا پۈتكەن نەسەبنامىنى كۆپەيتىپ ھەر بىر تارماق ئائىلىگە بىردىن بېرىش ۋە ياخشىراق يېزىلغان نەسەبنامىلەرنى نەشر قىلىپ تارقىتىش قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا، نەسەبنامە يېزىشتا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەييارلىقنىمۇ پۇختا قىلىش لازىم.

## 2. نەسەب تەتقىقاتىنى باشلاش ۋە ئېلىپ بېرىش

نەسەب تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ يولى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارا نەسەبشۇناسلىق

ئىلمى ساھەسىدە بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارمۇ بار بولۇپ، بىز جەمەت تارىخى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ئىلمىي ۋە تولۇق بولۇشىدەك زۆرۈرىيەتنى چىقىش قىلىپ، بۇ يەردە نەسەب تەتقىقاتىنىڭ جەريانلىرىنى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرىمىز.

**(1) جەمەت ئىچىدىكى ئەجدادلار ۋە شەخسلەرنى شەجەرىلەشتۈرۈش ۋە ئائىلە ئۈچۈرى جەدۋىلىنى تولدۇرۇش**

جەمەت تارىخى ئۇستىدە ئىزدىنىشنى باشلاشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى شەخس ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى قېزىش ھەمدە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بۇ ھەقتە سۆھبەتلىشىشتۇر. ئىشنىڭ دەسلىپىدىلا ئاللىقانداق تارىخى كىتابلار (مەسىلەن، يەرلىك تارىخ ۋە تەزكىرىلەر) گە، مۇرەككەپ خەرىتىلەرگە مۇراجىئەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

بىزچە، جەمەت تارىخى ئۇستىدە ئىزدىنىشنى باشلايدىغان نۇقتا ھەربىر كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىدۇر. دەسلەپتە پەقەت ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ھايات يولىنى يورۇتۇش ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا شۇنداقلا ئۇلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر (يەنى نەسەبنامە يازغۇچى كىشىنىڭ ھەمشىرە ۋە قېرىنداشلىرى) گە ئۆتكىلى بولىدۇ. ئاتا بىلەن ئانىنىڭ خۇسۇسىي تەرجىمەھالىنى يېزىپ چىقىش دەرۋەقە جەمەت تارىخىغا تەڭداش بولمىسىمۇ، ئەمما جەمەت تارىخىدا ھەربىر شەخسنىڭ خۇسۇسىي تەرجىمەھالى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، جەمەت تارىخىنى ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ھايات يولى ۋە ئۇلارنىڭ تويى قىلىشنى بايان قىلىش بىلەن باشلاش مۇۋاپىق ئۇسۇلدۇر. ئاتا بىلەن ئانا ھەققىدىكى ئىزدىنىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بوۋا ۋە مومىلارغا ئۆتۈش كېرەك. بۇنىڭدا ئاتا جەمەتكە تەۋە بوۋا-موما بىلەن ئانا جەمەتكە تەۋە بوۋا موما ئۇستىدە ئىزدىنىش مۇھىملىق دەرىجىسى جەھەتتە ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە ئىككى بوۋا ۋە ئىككى مومىغا ئائىت تارىخ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى (يەنى «مەن» نىڭ ئۇلۇغ بوۋىلىرى ۋە ئۇلۇغ مومىلىرى) نىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشقا ئۆتۈش كېرەك. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى،

ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئاتا جەمەتتىكى بارلىق بوۋا - مومىلار بىلەن ئانا جەمەتتىكى بارلىق بوۋا - مومىلارنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئېنىقلاپ مېڭىش شەرت ئەمەس. ئەمەلىيەت جەريانىدا كىشىلەر پەقەت ئاتا جەمەتكە تەۋە بوۋىلارنىلا ئېنىقلاش بىلەن كۇپايىلىنىشى مۇمكىن ياكى دائىرىنى كېڭەيتىشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇلاردا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل ئوخشاشتۇر.

ئاتا ۋە ئانا جەمەتكە تەۋە بىۋاستە ئەجدادلارنى ئېنىقلاپ، تارىخنى يورۇتۇش — جەمەت تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق ئىشتۇر. ئەمما ئەشۇ بوۋا ۋە مومىلارنىڭ ھەمشىرە ۋە قېرىنداشلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى (يەنى ئىزدەنگۈچىنىڭ تاغا-ھاممىلىرى ھەم ئۆزى بىلەن نەۋرىداشلىق، ئەۋرىداشلىق، چەۋرىداشلىق،... مۇناسىۋەتتىكى بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلار) ئۈستىدە ئىزدىنىش جەمەت تارىخىدا ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. چۈنكى «جەمەت» ئۇقۇمى بىر كىشىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يانداق تۇغقانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان گەۋدىنى بىلدۈرىدىغان، «جەمەت تارىخى ياكى جەمەت نەسەبنامىسى» قەدىمكى ئېنىقلانغان بىر كىشىدىن شاخلىنىپ كۆپەيگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەجداد-ئەۋلادلىق ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىنى كۆرسەتكەچكە، يانداش ئۇرۇق-تۇغقانلار توغرىسىدا ئىزدىنىش جەمەت تارىخى تەتقىقاتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، يانداش ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بولۇشىدەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقاندا، نەسەب تەتقىقاتىدىكى مۇھىم نۇقتا - ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بولىدۇ.

نەسەبنامە ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغاندا، ئەڭ دەسلەپتىلا ئانا-موما - ئۇلۇغ موما،... ياكى دەسلەپكى ئەجداد ← ئۇنىڭ قىزى ← ئۇنىڭ قىزى ← ئۇنىڭ قىزى...دېگەندەك ئايال ئەجداد زەنجىرى بويىچە ئەجداد ئېنىقلايدىغان ئىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى نەسەبنامە- بىر فامىلە (ياكى بىر لەقەم) لىك كىشىلەرنىڭ تارىخىدۇر. ئاياللار نىكاھلانغاندىن كېيىن ئەر تەرەپ


جەمەتنىڭ فامىلىسى (ياكى لەقىمىنى) قوللىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئېنىقلانغان دەسلەپكى ئەر جىنسلىق ئەجدادىنىڭ نەسل زەنجىرىگە تەۋە بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئەر جىنسلىق ئەجداد ـ ئەۋلاد زەنجىرىنى ئايال جىنسلىق ئەجداد ـ ئەۋلاد زەنجىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانلىق بولماستىن، بەلكى نەسەبنامىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر ئەجداد ـ ئەۋلاد نەسل زەنجىرىنىڭ تارىخى خاتىرىسى ئىكەنلىكىدەك ئەھۋالنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، نەسەبنامىنىڭ قالايمىقان ماتېرىيال دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

بەزىدە مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا بىر جەمەتتىكى بوغۇن سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى، ياكى بايقالغان ئەجدادلارنىڭ بوغۇن سانىغا ئاساسەن جەمەت تارىخىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق ئىكەنلىكى ھەققىدە سۇئاللار قويۇلۇشى مۇمكىن. ئادەتتە بىر ئەسىر (يۈز يىل) ئىچىدە 3 ~ 4 بوغۇن ئادەملەر ياشايدۇ دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنتايىن ئاز ئەھۋالدا بىر ئەسىردە 2 ياكى 5 بوغۇن كىشى ياشىشى مۇمكىن. بىر بوغۇندىن كېيىنكى بوغۇننىڭ تۇغۇلۇشىغىچە بولغان ۋاقىت ئارىلىقى 25 يىلدىن 30 يىلغىچە بولىدۇ، دەپ قارالغاندا، ئۇنداقتا، ئەجدادلىرىنىڭ 350 يىللىق تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقالىغان كىشى ئۆزىنىڭ تەخمىنەن 12 بوغۇن ئەجدادىنى ئاختۇرۇپ تاپالىغان بولىدۇ. ياكى ئەكسىچە، بىر كىشى ئۆزىنىڭ 7بوغۇن ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلەلىگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشى ئەجدادلىرىنىڭ تەخمىنەن 230 يىللىق تارىخىنى بىلەلىگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ توي قىلىش ۋە پەرزەنتلىك بولۇش يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى ھەم يۇقىرىقى ئومۇمىي قائىدىدە ئاز ـ تولا ئۆزگىرىشمۇ يۈز بېرىدۇ.


ئەجدادلىرى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە ئىزدەنمەكچى بولغان كىشىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر قىسىم ئاساسىي سوئاللارغا جاۋاب تېپىشى لازىم. ئەجدادلىرىم كىملەر؟ ئۇلار قەيەردە ۋە قاچان تۇغۇلغان؟ ئۇلار قاچان ۋە قەيەردە ۋاپات بولغان؟ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى قانداق؟ مانا موشۇنىڭدەك ھالقىلىق سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى

تاپقاندا، نەسەبشۇناس شەجەرە سخېمىلىرىنى ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىقى بۆلۈمدە بىز كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرقانچە تۈرلۈك شەجەرە سخېمىلىرىنى تەمىنلىدۇق ھەم ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتتۇق. ئەنە شۇ شەجەرە سخېمىلىرىدىن ئەڭ ئاددىيىراقلىرىنى، جۈملىدىن تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن سخېمىلارنى) ئەجدادلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ۋە ئەجداد-ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلىغان چاغدا ئىشلىتىش ھەممە بايقالغان ئىلگىرىكى ئەجدادلار ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئىسىملىرىنى شەجەرە سخېمىسىدىكى مۇۋاپىق ئورۇنلارغا قويۇش ئارقىلىق، ئابستىراكىت ھالەتتىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان كونكىرت شەكىلگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق سخېمىلارنى ئىشلەتكەندە، نەسەبشۇناس ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى — يەنى ئاتا - ئانا، بوۋا - موملار، ئۇلۇغ بوۋا - ئۇلۇغ موملار،.. نىڭ ئىسىملىرىنى سخېمىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئائىت بەزى سانلىق ئۇچۇرلارنى يېزىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى يېنىغا ياكى ئاستىغا بوش ئورۇن تاشلاپ قويۇشى كېرەك. بۇنىڭدا ئىزدەنگۈچى كىشى (يەنى «مەن») ئۆزىنىڭ ئىسمىنى سخېمىنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى كاتەكچە ئىچىگە (باشقا شەجەرە سخېمىلىرىدا بولسا ئەڭ ئاخىرىقى ئەۋلادنى بىلدۈرىدىغان كاتەكچىگە) يېزىشى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئۈستۈنكى ئىككى كاتەكچىگە، بوۋا-موملىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كاتەكچىلەرگە يېزىشى لازىم. موشۇنداق تەرتىپتە تىزىپ ماڭغاندا 4- ئەجدادقا (يەنى بۈيۈك بوۋا-بۈيۈك موملارغا) بارغاندا، بىر كىشىنىڭ بىۋاستە ئەجدادىنىڭ سانى 30 كىشىگە يېتىدۇ. يەنە ئىككى ئەجداد ئىلگىرى سۈرگەندە بىۋاستە ئەجدادىنىڭ سانى 120 كىشىگە يېتىدۇ. دەسلەپتە مانا موشۇنداق ئەجداد ئىسىملىرىنىلا تەرتىپ بويىچە ئېنىقلاپ ئۇلارنى شەجەرىلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولغان ئەجدادلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئىزدەنگۈچى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. بەلكىم جەمەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەردە ئادەمنى ئەڭ ھاياجانغا سالىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى جەمەت شەجەرىسىنى تىكلەش ۋە ئۇنى كۆرۈش بولسا كېرەك.





بۇنداق ئەھۋالدا، ئىزدەنگۈچى جەمەتنىكى بىۋاستە ئەجدادلىرىدىن باشقا، (``مەن`` گە نىسبەتەن) ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى باشقا كىشىلەرنى سەل مۇرەككەپرەك شەجەرە سىخېمىسى ئارقىلىق تىزىۋالسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا بارلىق تاغىلار ۋە هامىلارنىڭ ئىسمىلىرى ۋە ئالاقىدار تەپسىلاتلار قىسقىچە شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن سىرت، ئەجدادلارنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالىمۇ ئەكس ئەتتۈرىلىدۇ.




يۇقىرىقىلاردىنمۇ مۇرەككەپرەك بولغان شەجەرە سخېمىلىرىنى دەسلەپكى ئەجداد ئېنىقلاش جەريانىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. تۆۋەندىكىسى ياندىش ئۇرۇق-تۇغقانلار شەجەرىسى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلار ئىچىدىكى هەربىر بوغۇندىكى تاغا ۋە هاممىلار، ئۇلارنىڭ جۈرلىرى هەم پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.




ئىزدەنگۈچى كىشى ئەجدادلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يۇقىرىقىدەك شەجەرە سخېمىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئۇ جەمەتىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە كۆلىمىگە ئاساسەن، ماس كېلىدىغان شەجەرە سخېمىسىنى لايىهەلىسە ياكى كەسپىي نەسەبشۇناسلارنى شەجەرە سخېمىسى لايىهەلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شەجەرە سخېمىلىرىغا ئەجدادلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئىسىملىرىنى (شۇنداقلا تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقىتلارنى) ئورۇنلاشتۇرغاندا، هەربىر كىشىگە تەرتىپ نومۇرىنى بەلگىلەپ مېڭىشقىمۇ بولىدۇ. (بۇ كىتابنىڭ «نەسەبنامىگە نومۇر بەلگىلەش سىستېمىسى» ناملىق بۆلىكىدە نەسەبشۇناسلىقتا ئىشلىتىلىدىغان نەسەبنامىدە نومۇر بەلگىلەش

سىستېمىسىنىڭ بىرقانچە خىل شەكلى تونۇشتۇرۇلغان. شۇلارنىڭ مۇۋاپىق دەپ قارالغان بىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ.)

ئەجداد ۋە ياكى ئەۋلاد ئىسىملىرىنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە شەجەرىلەشتۈرگەندە، ھەربىر شەجەرىنىڭ ئاستىغا ياكى يېنىغا شۇ شەجەرە سىخېمىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ۋە پايدىلانغان مەنبەلەرنى يېزىپ مېڭىش لازىم. نەسەبنامە بىرخىل تارىخ، يەنى شەخسنىڭ ياكى جەمەتنىڭ تارىخى بولغاچقا، تارىخنىڭ چىن ۋە ئىلمىي يېزىلىشىدەك تەلەبلەر نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، شەجەرىلەرنى ئەجداد ـ ئەۋلاد ئىسىملىرى بىلەن تولدۇرۇشتا پايدىلانغان ماتېرىيال مەنبەلىرىنى ئەسكەرتىش زۆرۈر.

دەسلەپتە جەمەتكە تەۋە كىشىلەرنى تىزىملاشقا باشلىغان چاغدىلا ئۇلارغا تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەپ بېرىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەر دەرمەھەل ئېنىقلانغان ئەجدادلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەرتىپ نومۇرى بېكىتىپ قويۇلىدىكەن، ئۇنداقتا كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئەجدادلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى بېكىتىلگەن تەرتىپ نومۇرلىرىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، جەمەتكە تەۋە ئائىلىلەرگە ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا ۋاقىتلىق تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەپ تۇرۇشقا بولىدۇ. ئەمما بۇنىمۇ ئاخىر يەنە بىر ـ بىرلەپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ماتېرىيال توپلاش ۋە ئەجدادلارنى ئېنىقلاش جەريانىدا قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنىڭ يەنە بىرى ــ ھەربىر يەككە ئائىلە بىرلىكى بويىچە شەخسلەرنى «ئائىلە گۇرۇپپىلىرى جەدۋىلى» گە ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىشتۇر. «ئائىلە ئۇچۇرلىرى جەدۋىلى» نىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە بىز بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بۆلۈمدە «ئائىلە ئۇچۇرى جەدۋىلى» ناملىق مەۋزۇ ئاستىدا يېتەرلىك توختالغان ئىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز. ئەمما دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، ئائىلە ئۇچۇرلىرى جەدۋىلى بىر جەمەتتە دەسلەپكى ئەجداد سۈپىتىدە بېكىتىلگەن كىشى (دەسلەپكى ئەجداد) دىن تارتىپ نۆۋەتتىكى ئەۋلادلارغىچە بولغان بارلىق كىشىلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ئائىلە بىرلىكى بويىچە خاتىرىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن،

ئائىلە ئۇچۇر جەدۋىلىدە ئەينى بىر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەجەبلەنمەسلىك ۋە زېرىكىش ھېس قىلماسلىق كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەسەبنامىنىڭ تېكىست قىسمى (ئاساسى گەۋدىسى) ئىچىدىكى ھەر بىر يەككە تارماق ئائىلىلەر ھەققىدىكى بايانلار ئارىسىدا ئۇلارغا ئائىت ئۇچۇر جەدۋىلى قىستۇرۇلىدىغان بولغاچقا، مەزكۇر جەدۋەلنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

## (2) كونا نەسەب ماتېرىياللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش

كونا نەسەب ماتېرىياللىرى نەسەبنامىسى يوق جەمەت ياكى ئائىلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا نەسەبنامە تۈزۈشكە زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىدىن بىرىدۇر. ئومۇمەن كۆپىنچە نەسەبنامىلەر بۇرۇندىن قېلىپ قالغان كونا نەسەب خاتىرىلىرى ئاساسىدا تولۇقلىنىپ تۈزۈلىدۇ. كونا نەسەب خاتىرىلىرى بار بولغان جەمەتلەر بۇنداق ماتېرىياللاردىن ياخشى پايدىلىنىشى كېرەك.

## (3) ئىلگىرىكى ھەر خىل يازما ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىش

ئۆتكەن دەۋرلەردىن قېلىپ قالغان بەزى يازما ۋەسىقىلەردە بەزى جەمەتلەرگە تەۋە شەخسلەر ۋە ئەھۋاللار ھەققىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەلۇماتلار ئۇچراپ قالىدۇ. بۇنداق ماتېرىياللار بولۇپمۇ مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىگە كۆپرەك ئالاقىدار بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئابدۇرېھىم نازارىي ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي كەبى مەشھۇر شەخسلەرگە ئائىت تارىخىي، ئەدەبىي ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىشنىڭ ئۈلگىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ يۇقۇرىقى ئۇسۇلغا ئوبدان مىسالدۇر.

## (4) رەسمىي تارىخ، يەرلىك تەزكىرىلەر ۋە باشقا خىلدىكى قولىيازمىلاردىن جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى كۆچۈرۈپ ئېلىش

مەلۇم جەمەتتىكى شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ باشقا شەخس ياكى جەمەتلەر

بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسىگە ئائىت ئەھۋاللار ۋە يېزىشقا خەت ـ چەكلەر مەزكۇر ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇكەممەل نەسەبنامىلەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە بېرىلىدىغان يۇرت تارىخىدىن بايان، جەمەتنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلىرىنىڭ خەرىتىلىك كۆرسەتمىسى، ... قاتارلىقلارنى يېزىشتا تەبىئىي رەۋىشتە يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ھاجەت چۈشىدۇ. شۇڭا، ئۇلاردىن ياخشى پايدىلىنىش زۆرۈر.

### (5) ھۆكۈمەت تىزىمغا ئالغان ھۆججەتلەردىن ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش

جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىكى بىر يول ـ دەل ھۆكۈمەت تەرەپ تىزىمغا ئالغان ۋە تارقاتقان، شەخسلەرنىڭ تۇغۇلغانلىق، توي قىلغانلىق ۋە ۋاپات بولغانلىق گۇۋاھنامىللىرىدۇر. مەزكۇر گۇۋاھنامىلەر ئەجدادلار ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىۋاستە كۆچۈرۈپ، نەسەب خاتىرىسىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

### (6) خەرىتىلەردىن پايدىلىنىش ۋە خەرىتە سىزىش

ئائىلىلەر يەر يۈزىدىكى مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك نۇقتىدا پەيدا بولغان ۋە كېڭىيىپ، ئەزالىرى ئاۋۇغان ھەم شاخلىغان. بەزى جەمەتلەردىكى كىشىلەر ئەسلى يۇرتىدىن باشقا يۇرتلارغا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن كۆچكەن ۋە بارغان يېرىدە يەنە شاخلاپ كۆپەيگەن. دىمەك، نەسەبنامىدە يەر ـ جايلار ۋە شۇلاردا يۈز بەرگەن كۆچۈش ۋە ۋەقە ـ ھادىسىلەر ھەققىدە نوقۇل يازما بايانلارنىلا يېزىپ، شۇ جايلارنىڭ خەرىتىلىرىنى تەمىنلىمەسلىك ـ بىر كەمتۈكلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ خەرىتىسىدە جەمەتنىڭ يۇرتىنى بەلگىلەش، شۇنداقلا شۇ يۇرتىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسى (مەسىلەن، ناھىيە ۋە يېزا خەرىتىسى) دىكى ئورنىنى كۆرسىتىش، كۆچۈش يۆنىلىشلىرىنى ئىپادىلەش، شۇ جەمەتكە تەۋە تارماق ئائىلىلەرنىڭ شۇ رايوندىكى تارقىلىش ئەھۋالىنى خەرىتە شەكلىدە قىستۇرما قىلىش، .... لار، روشەنكى نەسەبنامىلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ ۋە شەكلىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئەجداد تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە دۆلەت،

رايون، ناھىيە، يېزا بىرلىكلىرى بويىچە تۈزۈلگەن خەرىتىلەرنى تەييارلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن نۇقتىلارنى خەرىتىدە قانداق ئىپادىلەشنىڭ، ھەمدە ئاددىي خەرىتە سىزىشنىڭ تېخنىكىلىرىنىمۇ ئىگىلەپ قويۇش زۆرۈر.

### (7) جەمەت ئەزالىرىغا ئائىت تەپسىلاتلارنى بېكىتىپ ئىگىلەش

جەمەت ئەزالىرى تار مەنىدە بىر شەخسنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىنى ۋە قانداش تۇغقانلىرىنى كۆرسەتسە، كەڭ مەنىدە شەخسنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداش ـ ھەمشىرىلىرى، پەرزەنتلىرى، نىكاھ ئارقىلىق باغلانغان باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئەمما، كۆپىنچە ئەھۋالدا جەمەت ئەزالىرى دېيىلگەندە، ئۇ بىر شەخسنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىغا نىكاھ ئارقىلىق باغلانغان باشقا (ئۇرۇقتىن بولغان) شەخسلەر كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. جەمەت تارىخى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ يادروسى دەل جەمەت ئەزالىرىغا ئائىت تارىخنى يورۇتۇشتۇر. بۇ نوقۇل جەمەتتىكى ئەجدادلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرى ۋە تۇغۇلغان ھەم ۋاپات بولغان ۋاقتىنى خاتىرىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن، بەلكى شۇ شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ ئەھۋاللارنى ئېنىقلاپ چىقىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەجدادلار ئۇستىدىكى ئىزدىنىشتە ئەجدادلار ۋە جەمەتتىكى باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ئائىت تەپسىلاتلارنى تولۇق قېزىپ چىقىش مۇھىمدۇر. بۇ تەپسىلاتلار تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن:

ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى (ئەركىلەتمە ئىسىملىرى، ئەسلى ئىسىملىرى ۋە ئۆزگەرتىلگەن ئىسىملىرى)؛

ئۇلارنىڭ لەقەملىرى، تەخەللۇسلىرى ۋە باشقا ھۆرمەت ناملىرى؛

ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئورنى؛

ئۇلارنىڭ ھايات مۇساپىسى، ئاساسلىق ئىش ـ ئىزلىرى؛

ئۇلارنىڭ كەسپلىرى، ھۈنەرلىرى ۋە خىزمەتلىرى؛

ئۇلارنىڭ ھەۋەس ۋە قىزىقىشلىرى؛

ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تۆھپىلىرى؛

ئۇلارنىڭ جىسمانىي ـ ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە خۇلق ـ مىجەزلىرى؛

ئۇلارنىڭ سەلبىي ئىش ـ ئىزلىرى؛

ئۇلار ۋاپات بولغان ۋاقىت ۋە ئورۇن، ۋاپاتىنىڭ سەۋەبى؛

ئۇلارنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنى؛

ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى؛

جۆرىسى (جۆرىلەرنىڭ ئىسىملىرى)؛

پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمىلرى، تۇغۇلغان ياكى بېقىۋېلىنغان ۋاقىتلار؛

ئۆگەي پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسملىرى ۋە بۇ مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان چاغلار؛

ئۆلۈپ كەتكەن پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى، ئورنى ۋە ئۆلۈم سەۋەبى؛

سىياسىي پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا ۋە پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى؛

ھاياتىدا قولغا كەلتۈرگەن بايلىقى ۋە كىرىملىرى؛

ئىگە بولغان يەر ۋە باغ ـ ۋاران؛

كۆچۈش تارىخى؛

يۇقرالىق سالاھىيەت تارىخى؛

يۇقىرىقىلار ھەربىر شەخس ھەققىدە ئېنىقلاپ خاتىرىلەش لازىم بولغان تەرەپلەردۇر. ئەلۋەتتە، جەمەتتىكى شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە ئىشەنچ ـ ئېتىقادلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبى ۋە ھايات مۇساپىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى زور بولىدۇ. مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇشقا تۇتقان تۇپ پوزىتسىيە (خاراكتېر ـ مىجەز شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان مەردلىك، ئاچكۆزلۈك، پىخسىقلىق، زاھىدلىق، ... تەك ئالاھىدىلىكلەر) شەخسلەرنىڭ ھاياتىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، بۇلار ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ، ئالاقىدار

ئۇچۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، نەسەبنامىدىكى ئەجدادلار ھەققىدىكى بايانلارنى بېيىتىشقا بولىدۇ.

### (8) بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش

ئەمدى بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنىڭ ئەجداد سۈرۈشتۈرۈشكە ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز. نەسەبشۇناسلىقتا بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرگە ئائىت ئىككى مەسىلە بار: بىرى بېقىۋېلىنغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئەجدادلىرىنى ئىزدەپ، شۇلارنىڭ تارىخىنى يېزىش؛ يەنە بىرى، بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنى نەسەبنامىدە ۋە شەجەرىدە قانداق بايان قىلىش ياكى ئىپادىلەش.

ناۋادا مەلۇم ئائىلە تەرىپىدىن تۇغۇلغاندىلا بېقىۋېلىنغان ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئەھۋال سىر تۇتۇلغانلىقتىن، ئۆز ئاتا-ئانىسى ۋە ئەجدادلىرى ھەققىدە ھېچنىمە بىلمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئەسلى ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش مەسىلىسى مەۋجۇد بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، باشقىلار تەرىپىدىن بېقىۋېلىنىپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بېقىۋېلىنغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەسلى ئاتا-ئانىسى ۋە ئەجدادلىرى ھەققىدە بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغان كىشىلەر ياكى ئۇ ھەقتە ئىزدىنىشنى خالىمىغان كىشىلەرگىمۇ بۇ ئەھمىيەتسىز، ئارتۇقچە ئىشتۇر. ئەمما، بېقىۋېلىنغۇچى كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنى بېقىۋالغان ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ئارتۇقچە ئىش ھېسابلانمايدۇ. ناۋادا بېقىۋېلىنغان كىشى ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغانلىقىنى بىلسە ھەمدە ئەسلى ئەجدادلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشنى خالىسا، ئۇنداقتا بۇنداق ئىزدىنىشنىڭ ئۇسۇلى باشقىلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما بۇ جەرياندا بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە كۆپرەك تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلار: بېقىۋېلىنغان ۋاقىت، بېقىۋېلىنىشنىڭ سەۋەبى، ئۇ ھەقتىكى ئىسپات-ھۆججەتلەر، بېقىۋېلىنغاندىن كېيىنكى جەرياندا ئەسلى ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداش-ھەمشىرىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەسلى ئائىلىسىدىن مىراس ئېلىش،... قاتارلىقلار.

بېقىۋېلىنغان كىشىلەر ئۆزىنى تۇغقان ئاتا-ئانىسى ۋە ئەجدادلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولسا، ئۇنداقتا بۇنىڭدا ئىككى قەدەم باسقۇچ بار: بىرى، ئەسلى ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاش، يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتىنى تېپىپ، شۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەش. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھەر قايسى جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ئارا بالا بېقىۋېلىش مەسىلىسى كېلىپ چىققاندا، قانۇنىي رەسمىيەتلەر ئارقىلىق ھۆججەت-ئىسپات قالدۇرۇش ئەھۋالى كەم ئۇچرايدۇ. ئەمما ھازىرقى دەۋردە بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت قانۇنلار كۈنسايىن مۇكەممەللەشمەكتە. دېمەك، ئەسلى ئاتا-ئانا ۋە ئەجدادلىرىنى ئاغزاكى تارىختىن پايدىلىنىپ سۈرۈشتۈرمەكچى بولغان كىشى قوللىنىدىغان ئۇسۇل باشقا كىشىلەر قوللىنىدىغان ئۇسۇلدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما يازما ماتېرىياللارنى ئىزدىگەندە بولسا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بېقىۋېلىنىشقا ئائىت بىرەر يازما ئىسپات-ھۆججەتنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش بىلەن بىرگە، تۇغۇلغانلىق ئىسپاتىدىن ۋە بېقىۋالغان جەمەتتىكى بەزى ماتېرىياللار ئىچىدىن ئۆزىنىڭ بېقىۋېلىنىشىغا ۋە ئەسلى ئەجدادىغا ئائىت يىپ ئۇچىنى ئىزدىسە بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىلىرىدا، دوختۇرخانىدىكى تۇغۇت ئارخىپلىرىدىن نۆۋەتتىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ نىكاھلىنىش ئىسپاتلىرى،... قاتارلىقلاردىمۇ پايدىلىق ئۇچۇرلار ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا بېقىۋېلىغۇچى ئاتا-ئانىسى شۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ بېقىۋېلىنىشىغا ئائىت ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرسە، ئۇنداقتا، بىر قاتار ئارتۇق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ-دە، شۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئەسلى ئەجدادلىرىنى ئومۇمىي تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. ئەمما بىلىش كېرەككى، بېقىۋېلىنغۇچى كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئەجدادلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىگە ئالاقىدار كىشىلەر (جۈملىدىن ئۆزى، ھازىرقى ئاتا-ئانىسى ۋە باشقىلار) گە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەرمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغىنى تۈزۈكتۇر.

### (9) جەمەت ئەزالىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئېلىشىغا ئائىت تەپسىلاتلارنى ئېنىقلاش

جەمەتتىكى ئەجددلار ۋە باشقا يانداش ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ كەسىپي، ئىلمي ۋە دىني

تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاشتا مۇنداق نۇقتىلار بويىچە ئىزدىنىشكە بولىدۇ:

جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى؛

ھەربىر شەخس ئالغان تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئەھۋالى؛

ھەربىر شەخس ئۆزى ئۆگەنگەن باشقا ھۈنەر ـ تېخنىكا ۋە بىلىملەر؛

ئۇلار ئىگىلىگەن بىلىم ۋە تېخنىكىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئورنى؛

جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتىكى ۋارىسچانلىق ۋە ئۆزگىرىشى؛

**(10) جەمەتتىكى نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى ئېنىقلاش**

جەمەتتىكى ئەجدادلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاش بۇ باسقۇچتىكى مۇھىم بىر ئىشتۇر. چۈنكى، نىكاھ بولغاچقىلا جەمەتنىڭ يىلتىزى شاخلىيالىغان، جەمەت ئاۋۇپ كۆپىيەلىگەن ھەم مۇرەككەپ قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى شەكىللىنەلىگەن. جەمەتتىكى نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاشتا تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە ئىش كۆرۈشكە بولىدۇ:

ئاتا ـ ئانا ۋەبارلىق بوۋا ـ موملارنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالى؛

ئۇلارنىڭ ئاجرىشىش ۋە قايتا نىكاھلىنىش ئەھۋالى؛

ئۇلارنىڭ توي قىلغان چاغدىكى جۆرە تالالاش شەرتلىرى ۋەباشقا شەرت ـ شارائىتلار؛

ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تۇغۇلغان كونكرت ۋاقتى ۋە ئورنى؛

پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانىدىكى بەزى تەپسىلاتلار (مەسلەن، ئۇلارنى كىملەرنىڭ باققانلىقى، ئىنىك ئانا، باققۇچى،... قاتارلىقلار)؛

شۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەۋقەسى (مەسلەن، ئۇلار مۇتەئەسسىپمىدى ياكى يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلغۇچىلارمىدى،..)؛

ئائىلىلەردە يۈز بەرگەن ئۆلۈم ۋە بەزى پىشكەللىكلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلىلەرگە بەرگەن تەسىرى؛

ئائىلىدىكى ۋارىسلار ۋە ئۇلار ۋارىسلىق قىلغان نەرسىلەر؛

ئائىلىدە يامان ئىش قىلىپ جەمەتنىڭ يۈزىنى تۆككەن شەخسلەرنىڭ ئەھۋالى؛

**(11) جەمەت ئەزالىرىنىڭ دىنىي ئېتقادىغا ئائىت تەپسىلاتلارنى ئېنىقلاش**

جەمەت ئەزالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت تەپسىلاتلار جەمەتنىڭ ئۇدۇم ـ ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتى ھەم تۇرمۇش شەكلىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم بىر تەرەپتۇر. شۇڭا، ئېنىقلاشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئىچىدە ئەلۋەتتە جەمەت ئەزالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت تەپسىلاتلارمۇ بار بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە مۇنداق نۇقتىلادىر بويىچە ئىزدىنىش مۇمكىن:

جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ دىنغا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە دىنىي ئېتىقاد تەۋەلىكى؛

جەمەت ئەزالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر؛

جەمەت ئەزالىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئىشلەش ۋە قۇرۇش خىزمەتلىرى؛

جەمەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىدا شۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا مۇناسىپ رەۋىشتە شەكىللەنگەن نىزام ۋە قائىدىلەر؛

جەمەت ئەزالىرى دىنىي ئېتقادى سەۋەبىدىن يولۇققان ئاۋارىچىلىكلەر؛

**(12) جەمەت ئەزالىرىنىڭ ھەربىيگە قاتنىشىش ئەھۋالىغا ئائىت تەپسىلاتلارنى ئىگىلەش**

قەمەتتىكى ئەجدادلار ئارىسىدا ئىلگىرىكى ۋە نۆۋەتتىكى ھاكىمىيەتلەرگە تەئەللۇق ئارمىيىگە ھەمدە ئىلگىرى يۈز بەرگەن ھەر خىل ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئەھمىيەتلىك بىر نۇقتىدۇر. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە ئىزدىنىشكە بولىدۇ:

(1) جەمەت ئەزالىرى ئارىسىدا كىملەرنىڭ قاچان، قانداق ھەربىي سەپكە قاتناشقانلىقى؛

(2) ئۇلار قاتناشقان ئۇرۇشلار؛

(3) ئۇلار ئېرىشكەن ھەربىي ئۇنۋان ۋە دەرىجىلەر؛

### (13) جەمەتنىڭ مىللەت تەركىبىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلاش

بىرەر جەمەتنىڭ مىللەت تەركىبىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر نەسەبنامىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتىدۇر. بولۇپمۇ بۇ جەمەتىدە باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىش ئەھۋالى يۈز بەرەن شەخسلەر قېزىشقا تېگىشلىك بىر ساھەدۇر. شۇڭا ئەجداد ئىزدىنىشلىرى داۋامىدا جەمەت ئەزالىرىنىڭ باشقا مىللەتكە تەۋە كىشلەر بىلەن نىكاھلىنىش ئەھۋالى ۋە مىللەت تەركىبىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى ھەم ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇ ئەھۋالنى نەسەب خاتىرىسىدە ئېنىق تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### (14) تۇرالغۇ ۋە يۇرتقا ئائىت تەپسىلاتلارنى ئىگىلەش

ئەجدادلارنىڭ تۇرالغۇلىرى ۋە تۇرالغۇلار ئورۇنلاشقان يۇرتلار ھەر قايسى جەمەتلەرنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش يوسۇنى، بايلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ... قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپلىرى بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەجدادلارنىڭ تۇرالغۇلىرىدىن ئۇلار ھەققىدىكى نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى بىلىشكە بولىدۇ. يۇرتلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش بولسا جەمەتنى تېخىمۇ كەڭرەك مەدەنىي، جۇغراپىيىۋىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئۇچۇندۇر. تۇرالغۇ ۋە يۇرتلار ھەققىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە ئىزدىنىپ ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

جەمەت ئەزالىرىنىڭ يۇرتى (ئەسلى يۇرتى ۋە كېيىن كۆچۈپ بارغان ياكى كەلگەن يۇرتى)؛

تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ كونكرېت ئورنى ۋە ئەھۋالى؛

پەرزەنتلەر تويى قىلغاندىن كېيىن تۇرغان جايلارنىڭ ئەھۋالى؛

تۇرالغۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى (يەنى بىرقانچە بوغۇن بىللە تۇرىدىغان چوڭ تۇرالغۇلار ياكى ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنتلىرىلا بىللە ياشايدىغان كىچىك تۇرالغۇلار)؛

ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى بىلەن بىللە بولغان يىراق-يېقىنلىق ئەھۋالى؛

### (15) جەمەتنىڭ كۆچۈش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش

جەمەت تارىخى ئۇستىدە ئىزدىنىشتە ئەجدادلارنىڭ يۇرتلار، رايونلار ۋە دۆلەتلەر ئارا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىنى ئاختۇرۇپ تەتقىق قىلىش مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرىدۇر. كىشىلەر تارىختىن بېرى تۈرلۈك سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ياكى ئىقتىسادىي پۇرسەت ئىزدەپ باشقا يۇرتلارغا ئائىلە بويىچە كۆچكەن ياكى يالغۇز كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەرلەردە ماكانلىشىپ، نىكاھلىنىپ ئاۋۇغان. بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، يېتىپ بارغان يېڭى يۇرتلاردىمۇ مەڭگۈ مۇقىم تۇرۇپ قالماي، يەنە باشقا يۇرتلارغا ئائىلە بويىچە ياكى بىرەر ئەزا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، جەمەت تارىخى تەتقىقاتىدا ئەجدادلارنىڭ كۆچۈش ئەھۋالى ھەققىدە تولۇق ئىزدىنىشكە بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ بويىچە ئىزدىنىشتە يېپ ئۇچى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدىغان نۇقتىلارنى تىزىپ كۆرسىتىمىز:

ئەجدادلاردىن كىملەر قاچان قەيەرگە نېمە سەۋەبتىن كۆچكەن؟

ئۇلار يالغۇز كۆچكەنمۇ ياكى ئائىلە بويىچە كۆچكەنمۇ؟

ئۇلار كىملەر بىلەن بىرلىكتە كۆچكەن؟

ئۇلار كۆچۈش ۋە يېتىپ بارغان يۇرتتا ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا قانداق قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان؟

ئۇلار كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان جاي ئەسلى قانداق ئىدى؟ ئۇلار كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئۇ يەرنى قانداق ئۆزگەرتكەن؟

ئۇلار كۆچۈپ بارغان يېڭى يۇرتىدىن ئەسلى يۇرتىغا قايتقانمۇ-يوق؟

ئۇلار كۆچۈپ بارغان جاينىڭ مىللىي تەركىبى قانداق ئىدى؟

ئۇلار بىرقانچە مەزگىلدىن كېيىن تىلنى ئۇنۇتقانمۇ-يوق؟ (بۇ باشقا مىللەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان جايلارغا كۆچۈپ بارغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.)

ئۇلار كۆچۈپ بارغان جايدىكى يەرلىك كىشىلەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلغان؟ ئۇلار بىلەن

نىكاھلانغان ۋە پەرزەنتلىك بولغانمۇ؟

ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئانا يۇرتلىرىغا كېلىپ تۇرغانمۇ؟

ئەجدادلارنىڭ كۆچۈش تارىخىنى تەكشۈرگەندە ئۇلارنىڭ قاچان كۆچكەنلىكىنى ئويلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆچۈش سەۋەبلىرىنى، كۆچۈش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتلىرىنى ۋە كۆچۈش يۆنىلىشلىرىنى چوڭقۇرراق ئاختۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈرلۈك خەرىتىلەردىن پايدىلىنىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

**(16) جەمەتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلاش**

ئىجتىمائىي ئورۇندىكى ئۆزگىرىش دېگىنىمىزدە بىر جەمەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، تەبىقىسى، دەرىجىسى، ئىقتىسادىي كىرىمى، بايلىقى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە كەسپى قاتارلىق ساھەلەردە يۈز بەرگەن ئۆسۈش ياكى تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەلۋەتتە، جەمەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىش ھەش-پەش دېگۈچە يۈز بېرىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى قەدەممۇ-قەدەم، بوغۇنمۇ-بوغۇن يۈز بېرىدىغان، شۇنداقلا تىرىشىش، قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان بىر جەرياندۇر. دېمەك، بىر جەمەتنىڭ ۋە تارماق ئائىلىلەرنىڭ تارىخ مابەينىدىكى ئىجتىمائىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ چىقىش، بۇنى جەمەت ئەزالىرى ئىشلىگەن خىزمەت ۋە كەسىپ، ئۇلار ئالغان تەربىيە، ئۇلار توپلىغان مال-مۈلۈك، ئۇلار ئېرىشكەن شان-شەرەپ، ئۇلار دۇچار بولغان زىيان ۋە پايدىسىز ئەھۋال نۇقتىلىرىدىن ئىسپاتلاش ۋە يورۇتۇش مۇھىمدۇر.

**(17) ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئائىت تەپسىلاتلارنى ئېنىقلاش**

ئەجدادلارنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشتا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا — ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئائىت تەپسىلاتلارنى ئىگىلەشتۇر.جەمەتنىڭ ئىقتىسادىغا ئائىت تەپسىلاتلارنى ئىگىلىگەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە ئىزدىنىشكە بولىدۇ:

جەمەت ئەزالىرى ياشاشتا تايانغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە

ھۈنەرلىرى ھەم ئۆلاردىكى ئۆزگىرىش؛

ئەجدادلارنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى (ئورنى)؛

ئەجدادلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلىش شەكلى؛

ئەجدادلار يولۇققان ئىقتىسادىي قىينچىلىقلار؛

ئەجدادلار شوغۇللانغان خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى؛

جەمەتىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرى؛

**(18) تاشقىي شەرت ـ شارائىتلارنى ئېنىقلاش**

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئەھۋاللار، جۈملىدىن ئۇرۇش، سىياسىي ئۆزگىرىش، ئىقتىسادىي كرىزىس، تەبئىي ئاپەت، تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، ... نىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغا ۋە ھەربىر شەخسنىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى بەك چوڭ بولىدۇ. مەزكۇر ئامىللارنىڭ ئەجدادلارنىڭ ھاياتى، جەمەتىنىڭ تارىخى، ئائىلىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، ... قاتارلىقلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تارىخشۇناسلارچە مەۋقە بىلەن قېزىش ۋە يورۇتۇپ بېرىشمۇ ئەھمىيەتلىك بىر تەرەپتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، نەسەبنامىگە كىرگۈزۈلۈش ئېھتىياجى تولۇق كۆزدە تۇتۇلۇپ، جەمەت ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان خىلتلار، مىزاجلار، پىسخىكىلار، كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر، ئائىلىۋى رېتسىپلار خاتىرىسى، جەمەت ئىچىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىۋاتقان تەۋەررۈك بۇيۇملار، جەمەت نىشانلىرى ۋە مىراسلار، جەمەت ئەزالىرىنىڭ نىسبى ئورتاق ھالەتتىكى كېيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى، جەمەتتىكىلەر ئامراق تائام ۋە ئىچىملىكلەر، جەمەت ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەر، جۈملىدىن بەدەن تۇرقى، تېرە ۋە چاچ رەڭگى، يۈز قىسمىدىكى ئالاھىدىلىكلەر، بوي ئېگىزلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزگىچىلىكلەر، شۇنداقلا ئۇلاردىكى ئۆزگىرىش قاتارلىقلارمۇ تەپسىلىيرەك ئىگىلىنىپ نەسەب خاتىرىسىدە پۈتۈلۈشى لازىم.

### 3. جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىش

ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ چېكى بولمايدۇ. كىشىلەر ئەجدادلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋەرگەنسىرى، شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بايقايدۇ، ئەجدادلىرىنى تېخىمۇ يىراقتىن سۈرۈشتۈرەلەيدۇ. توختاۋسىز ئىزدىنىش كىشىلەرنى يېڭىدىن - يېڭى يىپ ئۇچى، يېڭى نۇقتا ۋە كۆز قاراشلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ رېئال شارائىت يار بەرگەن دائىرىدىكى بارلىق ئاغزاكىي ۋە يازما ماتېرىياللارنى توپلاپ بولغان، قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار ئىنىق بولۇپ بولغان، «ئەڭ دەسلەپكى ئەجداد» سۈپىتىدە ئىلگىرىكى مەلۇم بىر شەخس بېكىتىلىپ بولۇنغان ئەھۋالدا، جەمەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى يەكۈنلەش، جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىپ چىقىش باسقۇچىغا قەدەم بېسىلىدۇ.

جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر مەزگىللىك ئىزدىنىشتىن كېيىن، ئىزدەنگۈچىلەر (يەنى نەسەبشۇناسلار) ئۆزلىرى ئېرىشكەن ماتېرىيال، ئۇچۇر، ماددىي بويۇم،... قاتارلىق مەنبەلەر ئاساسىدا، جەمەت تارىخىنى جەمەت دائىرىسىدە (ۋە بەزىدە سىرتىدا) كىشلەر پايدىلىنالايدىغان بىر شەكىلگە كىرگۈزۈش باسقۇچىغا كېلىدۇ.

ئۇنداقتا، جەمەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسىنى قانداق شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىقىرىش مۇمكىن؟ بىزنىڭچە، بۇنىڭ ئىككى ئاساسلىق شەكلى بار: بىرى، جەمەت شەجەرىسى ۋە «چاپلىما كىتاب»؛ يەنە بىرى، رەسمىي نەسەبنامە.

(1) شەجەرە ۋە چاپلىما كىتاب

ئەجدادلارنىڭ ئىسىملىرى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقىتلىرى،... قاتارلىقلارنى قېزىپ ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن (دىققەت: ئەمەلىيەتتە ئەجداد زەنجىرى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىنسان ئەجدادلىرىغا تۇتۇشىدۇ. بۇ يەردە ھەربىر كىشى ئەجدادلىرىنىڭ ئەشۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە نەسەب زەنجىرىنى ئېنىقلاشقا ئاساسەن ئامالسىز بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە ئەجدادلىرىدىن بىر نەچچە بوغۇننى ئېنىقلىيالىسا، بىز شۇنى نىسبىي ھالدا «ئېنىقلاپ بولۇنغان ئەجداد» دەپ ئاتاپ تۇرىمىز. ھەمدە شەخس ئېنىقلىيالىغان ئەڭ

ئىلگىرىكى ئەجدادىنى دەسلەپكى ئەجداد دەپ تونۇيمىز.) مۇۋاپىق شەجەرە سىخېمىسىدىن ئىككىنى تالللىۋېلىپ، بىرىگە ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ «ئەجداد شەجەرىسى» تۈزىشى، يەنە بىر ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق شەجەرە سىخېمىسىگە ئۆزى ئېنىقلىيالىغان دەسلەپكى ئەجدادىدىن تۆرەلگەن بارلىق ئەۋلادلار، جۈملىدىن شەخسىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى، تاغا-هاممىلار ۋە نەۋرىداشلىق، ئەۋرىداشلىق،.. مۇناسىۋەتتىكى بارلىق تۇغقانلارنىڭ ئىسىملىرى (تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان كۈنلەر ھەم سۈرەتلىرىنى قىستۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.) نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭ ھەجىملىك «ئەۋلاد شەجەرىسى» تۈزۈشى كېرەك. بۇنى يەنە ئانا تەرەپ نەسەب زەنجىرىدىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان تۇنجى ئەجدادتىن تۆرەلگەن ئەۋلادلارنىڭ شەجەرىسى ۋە ئانا تەرەپ نەسەب زەنجىرىدە ئېنىقلاپ چىقىلغان بارلىق ئەۋلادلارنىڭ شەجەرىسى دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئايرىم ئايرىم ئىككى ئەۋلاد شەجەرىسى تۈزۈشكە بولىدۇ. ئەگەر ئىزدەنگۈچى كىشىنىڭ بۇنى لايىھەلەشكە قۇربى يەتمىسە، كەسپىي نەسەبشۇناسلارنىڭ ياردىمىدە شەجەرە تۈزسە بولىدۇ. دېمەك، چوڭ ھەجىملىك ئەجداد شەجەرىسى ۋە ئەۋلاد شەجەرىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئائىلىلەرگە بېزەك ئورنىدا ئېسىش — جەمەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلىشنىڭ بىر شەكلىدۇر.

چاپلىما كىتاب — جەمەت تارىخى نەتىجىلىرىنى ئايان قىلىشنىڭ يەنە بىر شەكلىدۇر. نەسەبنامىگە جەمەت تارىخىغا ئائىت رەسىم، سۈرەت، ھۆججەت، يازما ماتېرىياللارنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى كىرگۈزۈش مۇمكىن قولايسىز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، نەسەبنامىگە كىرگۈزۈلمىگەن (ھەتتا كىرگۈزۈلگەن) يازما ھۆججەت-ماتېرىياللارنى ئاق ۋاراقلىق دەپتەرگە چاپلاپ ئايرىم «كىتاب» سۈپىتىدە رەتلەپ ساقلاشقا ۋە نەتىجە سۈپىتىدە ئايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ جەمەت تارىخىغا ئائىت «چاپلىما كىتاب» تۇر. ئەمما ئەستە ساقلاش كېرەككى، «چاپلىما كىتاب» قا ھۆججەت ماتېرىياللارنىڭ ۋە سۈرەت-رەسىملەرنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىنى چاپلىماستىن، ئۇلارنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى ئىشلىتىش زۆرۈر.

(2) نەسەبنامە

بىر قاتار ئىزدىنىش ۋە ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىقىلغان ئەجدادلار، ئۇلارنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتىلىرى، ئۇرۇق-ئەۋلادلىرى، قىسقىسى، جەمەتنىڭ تارىخىنى سۈرەتلەر، جەدۋەللەر ۋە شەجەرە سىخېمىلىرى قىستۇرۇلغان بىر كىتاب شەكلىگە ئېلىپ كېلىش- بۇ ھەقتىكى خىزمەتنىڭ ئاخىرىقى بىر نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسەبنامىنىڭ دۇنيادا بىرلىككە كەلگەن ئەندىزىسى يوق. ئەمما، توپلانغان بارلىق ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى باشقىلار ئاسان چۈشىنەلەيدىغان ھالەتتە تەشكىللەپ يېزىش-نەسەبنامە يېزىشتا ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىدۇر. ئادەتتە، نەسەبنامىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسىنى بايقالغان ۋە «دەسلەپكى ئەجداد» دەپ بېكىتىلگەن ئىلگىرىكى بىر ئەجداد ياكى بىر جۈپ ئەجداد (ئەر-خوتۇن) ھەققىدە بايان قىلىشتىن باشلاش، تەدرىجىي يوسۇندا شۇ ئەجدادنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرىنى ياكى نەسەبشۇناس بىلەن بىۋاستە ئەجداد-ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان بۆلىكىنى بوغۇنلار بويىچە تەسۋىرلەپ تاكى نۆۋەتتىكى ئەۋلادلارغىچە يېزىپ توختۇتۇش شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

نەسەبنامىنى يازغاندا، جەمەت دائىرىسىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەجداد-ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتى ۋە تەرتىپىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەجداد ئېنىقلاش داۋامىدا ئىشلەتكەن بىۋاستە ئەجدادلارنى تەرتىپ نومۇرى ئارقىلىق ئىپادىلەشتەك ئۇسۇلدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولغان نومۇر بەلگىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىش لازىم. بىر جەمەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەققىدە بايان قىلغاندا، ھەربىر كىشىگە شۇ كىشىنىڭ بايقالغان ئومۇمىي نەسەب زەنجىرىدىكى بوغۇن رەت نومۇرى ۋە قېرىنداش-ھەمشىرىلىرى ئارىسىدىكى تەرتىپ نومۇرىنى بەلگىلىۋالمىغاندا، شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق بىلىش قىيىنغا توختايدۇ. موشۇ زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن، جەمەت ئىچىدىكى شەخس (يەنى «مەن») ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىغا ئالدىنقى سەھىپىلەردە تونۇشتۇرۇلغان (يەنى مۇشۇ كىتابنىڭ

«نەسەبنامىگە تەرتىب نومۇرى بەلگىلەش سىستېمىسى» ناملىق بۆلىكىدە تونۇشتۇرۇلغان) نەسەبنامىدىكى شەخسلەرگە تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

نەسەبنامىدىكى ھەربىر شەخسكە تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن نەسەبنامىنى رەسمىي رەتلەپ يېزىشقا كىرىشىشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا نەسەبنامىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق؟ تۆۋەندە نەسەبنامىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئۇسۇلنى تىزىس شەكلىدە تونۇشتۇرىمىز.

1. نەسەبنامىنىڭ مەۋزۇسى: نەسەبنامە بىر جەمەتنىڭ تارىخى خاتىرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، نەسەبنامىلەرنىڭ مەۋزۇسى ئومۇمەن جەمەتنىڭ ئورتاق نامى (فامىلىسى، ئورتاقلىشىپ ۋە مۇقىملىشىپ قالغان لەقىمى ۋە ياكى دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ ئىسمى) بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «xxx جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى»، « xxx لەرنىڭ نەسەبنامىسى» ، «قورۇڭقاي» دېگەندەك قويۇلسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا ناۋادا مەۋزۇ «جورۇڭقاي» دەپ قويۇلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ جورۇڭقاينىڭ قايسى جەمەتنىڭ نەسەب خاتىرىسى ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن، مەزكۇر مەۋزۇغا بىر تارماق مەۋزۇ قىستۇرۇلۇپ، «جورۇڭقاي: xxx لارنىڭ نەسەبنامىسى» دەپ مەۋزۇ قويۇلسىمۇ بولىدۇ. نەسەبنامىدە بىر جەمەتنىڭ مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردىكى ئەھۋالى يېزىلغان بولسا، ئۇنداقتا «xxx جەمەتىنىڭ (ياكى ئەۋلادلىرىنىڭ) نەسەبنامىسى: 1900~1970» دېگەندەك شەكىلدە مەۋزۇ بېكىتىشكىمۇ بولىدۇ.

2. مۇندەرىجە

3. مۇقەددىمە

نەسەبنامىگە مۇقەددىمە بايان قىستۇرۇپ يېزىش ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر. مۇقەددىمە قىسمىدا مۇنداق ئىككى مەزمۇننى يېزىشقا بولىدۇ:

(1) ئومۇمىي بايان (قىسقىچە): بۇنىڭدا نەسەبنامىنىڭ يېزىلىشىدىكى زۆرۈرىيەت،

ئىزدەنگۈچىنىڭ نەسەبنامە يېزىشتىكى مۇددىئا ـ مەقسىدى، نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە كەم قالغان نۇقتىلار، نەسەبنامىدىن پايدىلىنىشقا كۆرسەتمە، نەسەبنامىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشقا ئائىت تەۋسىيە،... قاتارلىقلارنى قىسقىچە بايان قىلىش؛

(2) نەسەبنامىدە ئۇچرايدىغان بەزى ئاتالغۇلار، شەرتلىك بەلگىلەر، قىسقارتىلغان ئىبارىلەر، ئىشلىتىلگەن تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەش ئۇسۇلىنىڭ تۈرى،.. قاتارلىقلارنى قىسقىچە ئىزاھلاش؛

2. ئەجداد شەجەرىسى ۋە ئەۋلاد شەجەرىسى

بۇنىڭدا نەسەبنامە يازغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى تىزىلغان بىر ئەجداد شەجەرىسى بىلەن، تۇنجى ئەجداد سۈپىتىدە بېكىتىلگەن كىشىدىن تۆرەلگەن بارلىق ئەۋلادلار (دىققەت: بۇنى يەنە ياندىش تۇغقانلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ كىرگۈزىدىغان شەجەرە دەپ ئايرىپ تۇرۇپ، نەسەبنامىدە بايان قىلىنغان نەسەب زەنجىرىگە ماس شەجەرە سىخېمىسىنىلا قىستۇرۇشقا بولىدۇ.) نىڭ شەجەرىسىنى تاللاپ قىستۇرسا بولىدۇ.

3. يۇرت تارىخىدىن قىسقىچە ئۇچۇر

4. ئەجداد ـ ئەۋلاد مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەپسىلىي خاتىرىسى

بۇ بۆلەكنى دەسلەپكى ئەجدادقا ئائىت تەپسىلات ھەمدە جەمەتكە ئورتاق فامىلە، لەقەمنىڭ كېلىش مەنبەسى؛ دەسلەپكى ئەجدادنىڭ پەرزەنتلىرى ھەققىدە بايان؛ ئۇلارغا ئائىت ئائىلە گۇرۇپپىسى جەدۋىلى ۋە شەخسلەرنىڭ تەرجىمھال جەدۋىلى؛ ئاندىن ئىككىنچى بوغۇندىكى ئەجداد (يەنى دەسلەپكى ئەجدادنىڭ پەرزەنتلىرى) نىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭمۇ پەرزەنتلىرى.......؛ مانا موشۇ تەرتىپتە نۆۋەتتىكى ئەڭ ئاخىرقى بوغۇنغا تەۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشقىچە ئوخشاش تەرتىپتە يېزىشقا بولىدۇ. بۇ بۆلەك نەسەبنامىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەربىر بوغۇنغا تەۋە شەخسلەرگە تەرتىپ

نومۇرى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، شۇ تەرتىپ نومۇرى شۇ شەخسنىڭ تەرجىمەھال جەدۋىلىگە، شۇ شەخسنىڭ ئائىلە گۇرۇپپىسى جەدۋىلىگە، ھەمدە شۇ شەخسنىڭ تەرجىمەھالىنىڭ بېشىغا يېزىلىشى كېرەك. شۇنداقلا، شۇ كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇ، مال-مۈلۈك، كۆچۈش... كە ئوخشاش ئەھۋاللىرىمۇ ئۆز جايىدا بايان قىلىنغاندىن باشقا، ئالاقىدار سۈرەت، رەسىم، جەدۋەل ۋە كىچىك شەجەرە سىخېمىلىرىمۇ قىستۇرۇلۇپ مېڭىش لازىم.

نەسەبنامىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولغان ئەجداد-ئەۋلادلار مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى خاتىرىنى مۇنداق تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئېگىلەنگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، جەمەتنىڭ دەسلەپكى ئەجدادى دەپ بېكىتىلگەن شەخسنىڭ ئەھۋالىنى (جۈملىدىن شۇ كىشى ھەققىدىكى بارلىق تەپسىلاتلارنى)، شۇنداقلا دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ نىكاھ ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، شۇ ئەجدادىنىڭ خوتۇنى (ياكى خوتۇنلىرى)، ئۇلارنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتلىرى، ئۇلارنىڭ پەرزەنت ئاپىرىدە قىلىش ئەھۋالى يېزىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى باب (ياكى بۆلەك) ئىككىنچى بوغۇنغا ئائىت خاتىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا دەسلەپكى ئەجدادتىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالى يېزىلىشى كېرەك. ئەمما نەسەبنامە يازغۇچىنىڭ شۇ پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى بىۋاستە ئەجدادى ھەققىدىكى ئەھۋاللار باشقا پەرزەنتلەر (يەنى نەسەبنامە يازغۇچىنىڭ xxxxx ىنچى ئەجداد تاغا ۋە ھاممىلىرى) نىڭ ئەھۋالىنى قىسقا ياكى تەپسىلىي يېزىشنى ھەربىر كىشى ئۆزى بەلگىلىسە بولىدۇ. دېمەك، بىرىنچى بوغۇنغا تەۋە شەخسنىڭ ئالاقىدار ھەممە ئەھۋالى خاتىرىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كېيىنكى قەدەمدە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى، يەنى دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ ئەۋلادى ھەققىدىكى بايانغا ئۆتۈش لازىم.

موشۇنداق تەرتىپتە، ھەربىر بوغۇنغا بىر باب ئىچىدە خاتىرىلەش، بابلار ئىچىدە تارماقلارنى تەسىس قىلىپ، ئۇلاردا تاغىلار ۋە ھاممىلارنىڭ ئەھۋالىنى، ھەمدە شۇنىڭغا ئائىت

ھەممە ئەھۋاللارنى بايان قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئالتىنچى ئەجداد بوۋىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ، شۇ كىشىنى تۇنجى ئەجداد سۈپىتىدە بېكىتىۋالغاندىن كېيىن نەسەبنامىسىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى يەتتە بابقا بۆلۈپ (چۈنكى «مەن» سۈپىتىدىكى شەخس بايقالغان ئالتىنچى ئەجداد بىلەن قوشۇلۇپ، جەمئىي يەتتە بوغۇن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى تەشكىل قىلىدۇ.)، ھەربىر باب ئىچىدە تارماق پاراگرافلارنى تەسىس قىلىپ نەسەبنامىسىنى يازسا بولىدۇ. ھەر بىر بوغۇن ھەققىدىكى خاتىرىدە جەمەت ئىچىدىكى بېقىۋېلىنغان (ئاتا - ئانىلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئېنىق)، تېپىۋېلىنغان ياكى سېتىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنىڭ شۇ خىل مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ تەپسىلىي يېزىش (ئەگەر بۇ مەخپىي تۇتۇلغان ئىش بولسا، ئۇنداقتا نەسەبنامە يازغۇچى بۇنداق تەپسىلاتنى كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى ئۆزى بەلگىلىسە بولىدۇ. ئەمما تارىخ ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا يەنىلا ئەمەلىيەتنى سۆزلەش مۇۋاپىقتۇر.) ئۇلارنىڭ ئەسلى ئاتا ئانىلىرى مەلۇم بولسا، ئۇنداقتا شۇلار ھەققىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە بايان قىلىشقا بولىدۇ.

5. جەمەتىنىڭ تارىخىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن خۇلاسە؛

6. جەمەتىنىڭ ئىرسىي ۋە جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەم جەمەت ئەزالىرى ئارىسىدا كۆپ كۆرۈلگەن كېسەللىك تارىخى ھەم ئۇلاردىكى ئۆزگىرىش؛

7. باشقا ئەنئەنىلەر

8. جەمەت ئۈگۈتلىرى

9. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە باشقا يازمىلار: ناۋادا بىر جەمەتتىكىلەردىن قېلىپ قالغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى كۆپ بولسا، ئۇلارنى نەسەبنامە ئىچىگە قىستۇرماي، ئايرىم بىر كىتابچە سۈپىتىدە تەييارلاپ، نەسەب خاتىرىسىگە يانداشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

10. خۇلاسە

ئەلـۋەتتە، نەسـەبنامىدە نېمىلەرنـى بايـان قىلـىشتا مەزكـۇر كىتابنىـڭ «نەسـەبنامىنىڭ مەزمـۇنى» نــاملىق مەۋزۇ ئاســتىدىكى تــۈرلەرنى كىرگــۈزۈش، يــاكى قولغــا كەلتــۈرۈلگەن ماتېرىيالالرنىڭ ئاز ـ كـۆپلىكىگە ئاساسـەن نەسـەبنامىنىڭ مەزمـۇنى قۇرۇلمـىسىنى ھەر قايـسى جەمەتلەر ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىشنى ئويلىششقىمۇ بولىدۇ.

نەسەبنامىدە بىر جەمەتنىڭ ئەر جىنسلىق ئەجدادلىرىنىڭ ۋە ئايال جىنسلىق ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسى ياكى ھەر ئىككى يۆنىلىشتىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرلىنىدۇ دېگەنلىك، نەسەبنامىدە جەمەت ئىچىدىن تۇغۇلغان خوتۇن- قىزلارنىڭ نام ـ شەرىپىمۇ خاتىرىلىنىدۇ، دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. نەسەبنامىدە ئاياللارنىڭ ئىش ـ پائالىيىتى خاتىرلەنگەندە مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرى، نەسەبنامىدە بىر جەمەتتىن تۇغۇلغان خوتۇن- قىزلارنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرتىبلىرى يېزىلغاندىن باشقا، ئاشۇ خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئۇلار ھەققىدە نەسەبنامىدە مۇۋاپىق توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر؛ يەنە بىرى، مەلۇم جەمەتتىكى خوتۇن ـ قىزلار باشقا جەمەتتىكىلەرگە ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئۇلار نىكاھداشلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تەۋە بولغان يېڭى جەمەتلىرىنىڭ نەسەبنامىلىرىدە خاتىرلىنىشى لازىم. ئەگەر مەڭگۈ بويتاق ئۆتكەن خوتۇن ـ قىزلار بولسا، ئۇلارنى ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدە تەپسىلىيرەك خاتىرلەش لازىم. نەسەبنامە شەجەرىسىدە بولسا ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئۆز جەمەتى نەسەبنامىسىدە ۋە ياتلىق بولغان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدە ئىككى قېتىم خاتىرلىنىشنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئەھۋالىنىڭ خاتىرىلىنىشنى دەرىجىسى مەلۇم چەك ـ چېگرا بەلگىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنى ھەر بىر ئايالنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش ـ يەنى ئەسلى جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدە ئاز ـ كۆپ خاتىرىلەش ۋە ياتلىق بولغان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدە ئاز ـ كۆپ خاتىرىلەشنى بەلگىلەش زۆرۈر بولىدۇ.

بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنى جەمەت نەسەبنامىسىدە قانداق بايان قىلىش، شەجەرىدە قانداق ئىپادىلەش ئۆز نۆۋىتىدە دىققەت ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلىدۇر. بېقىۋېلىنىش ئەھۋالى جەمەتتىكى ھەممە كىشىگە ۋە شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان بولغان ئەھۋالدا، شۇ كىشىگە ئائىت بايانلاردا مەزكۇر مەسىلىنى ئوچۇق بايان قىلىشقا، بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئەسلى ئاتا-ئانىسى، يۇرتى، بېقىۋېلىنغان ۋاقىت، ئارىدىكى ئالاقىدار كېلىشىم ۋە مۇناسىۋەتلەر، بېقىۋېلىنىشى سەۋەبى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىخچام توختىلىشقا، شۇ شەخسنىڭ تەرجىمىھال جەدۋىلىدە ئېنىق يېزىشقا بولىدۇ، شەجەرىدىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ كىتابنىڭ بەشىنچى بۆلۈمىدە بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شەجەرە سىخېمىسى تەمىنلەنگەن. شۇ سىخېمىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ۋە ياكى بېقىۋېلىنغۇچىلار بىۋاستە ئەجداد شەجەرىسىنى ئۆزگەرتىپ ئىككى ئەجداد لىنىيىسى بويىچە شەجەرە سېخېمىسىنى تۈزۈشكە بولىدۇ. ناۋادا بېقىۋېلىش ئەھۋالىنى نەسەبنامىدە ئېنىق بايان قىلىش جەمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نۆۋەتتىكى مۇناسىۋەتكە پايدىسىز دەپ قارالسا، ئۇنداقتا بۇ ئەھۋالنى ۋاقتىنچە تىلغا ئالماسلىق ـ نەسەبشۇناسنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىشتۇر. شۇنداقتىمۇ جەمەت تارىخىنىڭ چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىملىقىدەك زۆرۈرىيەتتىن قارىغاندا، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى نەسەبنامىدە ئەينەن بايان قىلغان مۇۋاپىقتۇر.

ئىلمىي نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى قانۇن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. نەسەبشۇنالار ئۆزى تەييارلىغان نەسەب ماتېرىياللىرىدىن توغرا پايدىلىنىش ۋە توغرا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن، مىراس قانۇنى، مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر، نىكاھ قانۇنى شۇنداقلا يۇقىرىقى جەھەتلەردە خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۆرۈ (ئادەت قانۇنى) ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتىكى بىلىملەرگە ئىگە بولمىغاندا، نەسەبنامە يېزىش جەريانىدا يولۇقىدىغان بەزى مەسىلىلەرگە ئىلمىي رەۋىشتە جاۋاب بېرىش قىيىن بولىدۇ. بولۇپمۇ تالاش-تارتىشتا تۇرۇۋاتقان مەلۇم مال-مۈلۈكنىڭ ھەققىي ۋارىسلىرىنى ئېنىق

بېكتىشى، مىراسخورلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشتە نەسەبشۇنالار ئۇچۇن ئالاقىدار قانۇننى بىلىملەر بەك زۆرۈر بولىدۇ.

نەسەب ماتېرىياللىرىنى توپلاپ رەتلەش ۋە ئۇلاردىن نەسەبنامە يېزىشتا پايدىلىنىشتا، نەسەبشۇنالار (ياكى نەسەبنامە يازغۇچىلار) ھەربىر مەسىلىنىڭ قانۇنىي تەرىپىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىشلىرى زۆرۈر. بولۇپمۇ جەمەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە بۆلىكىنى رەتلەپ يازغاندا شۇ مەزگىلدىكى مەسىلىلەرگە شۇ دەۋرنىڭ قانۇنى نۇقتىسىدىن جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردىكى مەزكۇر ساھەدىكى مەسىلىلىرىگە جاۋاب بەرگەندە، شۇ زاماندىكى دۆلەت قانۇنلىرى نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنى ئىسلام شەرئىتى نۇقتىسىدىن مەسىلىلەرگە قاراش، جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، نەسەبنامىلەردە ھەربىر مەزمۇننى قانۇنغا چېتىلمايدىغان تەرزدە ئاددىي يېزىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىكاھ، مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش،...جەھەتلەردە ئالاھىدە ئەھۋاللار مەۋجۇد بولمىغان جەمەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرلىرىنى يازغاندا، ئۆتكەن دەۋردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە نۆۋەتتىكى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن-نىزاملىرىنى ھەم شەرئەت ھۆكۈملىرىنى بىلىش ۋە نەسەبنامە يېزىشتا تەدبىقلاشنىڭ كۆپ زۆرۈرىيىتى بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، نەسەبنامە يېزىش جەريانىدا ئۇچرايدىغان مەسىلىلەرگە قانۇنىي نۇقتىدىن جاۋاب بىرىش ۋە يېشىش، شۇنداقلا نەسەبنامىنى نۆۋەتتىكى ئالاقىدار قانۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھالەتتە يېزىشنى نەسەبشۇناسلار (ۋە نەسەبنامە يازغۇچىلار) ئەستە ساقلاشلىرى كېرەك.

نەسەب تەتقىقاتىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ئەجدادلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ قويۇپلا بولدى قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى مۇۋاپىق رەتلەپ نەسەبنامە يېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئەجدادلارنىڭ نەسەبنامىسى نەسەب تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسەبنامىنىڭ شەكلىنىڭ مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقى، خۇددى ئالدىنقى سەھىپىلەردە تىلغا ئېلىنغاندەك، نەسەبنامە جەمەت ئىچىدىكى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق

ئەجدادلارنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ تىزىملىكىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئەجدادلارغا ئائىت باشقا تەپسىلاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلارنى خۇلاسىلىگەن چاغدا، ھەربىر ئەجدادقا ئوخشاش پوزىتسىيىدە قاراش لازىم. ئەجدادلارنىڭ بەزى ئىش - ئىزلىرىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بۇرمىلاپ بايان قىلىشتىنمۇ ساقلىنىش، شۇنداقلا ئۆتكەنكى تارىخنى بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمەن دىگەن نىيەتتە ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتىپ تەسۋىرلەشتىن ساقلىنىش كېرەك.

نەسەبنامىنى تۈزۈشتىن ئىلگىرى جەمەت ئىچىدە نەسەبنامە يېزىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىش ياخشى ئەھۋالدۇر. بۇنداق گۇرۇپپا جەمەت ئىچىدىكى بىلىملىك كىشىلەر ۋە ھەر بىر تارماق ئائىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن تەشكىللەنسە بولىدۇ. بۇلار جەمەت تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەرنى رەتلەش، نەسەبنامە يېزىشنى تەشەببۇس قىلىش، ھەر قايسى تارماق ئائىلىلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى رەتكە تۇرغۇزۇش، شەجەرە سخېمىلىرىنى لايىھەلەش ۋە پۈتكەن نەسەبنامىنى تىل - ۋە يېزىق جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە نەسەبنامىلەرنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولسا بولىدۇ. بۇنداق گۇرۇپپىلاردىكى ئەزالار جەمەت ئىچىدىكى تارماق ئائىلىلەرنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلسە بولىدۇ. ئىلگىرىكى زاماندا بەزى جەمەتلەر بولسا مەخسۇس نەسەبنامە يېزىشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر ياكى داڭلىق ئەدىبلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىنى يازدۇرۇدىغان ئەھۋال بار ئىدى. ئەلۋەتتە بۇنداق تەكلىپ قىلىنغان كىشىلەرگە نەسەبنامىلەرنىڭ شەكلى، مەزمۇنى ۋە تىل - يېزىقى تەرەپتىكى تەلەبلەرگە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا نەسەبنامىلەرنى پۈتتۈرۈپ چىقىرىش تەلىپى قويۇلاتتى. ئەمما نەسەبنامە يېزىپ بەرگۈچىلەر پايدا - مەنپەئەت كۆزلەپ، نەسەبنامە ئىچىدە بەزى توقۇلمىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن خالىي بولالمايتتى.

جەمەت تارىخى ۋە ئەجدادلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە توپلانغان بارلىق ئۇچۇر، ماتېرىيال ۋە ماددىي بويۇملار ھەمدە يېزىلغان خاتىرىلەر ئاساسىدا، جەمەت نەسەبنامىسىنى ماقالە ياكى كىتاب

شەكلىدە يېزىشقا بولىدۇ. كەسپىي نەسەبشۇناسلار ۋە بۇ ئىشقا بەك ئېتىبار بەرگەن كىشىلەر كىتاب چوڭلۇقىدا بىر نەرسە يېزىپ چىقسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر ئەجدادلىرى ھەققىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلار ئاساسىدا ماقالە ئۇزۇنلۇقىدا نەسەب خاتىرىسى يېزىپ چىقىشى مۇمكىن. نەسەبنامە يازغاندا، توپلىغان، خاتىرىلىگەن ماتېرىياللار ۋە ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ماقالە ئۇزۇنلۇقىدىكى بىر نەسەبنامىگە سىغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا تېمىلار بويىچە نەسەبنامىنى بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈپ يېزىشقا بولىدۇ. ئەمما بىلىش كېرەككى، قىممىتى يۇقىرى نەسەبنامە ئۆتمۈش ھەققىدە كۆپ نەرسە خاتىرىلەنگەن نەسەبنامە بولماستىن، بەلكى ماتېرىياللار تاللانغان، تېمىلار بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن، ھەربىر مەسىلە ئىخچام، مېغىزلىق بايان قىلىنغان نەسەبنامىدۇر.

نەسەبنامە يېزىشتا قوللىنىدىغان ئۇسلۇب مەسىلىسىگە كەلسەك، بىزنىڭچە ھەربىر كىشى ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەب خاتىرىسىنى ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە قۇراشتۇرۇپ، ئۆزىگە خاس تىل بىلەن يازسا بولىۋېرىدۇ. بۇنىڭدا رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدىكى دۆلەت ۋە مىللەت تارىخىنى يېزىش ئۇسلۇبىنى دوراشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما، ئەگەر نەسەبشۇناس ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىنى چوڭراق يېزىپ نەشر قىلدۇرۇشنى ئويلايدىكەن، ئۇنداقتا نەسەبنامىنىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىراق تۈزۈشى، ئىلمىي، قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىلنى ئىشلىتىشى زۆرۈر بولىدۇ. ئەمما، نەسەبنامىنى يازغاندا كېيىنكى ئەۋلادلار قىزىقىپ ئوقۇيدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنىلا جانلىقراق يازغان ئەۋزەلدۇر. يېزىش جەريانىدا ئىشلەتكەن تىل راۋان، ئېنىق، ئاددىيراق بولۇشى لازىمكى، يەرلىك شىۋىلەرنى، زىيادە دەبدەبىلىك ئىبارىلەر ۋە ئەدەبىي تەسۋىرىي ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس. جۈملىلەرنىڭمۇ ئاددىيراق، باش-ئاخىرى ماسلاشقان، مەنتىقىلىقى كۈچلۈك بولغىنى تۈزۈك. ئومۇمەن، نەسەبنامىدە ئىشلىتىلگەن تىل شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇنى جەمەتتىكى ھەر خىل مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى، ھەرخىل ياش - قورامدىكى كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىش جەريانىدا يەنى ئەجدادلاردىن

پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ تۇرتكىسىدە ھېسسىي تۇس ئالغان سۆز ـ جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ قويۇشتىن، ياكى بەزى تەرەپلەرگە ئېتىبارسىز قاراپ بەك ئاددىيلاشتۇرۇپ يېزىپ قويۇشتىنمۇ ساقلانغان تۈزۈك. ھەربىر جەمەتنىڭ، جۈملىدىن ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى، سەرگۈزەشتىلىرى بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە باشقا جەمەت ۋە ياكى ئائىلىلەر بىلەن ئورتاق تەرەپلىرىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. ناۋادا نەسەبنامىدە بىر جەمەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنىلا يېزىش تەكىتلىنىدىكەن، ئۇنداقتا ئاخىرىدا پۈتۈپ چىقىدىغىنى مۇۋازىنىتى كەم، توغرىلىق دەرىجىسىدە گۇمان بار بىر ھېكايە بولۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، نەسەبنامە يېزىشتا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مەسىلىگە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچىدىن، نەسەبنامە يازغۇچى ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىش جەريانىدا بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قاراش كېرەك. بۇ دېگىنىمىز، يېزىش جەريانىدا نەسەبشۇناسلاردىن ۋە نەسەبنامە يېزىشتا تەجرىبىسى بار كىشىلەردىن كۆرسەتمە ۋە مەسلىھەت سوراشقا بولىدۇ. ئەمما شۇلارنىڭ پىكرى بويىچە نەسەبنامىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۇسلۇبىنى ھە دېسىلا خالىغانچە ئۆزگەرتىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدا نەسەبنامە يازغۇچى كىشى ئۆزىنى «مەن جەمەتىمنىڭ تارىخچىسى، مەن نەسەبنامىدە يازغان ئۇچۇرلارغا ۋە ئىزاھلارغا مەسئۇل بولىمەن» دەپ ئويلىشى كېرەك. ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىي مەلۇمات كۆرگەن جەمەتلەر تولىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. شۇڭا، نەسەبنامىنى جەمەتتىكى ھەربىر كىشى زوقلىنىپ ئوقۇيدىغان تارىخقا ئايلاندۇرۇشنى كۆزلىگەندىن سىرت، ئۇنى جەمەت ئەزالىرىنى ئالدايدىغان ياكى ئەجدادلىرى توغرىسىدا خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا، نەسەبنامە تولىمۇ سېستىمىلىق ۋە كاتتا يېزىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇ ئەقىل ۋە سەممىيلىك بىلەن يېزىلىشى زۆرۈر.

ئىككىنچىدىن، مۇكەممەل ھېسابلىنىدىغان نەسەبنامە نوقۇل يازما باياندىن باشقا، يەنە

ئالاقىدار ئۇچۇر، ماتېرىيال ۋە باشقا مەنبەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. يەنى، بىر نەسەبنامىدە جەمەت تارىخى ھەققىدىكى يازمىچە بايان ۋە تەسۋىرلەرنى يازغاندا، شۇلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرىنى «پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار تىزىملىكى» شەكلىدە ئەسكەرتىش، بەزى تەپسىلاتلارغا بەت ئاستىدا ئىزاھ بېرىش، نەسەبنامىنىڭ ئاخىرىدا ئىندېكس (ئاچقۇچ) بىلەن تەمىنلەش، مۇندەرىجە بېكىتىش، ماتېرىيال توپلاش ۋە نەسەبنامە يېزىش جەريانىدا ياردەم بەرگەن شەخس ۋە ئورۇنلارغا تەشەككۈر ئېيتىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، نەسەبنامە ئۆز نۆۋىتىدە نوقۇل يازما ھۆججەت دەپمۇ قارالماسلىقى زۆرۈر. رەسىم، شەجەرە سىخېمىلىرى، خەرىتە قاتارلىقلارنى قىستۇرۇش نەسەبنامىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ ھەم مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. رەسىملەر ۋە سۈرەتلەر (ئەجدادلارنىڭ سۈرەت ۋە رەسىملىرى، تۇرالغۇ جاي، يۇرت، قەبرە رەسىملىرى) جەمەت ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقى، تۇرمۇش شارائىتى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتسە، ھەرخىل كونا ھۆججەت ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى (كۈندىلىك خاتىرە، تۇرلۇك ئىسپات خەتلىرى، دىپلوم-كىنىشكىلەر، خەت-چەكلەر،... نىڭ كۆپەيتىلگەن بىرقانچە نۇسخىسى) جەمەت تارىخىغا ھاياتىي كۈچ، جانلىقلىق بەخش ئېتىدۇ. خەرىتىلەر بولسا ئوقۇرمەنلەرنى بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. مەزكۇر قىستۇرمىلار نەسەبنامە تېكىستىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەرگە قىستۇرۇلسىمۇ ۋە ياكى نەسەبنامە تېكىستىنىڭ ئاخىرىغا يىغىلىپ تۈپلەنسىمۇ بولىدۇ. قانداقلا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، رەسىم، سۈرەت، خەرىتە ۋە باشقا ھۆججەت-ۋەسىقىلەرگە ئىسمى، ۋاقتى ۋە باشقا مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەۋزۇ قويۇلىشى (يەنى ئىزاھ بېرىلىشى) لازىم.

ئىلگىرىكى كۆپىنچە نەسەبنامىلەردىكى بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك ــــ ئۇلاردا ياخشىلىقنىڭ كۆپرەك يېزىلىپ، يامانلىقنىڭ يېزىلمىغانلىقى، ياكى ئەجدادلارنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپرەك يېزىپ، يامان ئىش - ئىزلىرىنىڭ يوشۇرۇلغانلىقى بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، ئەجدادلارنىڭ ھەممىلا يامان تەرەپلىرى نەسەبنامىلەردە ئەۋلادلاردىن يوشۇرۇپ كېتىلگەنمۇ ئەمەس. بەزى نەسەبنامىلەردە

ئەجدادلارنىڭ يامان ئىش ـ ئىزلىرىنى يوشۇرماي ئەينەن يېزىش شەكلى بىلەن ئەۋلادلارغا ساۋاق قالدۇرۇش كۆزلەنگەن. نەسەبنامىلەردە كۆرۈلىدىغان يۇقىرىقىدەك نۇقسان (يەنى ياخشىلىقنىڭ كۆپرەك يېزىلىپ، يامانلىقنىڭ يېزىلماسلىقى) ئەجدادلارغا ھۆرمەت قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، ئەمما بۇ نەسەبنامىلەردىكى ماتېرىياللارنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇمۇ بىر قىسىم تارىخشۇناسلارنىڭ نەسەبنامىلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدىن گۇمانلىنىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىدۇر. گەرچە شۇنداق قىلىش بۇ مەزكۇر جەمەتلەرنىڭ شان ـ شەرىپىگە داغ چۈشۈپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بىر تەدبىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. تەشەببۇسىمىز شۇكى، جەمەت ئىچىدىن چىققان ئىبرەتلىك شەخسلەرگىمۇ نەسەبنامە ئىچىدە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىش، ئۇلارنىڭ ئىبرەتلىك ئىش ـ ئىزلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا سەلبىي نۇقتىدىن ئىجابىي تەربىيە بېرىش، نوقۇل ياخشىلىق بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سەتچىلىك ئارقىلىقمۇ ئۇلاردا ئۆز جەمەتىنىڭ شەرىپى بىلەن پەخىرلىنىش، مەغلۇبىيىتىدىن پۇشايمان قىلىش، نومۇسنى يۈيۈش ۋە ساقلاش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

نەسەبنامە ئارقىلىق باللارغا ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەققىدە تەلىم بېرىش باللار ئۈچۈن تارىخنى جانلىق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. باللار ئۇ ئارقىلىق ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ كىملىكىنى، ئۇلارنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقىنى، قەيەرلەردە ياشىغانلىقىنى ۋە نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىش بىلەن، باشقا مەدەنىيەتلەر، جۈملىدىن ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەتلەرنىڭ سىرلىرىنى، باشقا ماكان ۋە زامانلارنىڭ سىرلىرىنى ئاچالايدۇ. باللارغا مەسەبنامە ئارقىلىق پەقەت ئۆتمۈش ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىنمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلدۈرۈش مۇمكىن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھايات ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ، ئۇلار ئەجدادلىرى ھەققىدىكى پارچە ـ پۇرات ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى قۇراشتۇرۇپ، ئۆزلىرى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ بىلىشكە ئېرىشىدۇ. نەسەبنامە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن، ئەجدادلىرىدىن ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنە ـ ئۇدۇملىرىدىن

پەخىرلىنىش ھېسسىياتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ.

نەسەب زەنجىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇرەككەپ ۋە ۋاقىت كېتىدىغان تەتقىقات ئىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا باللارنىڭمۇ قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار بار. مەسىلەن، شەجەرە كاتەكچىلىرىنى ئەجداد ئىسىملىرى بىلەن تولدۇرۇش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈش ۋە مەسلىھەتلىشىش، جەمەت ھېكايىلىرىنى خاتىرىلەپ توپلاش، ... قاتارلىق پائالىيەتلەرگە باللارنى ئىشتىراك قىلغۇزۇشقا بولىدۇ. بۇنداق قىلىش باللارنىڭ كەلگۈسىدە نەسەب تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئاساس سېلىپ بەرگىلى بولىدۇ.

## 4. تەتقىقاتنى ئاخىرلاشتۇرۇش

جەمەت نەسەبنامىسى يالغۇز ئۆتمۈشكە بارىدىغان كۆۋرۈك بولۇپلا قالماستىن، يەنە كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ بىر ماياكتۇر. جەمەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى نوقۇللا جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىش بولۇشى ناتايىن. بۇنداق ئىزدىنىشنىڭ ئۆزىلا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى ۋە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلالايدىغانلىقى بىلەنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. جەمەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتىن ئېرىشكەن تېمىلار ۋە تەسىراتلار كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تەكرار ئويلىنىشقا سەۋەب بولىدۇ، كىشىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىلىرى (نەسەبنامىلەر، چاپلىما كىتاب ۋە شەجەرە، ...) ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە، چېقىلغىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ ماڭىدىغان مىراسلىرى كىتابلاردا ساقلانغان بىلىم ۋە ھېكمەتلەرنى، ئاغزاكىي يوسۇندا كېيىنكىلەرگە ئۆتىدىغان ساقلانمىلارنى، سەنئەت، ئىلىم، ھۈنەر ـ كەسىپ سەمەرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر ئائىلىۋى مىراس كىشىلەرنى ئەجدادلىرىغا باغلاپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىز بۈگۈنكى دەۋردە ئۆز ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مىراسلارنىڭ كۆپىنچە ماددىي نەرسىلەر

ئىكەنلىكىدەك ئەھۋالنى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇزاققا بارماي مىراس سۈپىتىدە داۋاملىشالماي قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز. دېمەك، نەسەب خاتىرىسى شەكلىدە جەملەنگەن ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسى ھەربىر ئائىلە ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ قويىدىغان ئۆچمەس مىراسى، ئۆز تارىخىنىڭ ھەدىيىسى بولسا كېرەك.

نەسەب خاتىرىسىنىڭ پۈتكەنلىكى جەمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەھمىيىتى كىچىك ئىش ئەمەستۇر. شۇڭلاشقا، نەسەبنامە رەسمىي پۈتكەندىن كېيىن، قۇتلۇق كۈنلەردىن بىرىنى تاللاپ، جەمەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلغان مەلۇم كۆلەمدىكى مۇراسىم ئۆتكۈزۈشى تېخىمۇ ياخشىدۇر. مۇنداق مۇراسىمدا جەمەتنىڭ مويسىپىتلىرى ياكى نەسەبنامە يېزىش گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەر پۈتكەن نەسەبنامىلەرنى تارماق ئائىلىلەرگە تارقىتىپ، نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئەجدادلار ئىزىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق، ... قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا جەمەت ئەزالىرىغا چۈشەنچە بېرىشلىرى لازىم.

جەمەت نەسەبنامىسى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش داۋامىدا ئېرىشىلگەن نۇرغۇن ماددىي ماتېرىياللار نەسەبنامىنى يېزىش مەشغۇلاتى تاماملانغاندىن كېيىن كېرەكسىز نەرسىگە ئايلانماستىن، ئەكسىچە جەمەتنىڭ تارىخىغا ئائىت يادىكارلىقلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا تەتقىقات ۋە يېزىش خىزمىتى تاماملانغاندىن كېيىن، جەمەت تارىخىغا ئائىت ماددىي بويۇملارنى قانداق ساقلاش ۋە رەتلەشمۇ مۇھىم خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىدە ھسانىلىش زۆرۈر بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلارنى قەدىرلەپ ساقلاشنىڭ يولى دەل ئائىلە تەۋەررۇكلىرى ئامبىرى ياكى جەملىمىسىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

ھەربىر ئائىلىدە ئاتا-ئانا بولغۇچىلار راھەتلىك تۇرالغۇ بەرپا قىلىشقا تىرىشقاندىن باشقا، مەلۇم بويۇملارنى باللىرىنىڭ تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلىشى ئۈچۈن تەييارلاپ قويىدۇ. ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەرزەنتلەر ئۇزلىرى ياقتۇرغان بەزى نەرسىلەرنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلىشى ۋە ئىشلىتىشى مۇمكىن. يەنە بەزى كىشىلەر ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان

تەۋەررۈكلەرنى تاشلىۋېتىشى ياكى سېتىۋېتىشى مۇمكىن. ناۋادا موشۇنداق تەۋەررۈكلەر جەمەت تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تونۇلۇپ قەدىرلەنسە، ئۇنداقتا ئەۋلادلار ئۇ نەرسىلەرنى تېپىشمۇ ئەقلىي يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى مۇمكىن. ئەجدادلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن ھەر قانداق بىر ماددىي بويۇم ئائىلە تەۋەررۈكلىرى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. جۈملىدىن ئائىلە تەۋەررۈكلىرى تەۋەررۈك سۈرەتلەر، كېيىم-كېچەكلەر، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ھۈنەر-كەسىپ سايمانلىرى، ئاشخانا جابدۇقلىرى، سېلىنچىلار، زىبۇ-زىننەتلەر، ئۆي-جاھازلىرى، كىتاب، دىنىي بويۇملار، سازلار،... نى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. خۇددى ئالدىنقى سەھىپىلەردە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئائىلە تەۋەررۈكلىرىنى نەسەبنامە يېزىش جەريانىدا پايدىلانغاندىن باشقا، ئىشتىن كېيىن ئۇلارنى ياخشى ساقلاش، ھەر بىرىگە تەرتىپ نومۇرى بەلگىلەش، ئۇلارنىڭ تارىخى، ئىشلەتكۈچىلەر ۋە باشقا تەپسىلاتلار توغرىسىدا يازمىچە قىسقىچە ئىزاھ بېرىش لازىم. ئۇلار ھەققىدىكى ئىزاھ مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ:

(1) تەۋەررۈك بويۇمنىڭ ئىسمى ۋە نومۇرى

(2) ئۇنىڭ كىم تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەنلىكى ياكى سېتىۋېلىنغانلىقى؛

(3) تەۋەررۈك بويۇمنىڭ ئەھۋالى: سىياقى، ئىشلىتىلىش ئورنى، ئالاھىدىلىكلىرى، كەم جايلىرى، رەڭگى،...

(4) شۇ تەۋەررۈكنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت بەزى ئۇچۇرلار؛

(5) ئۇنىڭ كىمگە مىراس بولۇپ قالغانلىقى ياكى سېتىۋېتىلگەنلىكى؛

جەمەت دائىرىسىدىن تېپىلغان تەۋەررۈك بويۇملار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك تۈرگە ئايرىلىپ رەت نومۇر قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇبدان ساقلىنىشى زۆرۈر. چۈنكى ئۇلار ئەجدادلارنىڭ تارىخىدىن ئۇچۇر بەرگۈچى ئەمەلىي ماتېرىيال بولۇش سۈپىتىدە، نەسەبنامىدىكى خاتىرىلەرنىڭ چىنلىقىنى ئىشارە قىلىپ تۇرىدۇ. ناۋادا بۇنداق تەۋەررۈكلەرنىڭ سانى كۆپ بولسا، ئۇلارنى ئائىلە - جەمەت

مۇزېيى قۇرۇپ ساقلاش شەكلىدە ئاسراشقىمۇ بولىدۇ.

## 8. نەسەبنامىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش، ساقلاش ۋە پايدىلىنىش

بىر خەلقنىڭ ئائىلىۋى ھاياتىنىڭ ئەندىزىلىرىنى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم يوللىرىدىن بىرى — شۇ خەلقتە يېزىلىدىغان نەسەب خاتىرىلىرىنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىپ ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىشتۇر. تارىخى ئۈستىدە مۇلاھىزە ۋە مۇنازىرە يۈرگۈزۈش ھەم سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرىدىكى مەقسەدكە يېتىش مۇمكىن.

قائىدە بويىچە بولغاندا، نەسەبنامىلەر قەرەللىك رەۋىشتە تۈزىتىلىپ، تولۇقلىنىپ بارغاندىلا، ئاندىن جەمەت تارىخىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئېنىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. نەسەبنامىلەر ئادەتتە دەسلەپتە تۈزۈلىپلا تاشلاپ قويۇلسا بولمايدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەردە قەدىمدە ھەر خىل شەكىلدىكى نەسەب خاتىرىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ كۈچىنچى مىللەتلەردە، جۈملىدىن مەرىپەت سەۋىيىسى ئالغا كەتكەن مىللەتلەردە سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، كۆپىنچە نەسەبنامىلەر تۈزىتىلىپ تولۇقلانمىغاچقا، ئۇلار تارىخ ئېقىنى ئىچىدە يوقاپ كەتكەن ياكى قەدىمي رىۋايەتلەر سۈپىتىدە توختاپ قالغان.

ئەستايىدىل ماتېرىيال توپلاش ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈزۈش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن نەسەبنامە تەبىئىي رەۋىشتە جەمەت ئەزالىرى قەدىرلەيدىغان ۋە ساقلايدىغان ئەتىۋارلىق تەۋەررۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. نەسەبنامىلەرنىڭ رولىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئۇنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى ۋەجىدىن، نەسەبنامىلەرنىڭ ئىچىگە ئەسلىدىنلا نەسەبنامىنى ساقلاشقا ئائىت ئىزاھلىق چۈشەندۈرۈش يېزىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا جەمەت ئەزالىرىنىڭ نەسەبنامىنى ئۆز جەمەتىنىڭ مۇھىم بايلىقى تەرزىدە قاراپ، ياخشى ئاسرىسى ۋە ئوبدان ساقلىشى كېرەك. ئىلگىرىكى خەنزۇلارنىڭ بەزى نەسەبنامىلىرىدىكى نەسەبنامىنى ساقلاشقا ئائىت

تەلەپلەردە نەسەبنامىنى باشقا جەمەت كىشىلىرىگە ئاسانلىقچە كۆرسەتمەسلىك، ئارىيەتكە بەرمەسلىك، يۇتتۇرىۋەتمەسلىك، ... تەك بىر قاتار تەلەپلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە، نەسەبنامىنى ساقلاش ۋە قوغداش ئۇنى تۈزۈپ تارقىتىپ بولغاندىن كېيىنلا باشلىنىدۇ. نەسەبنامىلەرنىڭ ئوبدان ساقلىنىشىغان كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى بەزى نەسەبنامىلەردە ھەر بىر نەسەبنامىگە رەت نومۇرى قويۇلغاندىن باشقا، يەنە نەسەبنامەنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ۋە ساقلىغۇچىلارنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان، مۆھۈرلىرى بېسىلغان. نەسەبنامىلەرنى تاپشۇرۇۋالغۇچىلار نەسەبنامىلەرنى ساقلاشتىكى زور مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنى بۇزۇۋېتىشتىن قەتئىي چەكلەنگەندىن باشقا، يەنە نەسەب ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزلىكىدىن بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ، كۈيە چۈشۈپ تىتىلىپ كېتىشىنىڭ، سۇدا ئېقىپ، ئوتتا كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. شۇڭلاشقا، بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇ ۋە غەرپ مىللەتلىرىدە تارىخى بىر قانچە يۈز يىللىق، ھەتتا مىڭ يىللىق تارىخى بار نەسەبنامىلەر ساقلىنىپ تۇرماقتا. نەسەبنامىلەرنى ساقلاش ئىشىدا نەسەبنامىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، نەسەبنامىلەر ئىچىدە بىر جەمەتىنىڭ ئەجدادلىرى ۋە تارىخىغا ئالاقىدار مۇھىم ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ناۋادا نەسەبنامىلەر باشقا كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىكەن، ئۇنداقتا يامان نىيەتلىك كىشىلەر بۇ خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرىشى، ئۇرۇق - تۇغقان سىياقىغا كىرىۋېلىپ نەپ ئۈندۈرۈشكە ئۇرۇنىشى، نەسەبنامىلەرنى سېتىۋېتىشى، كۆچۈرۈپ تارقىتىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن. شۇڭلاشقا نەسەبنامىلەرنى خالىغان كىشىگە كۆرسەتمەسلىك، خالىغان كىشىنىڭ تەكشۈرىشىگە بەرمەسلىك كېرەك. نەسەبنامىلەرنى جەمەتكە تەۋە تارماق ئائىلىلەردە ساقلاشتا، ئۇنى خالىغانچە ئوقۇپ، خالىغانچە سۆزلەپ يۈرىيدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماستىن، ئۇنى جەمەتىنىڭ بايلىقى، ئاز-تولا مەخپىيەتلىكى بار قەدىرلىك نەرسە سۈپىتىدە تونۇپ، ھالقىلىق ئەھۋالدا پايدىلىنىش كېرەك.

جەمەت نەسەبنامىلىرىنى شەخسلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە تەتقىقاتچىلارغا مەنپەئەتلىك بولۇشى

مەقسىدىدە ساقلاشنىڭ بىرقانچە خىل يولى بار. بىرى، يېزىلىپ پۈتكەن نەسەبنامىنى كۆپەيتىپ، جەمەتكە تەۋە تارماق ئائىلىلەرگە بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ ساقلاش، يەنە بىرى، نەسەبنامىلەرنى ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ئارخىپخانىلىرىدا ساقلاش. بىز ئىككىنچى خىل ئىمكانىيەتكە ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما غەربتە جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىلىرىنى مەخسۇس ساقلايدىغان ۋە نەسەبنامىلەرنىڭ ئىگىلىرىنىڭ رۇخستى بويىچە نەسەبنامىلەردىن كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئورگانلار بار. ناۋادا دىيارىمىزدىمۇ شۇ خىلدىكى ئورگانلار قۇرۇلسا، ئۇنداقتا نەسەبنامە ئىگىلىرى نەسەبنامىلەرنى شۇ ئورگانلارنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرغاندا، ئۇلار بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى ۋە هوقۇقىغا چېتىلىدىغان بارلىق ئىشلار توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈۋېلىشى لازىم.

نەسەبنامىلەرنىڭ سىرتقا تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، يەنە بىر نەسەبنامە تولۇقلاپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى نەسەبنامىلەرنى تولۇق يىغىپ كېلىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسى بار مىللەتلەردە نەسەبنامىلەر تۈزىتىلىپ تولۇقلانغاندىن كېيىن، كونا نەسەبنامىلەرتولۇق يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلەتتى. خەنزۇ مىللىتىنىڭ نەسەبنامىچىلىك ئەنئەنىسىدە ەسەبنامە ساقلاشنىڭ تۈزۈملىرى بەك قاتتىق بولۇپ، خەنزۇلاردا "ئالتۇننى ئارىيەتكە بېرىشكە بولىدۇكى، نەسەبنامىنى ئارىيەتكە بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ" دېگەن قاراش كەڭ ئومۇملاشقان. شۇنداق بولغاچقا، نەسەبشۇناسلار ۋە باشقا كىشىلەر خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن نەسەبنامىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالماي كەلمەكتە.

ئەلۋەتتە، نەسەبنامىلەرنى قاتتىق ساقلاپ، سىرتقا تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. يەنى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر جەمەتتىكى تارماق ئائىلىلەر كۆنسېرى كۆپىيىپ، تارماق جەمەتلەرگە ئايلانغاندا، شۇنداقلا ھەر بىر تارماق جەمەت كېيىنكى چاغلاردا يېڭىدىن نەسەبنامە تۈزمەكچى بولغاندا، ئۆزلىرى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە

جەمەتلەردە بار بولغان نەسەبنامىلەرنى ئارىيەتكە ئېلىپ پايدىلىنىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا نەسەبنامىلەرنى قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە جەمەتلەرگە ئارىيەتكە بېرىپ تۇرۇش يېڭى نەسەبنامىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. يېقىنقى دەۋرلەردە خەنزۇلار ۋە غەرپتىكى مىللەتلەر ئۆز نەسەبنامىلىرىنى جەمەتى دائىرىسىدا ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى كۇتۇپخانىلار ۋە مۇزېيلارنىڭ ساقلىشىغا ھاۋالە قىلىدىغان يېڭىچە ئەھۋالمۇ شەكىللەنمەكتە.

ھازىرقى دەۋردىكى نەسەبنامىلەرگە قارىتا ئۇنداق قائىدىلەرنى بېكىتىش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردىمۇ، جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئۇنى جەزمەن ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشى تەلەب قىلىنىشى زۆرۈر. بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئۆزلىرى لايىق كۆرگەن ئەۋلادلىرىغا نەسەبنامىلەرنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش ھەققىدە ئوبدان تەۋسىيەلەرنى قالدۇرۇشلىرى كېرەك.

ئەمما شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، نەسەبنامە ھەرگىزمۇ بىر جەمەتنىڭ مەخپىي تارىخى ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، نەسەبنامىلەرنى ساقلاشقا تېگىشلىك ئېتىبار بەرگەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى تولۇق زاھىر قىلىشنىمۇ ئويلىششقا توغرا كېلىدۇ. بىر مەزگىللىك ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە يېزىشتىن كېيىن پۈتكەن نەسەبنامىنى پەقەت ئۇنى يازغۇچى كىشى ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بىر قانچە ئائىلە كىشىلىرىلا ئوقۇيدىغان نەرسە دەپ قاراش خاتادۇر. ئەمەلىيەتتە باشقا كىشىلەرمۇ شۇ نەسەبنامىنى ئوقۇش ئارقىلىق شۇ جەمەتنىڭ تارىخى ھەققىدە، شۇنداقلا نەسەبنامە يېزىش ئۇسۇلى ھەققىدە نۇرغۇن بىلىمگە ئېرىشىدۇ. جەمەت نەسەبنامىلىرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۆپەيتىپ كۇتۇپخانىلارغا قويۇش، توردا ئېلان قىلىش، نەسەبشۇناسلىق يىغىندىلىرى ۋە ئەنجۇمەنلىرىدە ئالماشتۇرۇش ـــ غەربتە، جۈملىدىن ئىنگلىز تىللىق دۆلەت ۋە خەلقلەردە خېلى كەڭ ئومۇملاشقان ئىشتۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىلىرى تولا كۆپ بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە بايان قىلمىدۇق.

نەسەبنامىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش (ياكى تۈزۈش) بولسا جەمەتتىكى ياشانغانلارنىڭ ۋاپات بولۇشى ھەم يېڭىدىن ئەۋلادلارنىڭ تۇغۇلۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەمەتنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە ھەم خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئىشلار كۆپەيگەندە، ئەسلىدىكى نەسەبنامە ياكى نەسەب خاتىرىسىگە ئالاقىدار يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ يېزىشتىن ئىبارەت بىر پائالىيەتتۇر. نەسەبنامىنى بىر خىل خاتىرە دەپ تونۇغان چېغىمىزدا، ئەمما ئۇ جەزمەن ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان تەسۋىرلا بولۇشى ناتايىن. نەسەبنامىلەرنى مەلۇم جەمەت ئەزاسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ (مۇھىمى ھاياتلىق تەرزىنىڭ) شەكىللىنىشىنى خۇلاسىلەيدىغان ۋە باھالايدىغان خاتىرە دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، نەسەبنامىلەرنى ھەر بىر قېتىم تولۇقلاپ تۈزۈش ۋە تۈزىتىش جەريانى ئەمەلىيەتتە ھەر خىل مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى تولۇقلاش ۋە قايتا شەرھلەش خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە، جەمەت نەسەبنامىسى ئادەتتە ھەر بىر بوغۇندا بىر قېتىم تولۇقلىنىپ يېڭىلىناتتى. ئەمما نەسەبنامىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش ھە دېگەندىلا خالىغان ۋاقىتتا ئېلىپ بارىدىغان ئىش بولماستىن، ئەنئەنىۋي قائىدىلەردە ئادەتتە نەسەبنامىنى قايتا تۈزۈش ياكى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى 10 يىلدىن 30 يىلغىچە بولۇپ كەلگەن. ئىلگىرىكى نەسەبنامىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرەر يۈز يىلغىچە تولۇقلانمىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. نەسەبنامىنى تولۇقلاش ياكى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشنىڭ ۋاقتى ھەققىدە ھەر بىر جەمەتنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىلىمىسى ھەم بار بولغان. بەزى مىللەتلەردە (جۇملىدىن خەنزۇلاردا) نەسەبنامىنى تولۇقلاپ يازغاندا، جەمەت دائىرىسىدە كۆلىمى چوڭراق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇنداق مۇراسىم جەريانلىرىدا جەمەت ئىچىدىكى چوڭلار ۋە بىلىملىك كىشىلەر تەرىپىدىن نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنلىرى تولۇقلانغان ھەمدە بىر قاتار مۇراسىملار ئارقىلىق كونا نەسەب خاتىرىلىرى يىغىۋېلىنىپ يېڭىدىن تولۇقلانغان نەسەبنامىلەر جەمەتتىكى تارماق ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە جەمەت نەسەبنامىلىرىنى شۇ جەمەتنىڭ

كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرماسلىقى ئۇلارنىڭ جەمەتىگە سادىق بولمىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قارالغان. نەسەبنامە تۈزۈش بىر تۈرلۈك مۇشكۈل ئىش بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇنى كۆپىنچە بىر جەمەت ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق، كۆپتىن خەۋىرى بار كىشلەر يازىدۇ ۋە ساقلايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، بىلىملىكلەر چىقمىغان جەمەتنىڭ نەسەبنامىسى داۋاملاشتۇرۇلماي ئۈزۈلۈپ قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئۆتكەن دەۋرلەردە مۇتلەق كۆپ قىسىم جەمەت ياكى ئائىلىلەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كىلەلمەسلىكى دەل شۇ سەۋەبتىندۇر.

خۇددى يۇقىرىقى سەھىپىلەردە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، نەسەبنامە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تولۇقلىنىپ يېزىلىشى كېرەك. ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە، يېزىلىپ بولغان نەسەبنامىنى جەمەتتىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مەلۇم ۋاقىت ئارىلىقىدا بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تولۇقلاپ تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. سەرگۈزەشتىلىرىدە زور ئۆزگىرىش بولغان، شاخچە قانداش ئائىلىلىرى كۆپرەك جەمەتلەر ئۈچۈن، جەمەت نەسەبنامىسىنى تولۇقلاپ يېزىشنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى قىسقىراق بولۇشى، زور ئۆزگىرىشلەر بولمىغان كىچىكرەك جەمەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا نەسەبنامىنى تولۇقلاپ يېزىشنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى ئۇزۇنراق بولۇشى مۇقەررەر. ئەمما، دەسلەپتىلا چۈۋالچاق، كەمتۈك يېزىلىپ قالغان نەسەبنامىلەرنى بەزىدە 15 ياكى 30 يىلنى ساقلاپ تۇرماي تولۇقلاپ مېڭىش، قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلىش يۇقۇرىقى قائىدىگە مۇخالىپ كەلمەيدۇ. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە، جەمەت نەسەبنامىسىنى تولۇقلاپ يېزىپ داۋاملاشتۇرالماسلىق ـ ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلىرىغا قىلغان ۋاپاسىزلىقىدىن بىر ئىپادە دەپ قارىلاتتى، دەپ ئېيتقانىدۇق. دېمەكچىمىزكى، نەسەبنامە تۈزۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ساقلاپ قىلىشتا ئەۋلادلاردا ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدە چوڭقۇرراق تەسرات، جۈملىدىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى جەزمەن يېتىلدۈرۈش، نەسەبنامىنى تولۇقلاپ يېزىشنىڭ مەنپەئەتلىرى، تاشلاپ قويۇشنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە تەربىيە ئىشلەش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، مۇندىن يۈز ھەتتا نەچچە يۈز يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادلار زور بىر تۈركۈم نەسەب

خاتىرىلىرى بايلىقىغا ئىرىشىدىغان، مىللەت، جەمەت ۋە ئائىلە تارىخىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ چۈشىنەلەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

بەزى مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى نەسەب خاتىرىلىرى يېڭىلانغان، تولۇقلانغان چاغدا، شۇ جەمەت ئىچىدىكى ۋاپاسىز، ئىبرەتلىك شەخسلەرنىڭ نامى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى يوشۇرۇلۇپ، ئۇلار نەسەبنامىدە «پۇستانە»، «پۇكۇنى»، «مەلۇم بىرى»... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنەتتى، ياكى « ... نىڭ دادىسى»، « ... نىڭ بالىسى» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ شان ـ شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان ئىبرەتلىك قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى نەسەبنامىگە خاتىرىلەنمەيتتى. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، نەسەبنامىدىن ئىسمى ۋە ئىش ـ پائالىيىتى ئۆچۈرۈلۈپ تاشلاشنى جەمەتنىڭ بىر ئەزاسىغا بەرگەن ئەڭ ئېغىر جازاسى سۈپىتىدە تونۇش بولسا بەزى مىللەتلەرنىڭ جەمەتچىلىك ئەنئەنىسىدىكى ئەھۋال ھېسابلانغان. جەمەت ئەزالىرى ئىچىدىكى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن، جەمەتنىڭ شان ـ شەرىپىنى دەپسەندە قىلغان، جەمەتنىڭ ئابرويىنى بىلىپ تۇرۇپ يوقاتقان، شۇنداقلا باشقا سەلبىي شەرتلەرنى ھازىرلىغان شەخسكە قارىتا جەمەتنىڭ بېرىدىغان جازاسى ئۇنىڭ جەمەت فامىلىسىنى ئىشلىتىشكە يول قويماسلىق، نەسەبنامىدىن ئىسىم ـ شەرىپىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ جەمەت ئىچىدىن ئالىدىغان ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىش قاتارلىقلار بولغان. گەرچە بۇ «جازا»لار سەل ئېغىر كەتكەندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما جەمەتلەر دائىرىسىدە نەسەبنامىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابروينى قوغداش، شۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇنداق جازالار ئىجابىي روللارنى ئوينىشى مۇمكىن.

# بەشىنچى بۆلۈم: ئائىلە ـ جەمەت شەجەرىسى

## 1. شەجەرە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئائىلە ـ جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى ـ شەجەرىدۇر. «شەجەرە» ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، مەنىسى «بىر تۈپ دەرەخ » دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئۇقۇم «شجرة النسب» (شەجەرەتۇن نەسەب ــ نەسەب دەرىخى) شەكلىدە ئىشلىتىلىپ، "ئائىلە ياكى جەمەت نەسەبنامىسىدە بايان قىلىنغان قانداش ئەۋلادلارنى دەرەخ شاخلىرى شەكلىدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان سخېما " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارغا «شەجەرە» ئاتالغۇسى خۇددى «نەسەبنامە» ئۇقۇمىغا ئوخشاشلا، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن بۇرۇن كىرىپ كەلگەن. ياۋروپا مىللەتلىرىدە ئائىلە ياكى جەمەت شەجەرىسى «family tree» («ئائىلە دەرىخى» مەنىسىدە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز بەزىدە يەنە «نەسەبنامە» ئىبارىسىگە تەڭداش مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

جەمەت شەجەرىسى بىر جەمەتكە مەنسۇپ كىشلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان سخېما ياكى دىئاگراما بولۇش بىلەن، ئۇ يازما شەكلىدىكى نەسەبنامىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەردە ئائىلە شەجەرىسى تۈرغۇزۇش ئەنئەنىگە ئايلانغان. ھازىرقى زامان نەسەبشۇناسلىقىدا شەكلى ھەر خىل، كۆركەم، ھەر قانداق جەمەتنىڭ ئەجدادلىرىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئېپادە قىلالايدىغان تۈرلۈك شەجەرە سخېمىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان ۋە چىقماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئائىلە ـ جەمەت شەجەرىسىنى ئاپتوماتىك سىزىپ چىقىرىپ بېرىدىغان شەجەرە يۇمشاق دېتاللىرىمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

شەجەرە ـ نەسەبنامە ئىچىدىكى مۇھىم بىر تەركىب، شۇنداقلا جەمەت ئىچىدىكى كىشلەرنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ئوبرازلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سخېمىدۇر.

نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسى بار بولغان مىللەتلەردە نەسەبنامىلەر ئىچىگە مۇتلەق كۆپ ئەھۋالدا شەجەرە قىستۇرۇلغان. بەزى جەمەتلەر ئەجدادلىرى ھەققىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى دەسلەپىدىن باشلاپلا يېزىپ قالدۇرمىغان، بەلكى نوقۇل شەجەرە تۈزۈشكىلا ئېتىبار بەرگەن بولغاچقا، بۇنداق نەسەبنامىلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت شەجەرىلا بار بولۇپ، ھەر قايسى ئەجدادلار ھەققىدىكى تەپسىلىي خاتىرە يوقتۇر. مەيلى قانداق بولسۇن، شەجەرە نەسەبنامە ئىچىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر مەزمۇندۇر.

خەلقئارا نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىدە جەمەت شەجەرىسىدىكى شەخسلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان بىر قاتار سىمۋوللۇق بەلگىلەر قېلىپلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇ بويىچە، ئەر جىنسلىق كىشىلەر ئۈچۈن كۋادرات شەكلى، ئايال جىنسلىق كىشىلەر ئۈچۈن چەمبەر شەكلى تاللاپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇنىڭدا يەنە بىر تۈز سىزىق قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەشكە، ئىككى پاراللېل سىزىقچە (تەڭلىك بەلگىسى) نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. بوغۇن پەرقى بولسا پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاستىغا قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

تۆۋەندە نەسەبنامە ۋە شەجەرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم شەرتلىك بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى قىسقىچە ئىزاھلايمىز.

□ بۇ بەلگە جەمەت ئىچىدىكى ئەر جىنسلىق شەخسلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛


△ بۇ بەلگە جىنسى نامەلۇم بولغان شەخسلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

○ بۇ بەلگە جەمەت ئىچىدىكى ئايال جىنسلىق شەخسلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

——— بۇ بەلگە بىر بىرى بىلەن توي قىلغان ئەر - ئاياللارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

-------- بۇ بەلگە قىسقا مەزگىل نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئۈرنىتىپ. پەرزەنتلىك بولمايلا ئاجرىشىپ كەتكەن ئەر ۋە ئاياللىنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ بەلگە ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار بىلەن پەرزەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.




بۇ بەلگە ئەر ـ خوتۇنلار بىلەن نىكاھسىز تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛


بۇ بەلگە بىر كىشى (ياكى بىر جۈپ ئەر خوتۇن) بىلەن ئۇلار بېقىۋالغان پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛




بۇ بەلگە پەرزەنتلىك بولماي ئۆلۈپ كەتكەن ئەر جىنسلىق ئەجدادنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛



بۇ بەلگە پەرزەنتلىك بولماي ئۆلۈپ كەتكەن ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛




بۇ ئىككى بەلگە ئەۋلاد قالدۇرمايلا ئۆلۈپ كەتكەن ئەر جىنسلىق ئەجدادنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ناۋادا ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىكى يېشى يېزىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئىككىنچى بەلگە ئىشلىتىلىپ، ئوتتۇرىسىغا يېشى يېزىلىدۇ.





بۇ ئىككى بەلگە ئەۋلاد قالدۇرمايلا ئۆلۈپ كەتكەن ئايال جىنسلىق ئەجدادنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ناۋادا ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ


ئۆلۈپ كەتكەندىكى يېشى يېزىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئىككىنچى بەلگە ئىشلىتىلىپ، ئوتتۇرىسىغا يېشى يېزىلىدۇ.




بۇ بەلگە قورساقتىن چۈشۈپ كەتكەن پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛




بۇ بەلگە تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛





بۇنىڭدىكى ئەر بىلەن خوتۇننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان سىزىقنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن سىزىقچە بۇ ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئايرىلىپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. سىزىقچىنىڭ يېنىغا ئۇلار ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقىتنى سان بىلەن قىستۇرۇپ قويۇشقا بولىدۇ.





بۇ بەلگە ئاجرىشىپ كەتكەن ئەر خوتۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئەر ۋە خوتۇن ئىككى كىشىنى تۇتاشتۇرىدىغان سىزىقنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان سانلار ئۇلارنىڭ ئاجراشقان چاغدىكى يېشىنى بىلدۈرىدۇ.




بۇ بەلگە نىكاھسىز بىللە تۇرغان ئەر ۋە ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛




بۇ بەلگە قوش كېزەك ئاكا - ئۇكىلارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛




بۇ بەلگە بىر جىنستىن بولمىغان قوشكېزەك پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛




بۇ بەلگە قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىللارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛



بۇ بەلگە ئۆز ـ ئارا نىكاھلانغان ئەر ـ خوتۇنلار (سىپمىدىن بۇ ئەر ۋە خوتۇننىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدەك مەنا بىلدۈرۈلگەن.) دىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش تەرتىپىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاستىنقى چەمبەر شەكلى تۇنجى تۇغۇلغان قىز پەرزەنتكە، سول تەرەپتىكى ئۈچ كاتەكچە بولسا ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىم تۇغۇلغان ئوغۇل پەرزەنتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، يېزىقنىڭ يېزىلىش يۆنىلىشى سولدىن باشلىنىدىغان مىللەتلەردە يۆنىلىش يۇقىرىقىنىڭ تەتۈرىسىچە بولىدۇ.



يۇقىرىقى سخېمىدىن ئىگىلىگەن چۈشەنچە ئاساسىدا، ئوقۇرمەنلەر تۆۋەندىكى سخېمىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلىگەن مەزمۇننى قىياس قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭدا كەتەكچى ياكى چەمبەرلەرنىڭ يېنىغا ياكى ئاستىغا يېزىلغان ۋاقىتلار شۇ شەخسلەر تۇغۇلغان يىلنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، سخېمىدىكى مۇناسىپ جايلارغا ئىكاھلانغان ۋاقىتلار، شەخسلەر ۋاپات بولغان ۋاقىتلار (ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ۋاپا بولغاندىكى ياش سانى كاتەكچە ياكى چەمبەر ئىچىگە يېزىلىدۇ.) نى سىېمىگە كىرگۈزىۋېتىشكە بولىدۇ.




يۇقىرىقى شەرتلىك بەلگىلەرنى شەجەرىدە شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق ئىشلىتىش شەجەرىچىلىكنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىسى كۆپ ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە شەجەرىسىنىڭ خىلمۇ ـ خىل شەكلى بار. شەجەرىنىڭ شەكىللىرى نوقۇل شەكىل گۈزەللىكى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى شۇ شەجەرە سخېمىلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇ بويىچە:

1. شەجەرە سخېمىسىدا يۆنىلىشنىڭ قانداق بولۇشىغا ئاساسەن مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) توغرا (گورىزېنتال) يۆنىلىشلىك شەجەرە: بۇنداق شەجەرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەجداد ـ ئەۋلادلىق تەرتىپى ئوڭدىن سولغا توغرا يۆنىلىشتە تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ. (دىققەت: يېزىقنىڭ يېزىلىش يۆنىلىشى سولدىن ئوڭغا بولىدىغان مىللەتلەردە يۆنىلىش يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە توغرا يۆنىلىشلىك شەجەرە سخېمىسىغا تەۋە بولىدۇ.) بۇنداق شەجەرىدە ھەر بىر شەخسنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا شۇ شەخسلەرنىڭ ھاياتىي خاتىرىسى (تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى)، لەقىمى، تەخەللۇسى، ئۇنۋانى، جۆرىسىنىڭ نامى، قەبرىگاھى قاتارلىقلار قىستۇرۇلسىمۇ بولىدۇ.

(2) تىك (ۋېرتىكال) يۆنىلىشلىك شەجەرە: بۇنداق شەجەرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەجداد ـ ئەۋلادلىق تەرتىپى تىك يۆنىلىشتە ئەجدادنىڭ ئاستىغا ئەۋلادلار تىزىلىدۇ. ھەممىسى تىك يۆنىلىشلىك كېسىشمە سىزىقلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. سخېما شەكلى ئوخشاشلا ئوڭدىن سولغا تىزىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى جەمەت مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەكىتلىنىدۇ.

2. شەجەرىنىڭ دەسلەپكى ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ، شەجەرىنى ئەجداد شەجەرىسى، ئەۋلاد شەجەرىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئەجداد شەجەرىسى: بۇ (بايقالغان) دەسلەپكى ئەجدادنى شەجەرىدىكى نەسەب زەنجىرىنىڭ مەنبەسى قىلىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بارلىق پەرزەنتلەر شەجەرە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا دەسلەپكى ئەجدادتىن قانچىلىك پەرزەنت ئاپىرىدە بولغان بولسا، شۇلارنىڭ ھەممىسى شەجەرە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا يەنە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىرى، دەسلەپكى ئەجدادتىن تۇغۇلغان ھەممە پەرزەنتلەر ۋە

ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى شەجەرىگە تىزىلسا، بۇ ئۇلچەملىك ئەجداد شەجەرىسى بولىدۇ. يەنە بىرى، ناۋادا دەسلەپكى ئەجدادنىڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلاد كىشلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئەۋلادلىرىلا تىزىلىپ، باشقا ئەۋلادلار، جۈملىدىن ئاخىرقى بىر ئەۋلاد كىشلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقا كىشلەر، يەنى تاغا ۋە هاممىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى شەجەرىگە تىزىلمىسا، ئۇنداقتا بۇنداق شەجەرە بىۋاستە ئەجداد شەجەرىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

(2) ئەۋلاد شەجەرىسى: بۇ مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى (يەنى ئاتىسى، ئانىسى، ئاتىسىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى، ئانىسىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى، ... ) تىزىپ كۆرسىتىلگەن شەجەرىنى كۆرسىتىدۇ.

(3) ئەجداد ـ ئەۋلاد شەجەرىسى: بۇ جەمەتتىكى مەلۇم بىر بوغۇندىكى ئەجداد (جۈملىدىن بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن) نى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئەجدادلىرى كۆرسىتىلىدىغان شەجەرە بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدىغان شەجەرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزىلىدىغان شەجەرە سخېمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

3. شەجەرىدە مەلۇم بىر كىشىنىڭ يالغۇز ئاتا تەرەپ ئەجدادلىرىلا تىزىپ كۆرسىتىلىشى ياكى ئاتا بىلەن ئانا هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تىزىپ كۆرسىتىلىشىگە ئاساسەن، شەجەرىنى تاق يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى ۋە قوش يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) تاق يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى: تاق يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى يەنە ئۆز ئىچىدىن ئاتا تەرەپ ئەجدادلىرىنىڭ شەجەرىسى ۋە ئانا تەرەپ ئەجدادلىرىنىڭ شەجەرىسى دەپ پەرقلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى شەجەرىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئاتىلىق ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىدىكى دەۋرلەرنىڭ مەهسۇلى بولغاچقا، ئەنئەنىۋي شەجەرىلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا بىر جەمەتتىكى ئەر جىنسلىق ئەجدادلارلا تىزىپ كۆرسىتىلگەن. بۇلار مەزكۇر شەجەرە سخېمىسىغا تەۋەدۇر. شەجەرىنىڭ يەنە بىر خىلىدا بىر جەمەتنىڭ ئانا تەرەپ ئەجدادلىرى تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما

بۇنداق شەجەرىدە يەنە مەلۇم جەمەتنىڭ ئانا تەرەپ ئەجدادلىرى ئىچىدىكى ئايال جىنسلىق ئەجدادلار تىزىپ كۆرسىتىلمەيدۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلىمۇ مەۋجۇد. ئەلۋەتتە بۇ شەجەرە تۈزگۈچىلەرنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) قوش يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى: قوش يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى بولسا نۆۋەتتىكى بىر كىشىنىڭ ئاتا تەرەپتىكى بارلىق ئەجدادلىرى ۋە ئانا تەرەپتىكى بارلىق ئەجدادلىرى تىزىپ كۆرسىتىلىدىغان شەجەرە سخېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئاتا تەرەپتىكى ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنى ۋە ئانا تەرەپتىكى ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنى شەجەرىدە كۆرسىتىش يەنە ئىككى خىل ئىش بولۇپ سانىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى كۆپىنچە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر شەجەرە سخېمىسىدا ئەجداد باشلانما قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بارلىق ئەۋلادلار (يەنى تارماق ئائىلىلەر) شەجەرىدە تىزىپ كۆرسىتىلىشى، ئۇلار ئىچىدە ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنىمۇ كۆرسەتكىلى بولۇشى مۇمكىن. يەنە مەلۇم شەجەرىلەردە مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ ئاتا ۋە ئانا تەرەپ ئەجدادلىرى ئىچىدىكى بارلىق ئەر جىنسلىق ۋە ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنىڭ ھەممىسىلا تىزىپ كۆرسىتىلىشى مۇمكىن. شەجەرىلەردە مەلۇم بولغان دەسلەپكى ئەر جىنسلىق ئەجدادتىن تۆرەلگەن بارلىق ئەر جىنسلىق ئەجدادلارلا تىزىپ كۆرسىتىلىشى ياكى بارلىق ئەر ھەم ئايال جىنسلىق ئەجدادلار تىزىپ كۆرسىتىلىشى مۇمكىن. كىشىلەر ئۆز جەمەتلىرىنىڭ تارىخىدىن بايقالغان ئەجدادلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئەر جىنسلىق ئەجدادلارنىلا شەجەرىگە كىرگۈزۈشنى زۆرۈرىيەت ۋە مۇمكىنىيەتكە قاراپ تاللىۋالىدۇ.

4. ئەجداد شەجەرىنى ئۇنىڭدا تىزىلىدىغان ئەجدادلارنىڭ سانى ۋە شەخس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن بىۋاستە ئەجداد شەجەرىسى ۋە مۇرەككەپ ئەجداد شەجەرىسى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) بىۋاستە ئەجداد شەجەرىسى: بۇ بىر كىشىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىنىلا كۆرسىتىپ

بېرىدىغان شەجەرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئۆز ئىچىدىن يەنە (A) ئاتا تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) نىلا تىزىپ كۆرسىتىدىغان شەجەرە؛ (B) ئاتا تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) بىلەن مومىلار (ئايال جىنسلىق ئەجدادلار) بىللە تىزىلىدىغان شەجەرە سېخىمىسى؛ (C) ئانا تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) نىلا تىزىپ كۆرسىتىدىغان شەجەرە؛ (D) ئانا تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) ۋە مومىلار (ئايال جىنسلىق ئەجدادلار) بىللە تىزىلىدىغان شەجەرە سېخىمىسى؛ (E) ئاتا ۋە ئانا ئىككى تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) ۋە مومىلار (ئايال ئەجدادلار) تىزىلىدىغان شەجەرە سېخىمىسى دەپ بەش تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

(2) مۇرەككەپ ئەجداد شەجەرىسى: مۇرەككەپ ئەجداد شەجەرىسى بىر كىشىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى بولغان بوۋىلار ۋە مومىلاردىن سىرت يەنە ئۇلارنىڭ قېرىنداش ۋە ھەمشىرەلىرى (يەنى ئەجداد تاغىلار ۋە ئەجداد ھاممىلار ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى) تىزىپ كۆرسىتىلىدىغان شەجەرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ خىل شەجەرە ئاز ئىشلىدۇ.

5. شەجەرە سېخىمىللىرىنىڭ كۆرۈنۈش شەكلىگە ئاساسەن شەجەرىلەرنى يەنە قوياش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى ( ئەۋلاد شەجەرىسى )، ئاي شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى ( ئەۋلاد شەجەرىسى )، دەرەخ شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى ( ئەجداد ھەم ئەۋلاد شەجەرىسى )، مۇنار (ياكى ئەپكەش) شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى ( ئەۋلاد شەجەرىسى ) ۋە يېرىم چەمبەر شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى ( ئەجداد ـ ئەۋلاد شەجەرىسى ) دەپ بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

6. شەجەرە سخېمىلىرىنىڭ بېزەكلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ بار ـ يوقلىقىغا ئاساسەن، شەجەرە سخېمىلىرىنى سىدام شەجەرە ۋە بېزەكلىك (گۈللۈك ياكى نەقىشلىك) شەجەرە دەپ ئايرىش مۇمكىن.

7. شەجەرە سخېمىلىرىنىڭ رەڭلىك ۋە رەڭسىزلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنى رەڭسىز (ئاق ـ قارا) شەجەرە رەڭلىك شەجەرە دەپ بۆلۈش مۇمكىن.

8. شەجەرە سخېمىلىرىغا سۇرەتلەرنىڭ (جۈملىدىن ئادەم سۇرەتلىرىنىڭ) قىستۇرۇلۇش ـ قىستۇرۇلماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنى سۇرەتسىز شەجەرە ۋە سۇرەتلىك شەجەرە دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

9. شەجەرىدە شەخسلەرنىڭ ئىسمىلا تىزىلىشى ياكى باشقا بەزى تەپسىلاتلارنىڭمۇ يېزىلىش ـ يېزىلماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنى يەنە شەخسلەرنىڭ نۇقۇل ئىسمى (ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسمى) لا يېزىلىدىغان شەجەرە سىخىمىسى ھەم شەخسلەرنىڭ ئىسمى بىلەن بىللە يەنە شەخسىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، تۇغۇلغان ئورنى، ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە ئورنى، ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى مەلۇماتلارمۇ يېزىلىدىغان شەجەرە سخېمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 2. شەجەرە سخېمىسىدىن ئۆرنەكلەر

شەجەرە سىزىش قارىماققا بىر قاتار سىزىقلار بىلەن ئەجدادلارنىڭ ئىسىملىرىنى تۇتاشتۇرۇپ قويسا بولىدىغان ئاددىي ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، ھەر بىر جەمەتتىكى ئەجدادلارنىڭ سانى، جۈملىدىن ھەر بىر ئەۋلادتىكى شەخسلەرنىڭ سانى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەجەرە جەزمەن ئاددىي سىزىقلار بىلەن سىزىلسا بولىۋېرىدىغان سخېما بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئاددىي ئىش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىر جەمەتنىڭ مۇكەممەل شەجەرىسىنى سىزىپ چىقىشتا، ئۇنى بىراقلا سىزىپ پۈتتۈرگىلى بولۇشى ناتايىن. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشنى ئاددىي دىئاگراممىلارنى سىزىشتىن باشلاپ، تەدرىجىي مۇرەككەپلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شەجەرە سىزىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن شەجەرىدە ئىشلىتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئەجداد ـ ئەۋلادلىق رېتى بويىچە ئۈچ بوغۇنلۇق ئەجداد شەجەرىسىگە تولدۇرۇش لازىم. ئەمما ئېنىقلانغان ئەجدادلار كۆپ بولسا، ئۇنداقتا ھەر بىر ئۈچ ئەۋلاد كىشى (يەنى بىر چوڭ ئائىلە) لەرنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ شەجەرە تۈزۈۋېلىپ، ئاندىن مۇشۇنداق تارماق ئائىلىلەرنىڭ شەجەرىسىنى بىرلەشتۈرسە بولىدۇ.


هازىرقى دەۋردە كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، غەربتە مەخسۇس شەجەرە سىزىدىغان يۇمشاق دېتاللار بارلىققا كەلگەن. شەجەرە يۇمشاق دېتالى نەسەب ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلەيدىغان، تۈرگە ئايرىپ ئاپتوماتىك رەۋىشتە شەجەرە سخېمىسى تۈزىدىغان ھەم ئۇنى ئېلان قىلىدىغان يۇمشاق دېتالدۇر. نەسەبنامە يۇمشاق دېتاللىرى شەخسلەرنىڭ تۇغۇلغان، توي قىلغان، ۋاپات بولغان، ... ۋاقىتلىرى، ئۇلارنىڭ جۈرلىرى ۋە پەرزەنتلىرى ھەمدە نەچچە بوغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى پايدىلانغىلى ھەم كۆرگىلى بولىدىغان يازما ۋە رەسىملىك ھۆججەت شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. شەجەرە يۇمشاق دېتاللىرى ھەر خىل شەجەرە سخېمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ ھەمدە شەجەرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلالايدۇ. ھازىر دۇنيادا كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان داڭلىق شەجەرە يۇمشاق دېتاللىرىدىن RootsMagic، Legacy Family Tree، GenoPro.، The Master Genealogist، Geneotree، Genbox Family History، Family Tree Maker، SmartDraw قاتارلىقلار بار. نۆۋەتتە شەجەرە سخېمىلىرىنى سىزىدىغان ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى كومپيۇتېر دېتاللىرى يوق بولۇپ، بۇنداق يۇمشاق دېتاللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ شەجەرىچىلىك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەھمىيىتى چوڭ خىزمەت بولۇپ قالغۇسى.

تۆۋەندە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىرقانچە شەجەرە سخېمىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

1. دەرەخ شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى


دەرەخ شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى ئەڭ دەسلەپتە قوللىنىلغان ۋە ئەسلىي مەنىسى بويىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان سخېمىسى بولۇپ، ئۇ ئەۋلاد شەجەرىسىگە تەۋەدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا بىر ئەجدادتىن تۆرەلگەن بارلىق ئەۋلادلار تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادتىن ئەۋلادلارنىڭ شاخلىنىپ چىقىشىنى بىر ئۇرۇق ياكى يىلتىزدىن بىر تۈپ دەرەخنىڭ شاخچىلاپ، يوپۇرماقلاپ كۆكلىشىگە، زورىيىپ بېرىشىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئائىلە شەجەرىسى تۈرۈغۇزۇشتا دەرەخ شەكلىنى تەدبىق قىلىشقا بولىدۇ. دەرەخ شەكىللىك ئائىلە شەجەرىسىنىڭ سخېمىسى

تۆۋەندىكىچە:




دەرەخ شەكىللىك شەجەرە سخېمىسىنى يەنە ئەجداد شەجەرىسى تەرزىدە تۈزۈشمۇ مۇمكىن.

بۇنىڭدا نۆۋەتتىكى پەرزەنت دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شاخ ۋە يوپۇرماقلار ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ ئاتا ۋە ئانا تەرەپتىكى بىۋاستە ئەجدادلىرى تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئەجدادلىرى 2، 4، 8، 16، ... تەرتىپتە كۆپىيىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، شاخ ۋە يوپۇرماقلار سىممېترىك ھالەتتە شەجەرىگە ئورۇنلىشىدۇ. خۇددى تۆۋەندىكىدەك:





دەرەخ شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى سەنئەتلىك، كۆرۈنىشى چىرايلىق ھەم ئوبرازلىق بولۇپ، ئۇ ئوبدان لايىھەلەنسە، بىر جەمەت ئىچىدىكى (شەجەرە تۈزگۈچى شەجەرىگە كىرگۈزۈشنى ئويلىغان) نۇرغۇن ئەزالارنى ئۇنىڭغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ئەمما شەجەرىدە تىزىلىدىغان ئەۋلادلار بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، دەرەخنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرىنى بەك كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ ـ دە، دەرەخ كېلەڭسىز بولۇپ قالىدۇ، لايىھەلەشمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ. دەرەخ شەكىللىك شەجەرە سخېمىسىنى سىزىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار شۇكى: بېكىتىلگەن دەسلەپكى ئەجداد دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر دەرەخنىڭ غول شاخلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇ بويىچە بولغاندا، دەسلەپكى ئەجدادنىڭ قانچە پەرزەنتى بولسا ياكى ئۇنىڭ

پەرزەنتلىرىدىن قانچىلىك كىشى بايقالغان بولسا، دەرەخنىڭ غول شېخىمۇ شۇنچە قىلىپ سىزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى يەنە تارماق شاخلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلسا بولىدۇ. مۇشۇنداق تەرزدە شاخلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەڭ ئەخىرقى ئەۋلادلار (نۆۋەتتە ياشاۋاتقان ئاخىرقى بوغۇن) نى يوپۇرماق شەكلىدىكى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. دەرەخ شاخلىرىنى ئەۋلاد سانىغا قاراپ تەڭشىگەندىن باشقا، ھەر بىر بوغۇننىڭ پەرقىنى "بوغۇن چېگرا سىزىقى" ئارقىلىق ياكى ئوخشىمىغان رەڭلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، شەكىل تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

2. مۇنار شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى

مۇنار شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى ئەۋلاد شەجەرىسىگە تەۋەدۇر. ئەمما ئۇنى يەنە ئەجداد شەجەرىسى شەكلىدە سىزىشقا، ھەتتا ئەجداد ـ ئەۋلاد شەجەرىسى شەكلىدە لايىھەلەشكىمۇ بولىدۇ. بۇ بوغۇن قاتلىمىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسىتىشكە بولىدىغان سخېما بولۇپ، ئۇنى تىك مۇنار شەكىللىك شەجەرە ۋە يانتۇ مۇنار شەكىللىك شەجەرە دەپ ئىككى جىلغا ئايرىش مۇمكىن.

تىك مۇنار شەكىللىك شەجەرىدە مۇنارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى تەرىپى شەجەرە تۈرگۈزگۈچىغا مەلۇم بولغان تۆنجى ئەجدادتىن باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن ئەۋلادلار مۇنارنىڭ ئاستىغا رەت تەرتىپى بويىچە تىزىلىدۇ. بىر ئەجدادتىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۈستىگە قاتلاملارغا ئايرىپ يېزىش بىلەن، مۇنار ئۈستىدىن ئاستىغا تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدۇ. تىك مۇنار شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى تۆۋەندىكىچە:




يانتۇ مۇنار شەكىللىك شەجەرىدە مۇنار (ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە) ئوڭدىن سولغا قىيسايغان  ھالەتتە ياتقۇزۇلىدۇ، بېكىتىلگەن دەسلەپكى ئەجداد مۇنارنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن ئەۋلادلار قاتلام بويىچە تەدرىجىي كېڭەيتىلىپ سولغا قاراپ تەرتىپ بويىچە تىزىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا مۇنارنىڭ ئۇچى ئوڭ تەرەپتە بولىدۇ، ئاخىرقى بوغۇنلار مۇنارنىڭ سول تەرىپى (يەنى ئەڭ كەڭ تەرىپى) دە بولىدۇ. مەزكۇر شەكىلنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى تىك مۇنار شەكىللىك شەجەرىنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ.

بۇنداق شەجەرە سخېمىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇنىڭدا دەسلەپكى ئەجدادتىن شاخلىنىپ چىققان نەچچە بوغۇن ئەۋلاد بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنى، شۇنداقلا ئەر جىنسلىق ئەجدادلارنىڭ جۆرىلىرىنىمۇ بىرلىكتە تىزىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ ئىسمى ئاستىغا رەسمىنى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى، ... قاتارلىقلارنىمۇ قىستۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ شەكىل يەنە سىزىشقا ئاساندۇر. مۇنار شەكىللىك شەجەرە سخېمىسىنىڭ كۆرۈنىشى ئانچە چىرايلىق بولماسلىقتەك كەمچىلىكى بار. بۇ شەكىلنى سىزغاندا ھەر بىر بوغۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى شەكىل پەرقىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى كاتەكچە ئىچىگە ئېلىش، ھەر بىر كاتەكچىنىڭ ئارىلىقىنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. يەنە بىر نۇقتا شۇكى، كاتەكچىلەردىكى ئەر جىنسلىق ۋە ئايال جىنسلىق كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى سىمۋوللۇق تەرزدە ئىپادىلىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئالدىنقى پاراگراپتىكى شەجەرە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سىمۋوللۇق بەلگىلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل شەجەرىدە ھەر بىر بوغۇننى ئوخشىمىغان رەڭلەر بىلەن بېزەش ئارقىلىق، بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

3. قۇياش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى

بىر جەمەتنىڭ بېكىتىلگەن دەسلەپكى ئەجدادىنى بىر چەمبەرنىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن شاخلىنىپ چىققان ئەۋلادلارنى چەمبەر مەركىزىنىڭ ئەتراپىغا بوغۇن تەرتىپى بويىچە

تەكشى سىزىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇنداق سخېمىنى "قۇياش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى" دەپ ئاتاش مۇمكىن. قۇياش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى ئەجداد شەجەرىسىگە تەۋە بولىدۇ. بۇنداق سخېمىدا قۇياش (چەمبەر) مەركىزىگە شەجەرە تۇرغۇزغۇچىغا مەلۇم بولغان تۇنجى ئەجداد ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇ ئەجدادتىن ئاپىرىدە بولغان ئەۋلادلار بوغۇن تەرتىپى بويىچە قۇياشتىن چىققان نۇر مەنىسىدىكى تارماق چەمبەرلەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ داۋام قىلدۇرۇلىدۇ. قۇياش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى تۆۋەندىكىچە:





بۇنداق شەجەرە سخېمىسىنىڭ شەكلى چىرايلىق بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى بوغۇن تەرتىپى بويىچە تەرتىپلىك تىزىپ، تارماق چەمبەرلەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇش بىر قەدەر قىيىندۇر. بۇ شەكىلدە بىكىتىلگەن دەسلەپكى ئەجداد ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان مەركەزدىكى چەمبەر ئۇنىڭدىن شاخلىنىپ چىققان تارماق چەمبەرلەردىن چوڭراق سىزىلىشى، تارماق چەمبەرلەر

شۇ چەمبەرلەر ۋەكىللىك قىلغان قېرىنداش ـ ھەمشىرىلەرنىڭ سانىغا قاراپ بېكىتىلىشى لازىم. يەنى، بىر چەمبەردىن بىر قانچە چەمبەرنى شاخلاتماقچى بولساق، شۇ چەمبەر ئىچىگە ئىسمى يېزىلغان كىشىنىڭ قانچە پەرزەنتى بولسا شۇنچە تارماق چەمبەر سىزىش كېرەك.


4. ھىلال ئاي شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى

ھىلال ئاي شەكىللىك شەجەرە سخېمىسىمۇ ئەۋلاد شەجەرىسىگە تەۋەدۇر. بۇ سىزىشقا بىر قەدەر مۇشكۈل سخىما بولسىمۇ، ئەمما ياخشى لايىھەلەنسە، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ۋە سىغىمچانلىقى يۇقىرى شەجەرە سخېمىسى بولۇپ بولۇپ پۈتىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ چوڭ ھىلال ئايغا شەجەرە تۈرغۇزغۇچىغا مەلۇم بولغان تۇنجى ئەجداد يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن ئەۋلادلار بوغۇن تەرتىپى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاي شولىسى شەكلىدىكى نۇر چەمبەرلىرى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھىلال ئاي شەكىللىك شەجەرە سخېمىسىنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:




5. يەلپۈگۈچسىمان شەجەرە سىخېمىسى:


يېرىم چەمبەر شەكلىنى دەل ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، ئوڭ تەرەپكە ئاتا جەمەت ئەجدادلارنى، سول تەرەپكە ئانا جەمەتتىكى ئەجدادلارنى بوغۇن قاتلىمى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ سىزىش ئارقىلىق، يەلپۈگۈچ شەكىللىك شەجەرە سىخېمىسىغا ئېرىشىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا ھەربىر بوغۇن ئىلگىرى سۈرۈلگەنسىرى ئەجدادلارنىڭ ئاتا ۋە ئانا تەرەپ ئەجدادلىرى ئوخشاشلا ئايرىم-ئايرىم يېزىلىدۇ. بۇ سىخېمىنى بايقالغان ئەجدادلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بوغۇننى ئىپادىلىگۈچى چەمبەرلەرنى داۋاملىق كېڭەيتىپ قوشۇشقا بولىدۇ. يەلپۈگۈچ شەكىللىك شەجەرە سىخېمىسى ئەجداد شەجەرىسىگە تەۋەدۇر. تۆۋەندىكىسى يەلپۈگۈچ شەكىللىك شەجەرىنىڭ بىر قانچە شەكلىدۇر:




بۇنداق شەجەرە سىخېمىسىدا بايقالغان بىۋاستە ئەجدادلار قانچە بوغۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى خۇددى يۇقىرىدىكى سىخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك چەمبەرنىڭ قاتلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. تۆۋەندىكىسى بولسا سەككىز بوغۇنلۇق يەلپۈگۈچسىمان شەجەرە سىخېمىسىدۇر.




چەمبەرسىمان شەجەرە سىخېمىسىنى يەنە مۇنداق سىزىشقىمۇ بولىدۇ:




## 6. قوش تەرەپلىك ئەجداد شەجەرىسى

بۇ بىر چەمبەر ياكى كەتەكچە ئىچىگە نۆۋەتتىكى (ياكى ئەڭ ئاخىرقى) بوغۇنغا تەۋە پەرزەنتنى


يېزىپ، ئىككى تەرەپتىكى كاتەكچە ياكە چەمبەر يايلىرى ئىچىگە بوۋا ۋە موما ئەجدادلارنى تەرتىپ ۋە قاتلام بويىچە تىزىپ شەكىللەندۈرىلىدىغان شەجەرە سخېمىسى بولۇپ، بۇمۇ ئەجداد شەجەرىسىگە تەۋەدۇر.






7. تىك ئەجداد شەجەرىسى

شەجەرە سخېمىسىگە نوقۇللا ئاتا جەمەتتىكى ئەر ۋە ئايال ئەجدادلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۇلارنىڭ باشقا قىسقىچە تەپسىلاتلىرى بىلەن بىللە كىرگۈزمەكچى بولغاندا، ئۇنداقتا ياندىكى سخېمىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ سخېمىدىكى ئەر ۋە خوتۇننىڭ ناملىرىنىڭ تېگىدىكى بوش ئورۇنغا شۇ كىشىلەرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەم ئورنى قاتارلىق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ سۈرىتى بار بولسا ئۇلارنىمۇ قىستۇرۇپ شەجەرە مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇشقا بولىدۇ.




8. كۆپ قېتىم نىكاھلانغانلار ئۈچۈن شەجەرە سخېمىسى

ئەجدادلار ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر (جۈملىدىن ئەرلەر ۋە ئاياللار) كۆپ قېتىم نىكاھلانغان بولۇشى ھەم ئەشۇ نىكاھلاردىن پەرزەنتلەر بار بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، مۇنداق مۇناسىۋەتنى شەجەرىدىمۇ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم. خەلقئارا نەسەبشۇناسلىقتا ئەۋلاد شەجەرىسىدە كۆپ قېتىم نىكاھلىق بولغانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.




يۇقىرىدىكى شەكىلدە بېرىلگەن ئۈستىدىكى ئىككى چەمبەر بىر ئەر ئىلگىرى ـ كېيىن نىكاھىغا ئالغان ئىككى ئايالنى كۆرسىتىدۇ. نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئاستىنقى ئىككى بۆلەكتىكى (1) ۋە (2) لەر ئايرىمى ـ ئايرىم ھالدا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خوتۇننى ھەم ئۇلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى نىكاھ قېتىم سانىنى يۇقىرىدىكى پرىنسىپ ئاساسىدا شەجەرە سخېمىسىدا ئوخشاشلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئايال كىشى ناۋادا كۆپ قېتىم نىكاھلانغان بولسا، ئوخشاشلا بۇنداق ئەھۋالنىمۇ شەجەرىدە كۆرسىتىشكە تامامەن بولىدۇ.

9. بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەر ئۈچۈن شەجەرە سخېمىسى

جەمەت نەسەبنامىسىدە ناۋادا بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنىڭ مەزكۇر مۇناسىۋىتى ئېنىق بايانى قىلىنغان بولسا، ئۇنداقتا بېقىۋېلىنغۇچى كىشى ئۈچۈن ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىسى ھەم ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى شەجەرىدە ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، ئۇنداقتا بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىدە بولمىغان ئەجداد ـ ئەۋلادلارنى تىزىپ كۆرسىتىدىغان يۇقىرىدىكى شەجەرە سخېمىلىرىنى ئىشلەتمەستىن، بەلكى مەزكۇر مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان شەجەرە شەكلىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بېقىۋېلىنغۇچى كىشى ئۈچۈن ناۋادا ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرىنى ۋە بېقىۋالغۇچى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا بىر شەجەرىدە كۆرسىتىشكە توغرا كەلگەندە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدە چەمبەر شەكىللىك شەجەرە شەكلىنى قوللىنىشى مۇۋاپىقتۇر.




بۇ شەكىلدە بېقىۋېلىنغان پەرزەنتنىڭ ئەسلىي ئائىلىسى بىلەن بېقىۋالغان ئائىلىدىكى ئەجدادلارنى بىرلا چەمبەر شەكىلدە كۆرسەتكىلى بولىدۇ. چەمبەرنىڭ يېرىمىدا ئەسلىي ئاتا ـ ئانا ۋە ئەجدادلىرى، قالغان يېرىمىدا بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى تولۇق كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرزەنت چەمبەر مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئورنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. يۇقىرىقى چەمبەرنى ئېنىقلانغان ئەجدادلارنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ كېڭەيتىشكە تامامەن بولىدۇ.

يۇقىرىدا خەلقئارادا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان شەجەرە سىخېمىلىرىدىن بىر قانچىنى تونۇشتۇردۇق. ئەلۋەتتە، شەجەرىنى قانداق شەكىلدە تۈزۈشكە مۇتلەق بىر خىل شەكىلنى بەلگىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. پرىنسىپ جەھەتتىن قارىغاندا بىر جەمەتتىكى بارلىق (ياكى بىر قىسىم) كىشىلەرنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق تەرتىپىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ھەر قانداق سىخېمىنى شەجەرە دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، جەمەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتى قانۇنىيەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش، شەجەرىمۇ خالىغان تەرتىپتە تۈزۈپ قويىدىغان قانۇنىيەتسىز نەرسە ئەمەستۇر. شەجەرىنى قانداق تۈزۈش ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەمەتتە بايقالغان ئەجدادلارنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى شەجەرىدە تىزىپ

كۆرستىش زۆرۈرىيىتى، شەجەرە تۈزگۈچىلەرنىڭ ئاتا تەرەپ ئەجدادلىرىنى ياكى ئۇنىڭدىكى ئۆزى بىلەن بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان كىشىلەرنىلا تىزىش ياكى ئاتا ـ ئانا ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئەجدادلارنى تىزىپ كۆرستىشتىكى خاھىشى قاتارلىقلارغا باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، شەجەرىنىڭ يۆنىلىشى ئەجدادتىن ئەۋلادقا قاراپ داۋاملىشامدۇ ياكى ئەۋلادتىن ئەجدادقا قاراپ داۋاملىشامدۇ، دېگەن بۇنداق ئويلىنىشمۇ شەجەرىنىڭ شەكلىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرستىدۇ.

جەمەت نەسەبنامىسىدە يۇقىرىدىكى شەجەرە سخېمىلىرىنىڭ قايسى خىللىرى قوللىنىلىشىدىن قەتئىينەزەر، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچىدىن، نەسەبنامىدە شەجەرە سخېمىلىرىدىن بىرىلا ئىشلىتىلىشى ناتايىن. يەنى، نەسەبنامىدىكى ھەر بىر بوغۇنغا ئائىت تەپسىلاتلار بۆلىكىدە شۇ بوغۇندىكى كىشىلەرنى ئاخىرىقى بوغۇن سۈپىتىدە تونۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككى بوغۇن ئەجدادى بىلەن قوشۇپ جەمئىي ئۈچ بوغۇنلۇق شەجەرە سخېمىسىنى سىزىپ قىستۇرۇشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاخىرىدا پۈتۈن جەمەتنىڭ نەسەب مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرقانچە شەجەرە سخېمىسى، جۈملىدىن بىر بىۋاستە ئەجدادلار شەجەرىسى، دەسلەپكى ئەجدادتىن تۆرەلگەن ئەۋلادلار شەجەرىسى، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەجەرە، بېقىۋېلىنغانلارنىڭ شەجەرىسى، .... قاتارلىقلارنى قىستۇرۇشقا بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قايسى خىلدىكى شەجەرە سخېمىسى ئىشلىتىلسۇن، ھەر بىر شەجەرىدىكى كاتەكچە ياكى چەمبەر ۋە باشقا ھەر قانداق شەخس ئىسمى يېزىلىدىغان جايلارغا شەىسىنىڭ ئىسمىنى يالغۇزلا يېزىش ياكى ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ يېزىشنى ھەر كىشى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. ئەمما شەخسلەرنىڭ تەخەللۇسى، فامىلىسىنى يېزىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. شەىسلەرنىڭ تەخەللۇسى، ھۆرمەت نامى، ياكى دىنىي ئەمەل نامىنى يېزىق قىسمىدا خاتىرلەش زۆرۈر بولىدۇ. فامىلىسىنى بولسا تېخىمۇ يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، نەسەبنامە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەجەرە ھامان «XXX فامىلىلىك جەمەتنىڭ

شەجەرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، فامىلىنىڭ شۇ نەسەبنامە ۋە شەجەرىدە خاتىرلەنگەن بارلىق شەخسلەرگە ئورتاق بولۇشى ئېتىبارى بىلەن، ئۇنى يەنە ھەر بىر شەخس ئىسمىنىڭ ئارقىسىدا تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە؛

2. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا فامىلە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە؛

3. ۋۇ چياڭخۋا: «نەسەبنامە»، چوڭچىڭ نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە؛

4. ۋاڭ چۈەنگېن: «جۇڭگو فامىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت يېشمى»، ئىتتىپاق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە؛

5. ئېرنېست L. چۇسكىي: «ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئانالىزى قوللانمىسى»، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېت نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئىككىنچى نەشرى، ئېنگلىزچە؛

6. لېسلى G. پاين: «نەسەبشۇناسلار ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ۋېيىبرايت ۋە تاللېي نەشرىياتى، ئامېرىكا، 1969 ـ يىلى نەشرى، ئېنگلىزچە؛

7. نوئېل كۇررېر برىگ: «دۇنياۋىي جەمەتلەر تارىخى»، رولتلېج ۋە كېگان پائۇل نەشرىياتى، بۈيۈك برىتانىيە، 1982 ـ يىلى نەشرى، ئېنگلىزچە؛

8. نوئېل كۇررېر برىگ ۋە رويىستون كامېر: «جەمەت تارىخشۇناسى»، ۋېب ۋە بوۋېر نەشرىياتى، بۈيۈك برىتانىيە، 1981 ـ يىلى نەشرى، ئېنگلىزچە؛

9. داۋىد ئېكشۇنگ ۋە مارتىي خارلان: «سىزنىڭ جەمەت تارىخىڭىز»، داۋىدسون نەشرىياتى، ئامېرىكا، 1978 ـ يىلى نەشرى، ئېنگلىزچە؛

10. تىموسىي فېلد ۋە دېنېس دېموڭ: «جەمەتىڭىزنىڭ يىلتىزىنى قانداق ئىزدەيسىز؟»، مېك كروۋ ھىل كىتابلار نەشرىياتى، ئامېرىكا، 1977 ـ يىلى، ئېنگلىزچە نەشرى؛

11. دونالد دىنېس: « ئىختىيارىي ۋە كەسىپىي نەسەبشۇناسلىق» ، نەسەبشۇناسلىق نەشرىياتى، ئامېرىكا، 1968 ـ يىلى، ئېنگلىزچە نەشرى؛

12. گىلبېرت H. دوئان: «ئەجدادلىرىڭىزنى ئىزدەڭ ـــ نەسەبشۇناسلىق بىلەن قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن شۇغۇللىنىمىز؟» ، مىننېسوتا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئامېرىكا، 1937 ـ يىلى نەشرى، ئېنگلىزچە؛

13. ئارتۇر چارلېس: «نىشان لايىھەلىرى» ، فوكس داۋىس براكېن نەشرىياتى، لوندون، 1988 ـ يىلى، ئېنگلىزچە نەشرى؛

14. http://en.wikipedia.org/wiki/Genealogy تورى؛

15. http://www.cyndislist.com/ تورى؛

16. www.familysearch.org تورى؛

17. www.genealogy.com تورى؛

18. www.genhomepage.com تورى؛

19. www.genealogy.about.com تورى؛

20. www.ancestry.com تورى؛

21. www.xgwz.cn/ تورى؛

# خاتىمە

كىشىلەرنىڭ ئائىلە (جەمەت) تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە بولغان قىزىقىشى سەۋەبىدىندۇر. ئائىلە (جەمەت) نىڭ تارىخى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىش يېقىنقى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئىش بولماستىن، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىرخىل ئالاھىدىلىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەر بىر كىشى ئۈچۈن كەم دېگەندىمۇ بىرخىل ئەھمىيەتلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولالايدۇ. بىز بۇ كىتابنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا كۈنسېرى ئويغىنىۋاتقان تارىخ ئېڭى ھەم فامىلە قوللىنىش يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كېلىۋاتقان ئەجدادلار ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىك بىلەن تەمىن ئېتىش، رايونىمىزنىڭ نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سېلىش ھەمدە كىشىلەرنىڭ نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئىلمىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىشىنى ئىلمىي يېتەكچىلىك بىلەن تەمىن ئېتىش مەقسىدىدە يېزىپ چىقتۇق. نەسەبشۇناسلىق ئىنسانىنىڭ شۇغۇللىنىش تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بەك قەدىمىي پەن، ئەمما ئىلمىي مەنىدە سىستېم ئېلىپ بېرىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا بىزدە ياش بىر پەن بولۇش سۈپىتىدە، بۇ كىتابىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى نەزەرىيەلىرى بويىچە ئىزدىنىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بولماستىن، بەلكى دەل ئەكسىچە باشلانغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ قالغۇسى. بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا كانادا كالگارى ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئىنسانشۇناسلىق فاكۇلتېتىدىكى دوكتۇر دويل خات **(Doyle Hatt)** ئەپەندى ماڭا كۆپ رىغبەت، نەزەرىيەۋىي يېتەكچىلىك ھەم ئەمەلىي نەسەبشۇناسلىق مەسىللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. مۇشۇ مۇناسىبەت بىلەن مەن دوكتۇر دويل خاتقا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. كىتاب يېزىلىش جەريانىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنىڭ چەكلىك بولۇشى ھەم ئىزدىنىشنىڭ تېيىز بولۇشىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كىتابتا بەزى نۇقسانلار ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشىنىمىزكى، مۇشۇ

خىلدىكى تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ تىرىلگۈسى ھەم ئومۇملاشقۇسى. شۇنداقلا رايونىمىزدىكى نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋەخەلقنىڭ ئۆز نەسەب ـ يىلتىزلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ئىشلىرى كۈنسايىن چوڭقۇرلاشقۇسى.

ـــــــ ئاپتوردىن.

2009 ـ يىلى 6 ـ ئاي